ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدى

# ئاتۇش

(1)



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى ،
ئۇيغۇر يېڭى مەكتەپ مائارىپى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ 120 يىللىقىنى
تەبرىكلەيمىز .

— ئىزچىلار كىتابخانىسى



ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدى

# ئاتۇش

(1)



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据
阿图什·1/阿布都热依木·阿西木著 — 喀什:喀什维吾尔文出版社,2005.3
ISBN 7-5373-1368-7
Ⅰ.阿… Ⅱ.阿 … Ⅲ.阿图什市—地方史—史料—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K 294.53
中国版相图书馆 CIP 数据核字(2005)第 021777 号

责任编辑:乌拉木·艾拜都拉
责任校对:拜合拉亚尔·加苏尔

阿图什

(1)

阿布都热依木·阿西木著

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾占孜路 14 号邮编:844000)
各地新华书店经销
乌鲁木齐光彩印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 8 印张 4 插页
2005 年 4 月第 1 版 2005 年 4 月第 1 次印刷
印数:1 — 5080 定价:14.00 元

图书在版编目(CIP)数据
阿图什·1/阿布都热依木·阿西木著 — 喀什:喀什维吾尔文出版社,2005.3
ISBN 7-5373-1368-7
Ⅰ.阿… Ⅱ.阿 … Ⅲ.阿图什市—地方史—史料—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.K 294.53
中国版相图书馆 CIP 数据核字(2005)第 021777 号

责任编辑:乌拉木·艾拜都拉
责任校对:拜合拉亚尔·加苏尔

阿图什
(1)
阿布都热依木·阿西木著

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾占孜路 14 号邮编:844000)
各地新华书店经销
乌鲁木齐光彩印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 8 印张 4 插页
2005 年 4 月第 1 版 2005 年 4 月第 1 次印刷
印数:1 — 5080 定价:14.00 元

图书在版编目(CIP)数据
阿图什·1/阿布都热依木·阿西木著 — 喀什:喀什维吾尔文出版社,2005.3
ISBN 7-5373-1368-7
Ⅰ. 阿… Ⅱ. 阿 … Ⅲ. 阿图什市—地方史—史料—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. K 294.53
中国版相图书馆 CIP 数据核字 (2005)第 021777 号

责任编辑:乌拉木·艾拜都拉
责任校对:拜合拉亚尔·加苏尔

阿图什

(1)

阿布都热依木·阿西木著

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾占孜路 14 号邮编:844000)
各地新华书店经销
乌鲁木齐光彩印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 8 印张 4 插页
2005 年 4 月第 1 版 2005 年 4 月第 1 次印刷
印数:1 — 5080 定价: 14.00 元





# مۇھەررىردىن

ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدى 1939- يىلى ئالتىن ئاتۇشنىڭ مەشھەد يېزىسىدا مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئائىلىسىدە ۋە ئاتۇش قۇمباغدىكى ئىپتىدائىي مەكتەپتە ساۋاتىنى چىقارغان، 1948- يىلىدىن 1953- يىلىغىچە مەشھەد باشلانغۇچ مەكتەپتە، 1955- يىلىغىچە ئاتۇش ناھىيىلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، 1959- يىلى سابىق شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، 1960- يىلىغىچە شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتىدا تەھرىرلىك خىزمىتى ئىشلىگەن، 1992- يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك تولۇق ئوتتۇرا (ھازىرقى ئۇيغۇر تولۇق ئوتتۇرا) مەكتەپتە ئوقۇتقۇچى ۋە ئوقۇتۇش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىدە كۆپ رىيازەت چەككەن، پارتىيە 3- ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، قايتا دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ، تارىخ - جۇغراپىيە ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ، ئالىي دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، 1992- يىلى پېنسىيىگە چىققان.

ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدى مەكتەپتە دەرس ئۆتۈشتىن سىرت، ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتى قەشقەردە ئاچقان مالىيە - سودا ساھەسىدىكىلەر كۇرسى، قەشقەر ۋىلايىتى ئۇيۇشتۇرغان ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى، ۋىلايەتلىك پارتكوم پارتىيە مەكتىپىدە ئېچىلغان رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش كۇرسى، مەكىت ناھىيىسىدىكى ئوقۇتقۇچىلار كۇرسى... قاتارلىقلارغا تەكلىپ قىلىنىپ دەرس سۆزلىگەن. ئۇ يەنە مائارىپ ساھەسىدىكى ئېلېكترلەشكەن ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جەھەتتە ئۆلگىلىك

دەرس ئۆتۈپ ۋىلايەت بويىچە تەقدىرلەنگەن. ئابدۇرېھىم ھاشىم 1990- يىلى تاشكەنت، موسكۋا، 1995- يىلى پاكىستاننىڭ ئىسلامئاباد، 1998- يىلىدىن 2002- يىلىغىچە قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك، ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھەرلىرىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن زىيارەت ۋە ئۆگىنىشتە بولغان.

ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدىنىڭ تەتقىقات ساھەسىدىكى ئىجادىي ئەمگىكى 1983- يىلى «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «ئاتۇش نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسى» ناملىق ماقالىسى بىلەن باشلانغان. شۇ يىلى قەشقەر خەلق باغچىسىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ئۇ «مەھمۇد قەشقەرىنىڭ XI ئەسىردە سىزغان ئاسىيا خەرىتىسى توغرىسىدا» ناملىق ماقالىنى، 1986- يىلى قەشقەردە ئۆتكۈزۈلگەن مەملىكەتلىك «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا «قۇتادغۇ بىلىك»تە بايان قىلىنغان قاراخانىيلار ئاسترونومىيىسى ھەققىدە» ناملىق ماقالىنى ئوقۇغان. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ 30 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالىسى گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدى نەشرگە تەييارلىغان مەرھۇم ئىمىر ھۇسەيىن قازىھاجىمنىڭ «ماتىتەي ۋە ئانارخان پاجىئەسى» ناملىق ئەسىرىنى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002 - يىلى نەشر قىلدى. ئۇ يەنە مەرھۇم ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىمنىڭ «قەشقەردىكى تارىخىي ۋەقەلەر» ناملىق ئەسىرىنى نەشرگە تەييارلىدى.

ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدى ئاپتونوم رايونلۇق جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك تارىخ - جۇغراپىيە ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، ۋىلايەتلىك «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي جەمئىيىتى ۋە مائارىپ ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................ 1

بىرىنچى قىسىم ئاتۇشتىكى مەشھۇر يەر-جاي ناملىرى ۋە مەشھۇر ۋەقەلەر ........................................ 5

1. ئاتۇش نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ........................ 5

2. ئارتۇچ دەرىخى ........................................ 6

3. ساغۇن شەھىرى ........................................ 10

4. سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ يۇرتى، نەسەبى ۋە پەرزەنتلىرى ......... 18

5. «يەر يۇتتى» دېگەن نامىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئازنا مەسچىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ......... 35

6. بەلگە تاشقا ئايلانغان «بۇد تەركەنخېنىم» .................. 40

7. شاھ قەبرىستانلىقى ........................................ 44

8. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ ۋاپاتى ........................ 47

9. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسىنىڭ ئورنى .................. 48

10. جۇۋان مەرد (جەمەتلا غوجام) ........................ 53

11. قوشقار ئاتام ........................................ 56

12. بۇۋى ئانام ........................................ 58

13. سۇلتان ئەجەم (ھەزرەت پاشايىم) ........................ 61

14. شەيخ ھەبىب ئەجەم ........................................ 65

15. سۇلتان زوھۇر، سۇلتان تاھۇر ........................ 67

16. ئىت يولى ھەققىدىكى رىۋايەت ........................ 69

17. ھىجرىيە 1278-يىلى (1861-، 1862-يىللىرى) سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا ئاتالغان ۋەخپە يەر ھۆججىتى .... 70

18. «خانئۆي» توغرىسىدا قىسقىچە ئۇچۇر ........................ 74

19. ئاتۇشتىكى مەدرىسەلەر ........................................ 76

20. خانىقالار ........................................ 82

21. «ئەنگە مىگېپكى ئۇرۇقى» ھەققىدە چۈشەنچە .................. 85

22. ئوچا بازىرى ........................................ 87

23. يەر تەۋرەش ۋەقەسى ........................................ 88

24. كەلكۈن ئاپىتى ........................................ 89

25. ئازاق سېپىلىنىڭ قۇرۇلۇشى ........................ 103

26. ئاتۇشتىكى 24 كەنت ۋە ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى ........ 109
ئىككىنچى قىسىم ئاتۇش ۋە قەشقەردە ئۆتكەن بەزى مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر ........ 130
1. غوجى ئالاۋۇددىن ........ 130
2. غوجى قاسىم ئەلەمدار ........ 132
3. غوجى نەجمىددىن قەلەمدار ........ 135
4. قەشقەر شەھىرىنىڭ XI ئەسىردىكى شەھەر باشلىقى ھۈسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرى ........ 137
5. قاراخانىيلار تارىخچىسى ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھۈسەيىن كاشغەرى ........ 143
6. غوجى مۇزەپپەر ئارتۇچى ........ 150
7. ئالىمبەگ ئارتۇچ ........ 151
8. ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇرېھىم ئىكساقى ۋە ئۇنىڭ بىر پارچە نەزمى ........ 151
9. داموللا ئابدۇلۋاھىد يازغان «قۇتبىددىن ئەلا غوجا تەزكىرىسى»دىكى «قەشقەر» ناملىق نەزم ........ 155
10. تارىخىي شەخس سىيىت ھاجىم مەشھەدى ........ 160
11. ئابدۇلئەزىز مەخسۇم يازغان «دۇررۇ مارجان» ناملىق ئەسەر ........ 163
12. شائىر ۋە ئۆتكۈر مەسخىرىچى ئەمەت داموللام ........ 169
13. ئابدۇغوپۇر داموللام ........ 190
14. خەلق شائىرى ئەمەت غوجا ........ 194
15. ئەبۇ بەكرى زەلىلى ........ 199
16. مۇھەممەت يۈسۈپ تۈركىي (مۇھەممەت خەلپىتىم) ۋە ئۇنىڭ نورۇز نەزملىرى ........ 206
17. يېنىك ئاتلېتىكا ماھىرى ۋە سازچى ئابدۇلبارى ........ 212
18. جامائەت ئەربابى، شائىر ئابدۇرەھمان يۈسۈپ ........ 214
19. دېموكراتىك زات ئابدۇكېرىم ھاجى مەخسۇدى ........ 221
20. مەشھۇر چېلىشچى ئابلىز قاسىم (ئابلىز كاللىچى) ........ 227
21. ئابدۇكېرىم موللا ھەيران ھاجى ۋە «مەھبۇس خاتىرىسى» 229
22. ئاتۇشتىكى چاق ئېگىرىدىغان چوكانلارنىڭ بېيىت - قوشاقلىرى ........ 240

# كىرىش سۆز

ئاتۇش ناملىق يۇرت قەدىمدىن تارتىپ تاكى 1953- يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ تەۋەلىكىدە بولغان. 1943- يىلىدىن ئىلگىرى ئالتىن ئاتۇش، ئارغۇ، كاتتا يايلاق، قارا جۇل، قاقشال، تۆگۈرمەتى... قاتارلىق رايونلار قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پەيزاۋات ناھىيىسىگە قارايدىغان ئايرىم - ئايرىم بەگلىك رايونى بولۇپ، ئۈستۈن ئاتۇش قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قارايتتى. 1943- يىلى قەشقەر قورچاق ۋالىي مەھكىمىسى ئاتۇش ناھىيىسىنى قۇرغاندا، يۇقىرىدىكى بەگلىك رايونلار ئاتۇش ناھىيە تەۋەسى قىلىنىپ، ناھىيە مەركىزى مەشھەد كەنتىگە ئورۇنلاشقان. ئاتۇش شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى ۋە ئاتۇشتىكى مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنىڭ تىزىملىكىدە، سۇنتاغ، ئازاق، ئارغۇ، ئۈستۈن ئاتۇش، قاراجۇل، تۆگۈرمەتى، كاتتا يايلاق قاتارلىق ئورۇنلارغا تارقالغان تارىخىي ئىزلار 89 ئورۇندا دەپ كۆرسىتىلىپ، ئۇلارنىڭ نامى ۋە جۇغراپىيىلىك ئورنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىلگەن. لېكىن، بۇ تارىخىي ئىزلارنى دەلىللەپ يورۇتۇش تېخى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرماقتا.

تارىخىي نۇقتىئىنەزەردىن قارىغاندا، ئاتۇش تارىخى قەشقەر تارىخىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ، قەشقەر ياكى ئاتۇش تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىر پۈتۈنلۈككە يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىش — ئىككى يۇرت تارىخىي رېئاللىقىنىڭ تەلىپى. بۇ خىل تارىخىي رېئاللىقتىن چەتنەش قۇرۇق سەپسەتە، خالاس. 1982- يىلى ئاتۇش شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان ئارغۇ يېزا ئاچچىق كەنتىنىڭ بوغاز دەرياسى قىرغىقىدىكى

دۆگلۈكتىن 10 مىڭ يىل ئىلگىرىكى «ئاتۇش ئادىمى» نىڭ باش سۆڭىكى قېزىۋېلىندى. بۇ، ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئارخېئولوگىيە ساھەسىدىكى ئەڭ زور بايقاش.







ھازىرغىچە «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»، «سۇتۇق بۇغراخان»، «ئاتۇش خەلق چۆچەكلىرى»، «قەشقەر خەلق چۆچەك ۋە رىۋايەتلىرى»، «ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوپلار»، «مەمتېلى ئەپەندى»، «باياۋاندىكى گۈلخان»، «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بۆشۈكى ئۇستۇن ئاتۇش»، «ئارغۇ ۋە ئارغۇلۇقلار»، «خانئۆي توغرىسىدا

مۇلاھىزە»، «تەختى ھون توغرىسىدا»... قاتارلىق بىر بۆلۈك ئەسەر ۋە ماقالىلەر ئېلان قىلىندى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى تارىخىي ياكى ئەدەبىي ئەسەر، بىر قىسمى تەتقىقات ماقالىلىرى، يەنە بىر قىسمى كەنت - مەھەللىلەرنىڭ تەزكىرىسى بولۇپ، ئاتۇش ۋە قەشقەر تارىخىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

مەن خېلىدىن بېرى قەشقەرنىڭ مەۋجۇدىيەت تارىخى مۇسا- پىسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان ئاتۇش ھەققىدە ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ھەقتە توپلىغانلىرىمنى تەتقىق قىلىش جەريانىدا ھاسىل بولغان دەسلەپكى چۈشەنچىلىرىمگە ئاساسەن «ئاتۇش» ناملىق تەزكىرە ئەسەرنى يېزىپ چىقتىم. بۇ ئەسەر «ئاتۇشتىكى مەشھۇر يەر - جاي ناملىرى ۋە مەشھۇر ۋەقەلەر»، «ئاتۇش ۋە قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن بەزى مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر» دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلدى. مەن ئۇزاقتىن بېرى يىغىپ ساقلىغان 23 پارچە قىممەتلىك سۈرەت ۋە ھۆججەت، ئۈچ پارچە نەسەبنامە - جەدۋەل- لەر كىتابتىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارغا قىستۇرما قىلىندى.

قەدىمكى يۇرت ئاتۇشنىڭ بىر پۈتۈن تارىخى قەشقەر تارىخىنىڭ مەزمۇنىغا سىڭىپ كەتكەچكە، سىستېمىلىق بايان قىلىش ۋە ئەستايىدىل يورۇتۇپ بېرىشكە تېخى بالدۇرلۇق قىلىدۇ. چۈنكى، قەشقەر ۋە ئاتۇش توغرىسىدا يېزىلغان ئەسەر- لەرنىڭ بىر قىسمى ئۇزاق زامانلار جەريانىدا تەبىئىي ۋە ئىجتىما- ئىي ئامىللارنىڭ كەسكىن يېمىرىش خاراكتېرلىك تارىخىي زەربىسى تۈپەيلى يوقالغان. شۇڭا، بۇ ئەسەردە ماتېرىيال مەنبە نامراتچىلىقى سەۋەبىدىن، قەشقەر تارىخىدىكى بىر بۆلۈك تارى- خىي شەخسلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ئاتۇش توغرىسىدىكى دەسلەپكى ئىزدىنىشلىرىم ئاساس قىلىندى. بۇ ئەسەر تۇنجى

يىرىك ئىجادىي ئەمگەكىم بولغاچقا، كۆپ يېتەرسىزلىك ۋە خاتالىقنىڭ بولۇشى مۇقەررەر. كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئۆزرەمنى ئېلىك ئېلىپ، ئەپۇ نەزىرىدە ئوقۇپ، تۈزىتىش بېرىشىنى، تولۇقلاپ كېتىشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدى

2004 - يىل 5- ئاي



## بىرىنچى قىسىم

# ئاتۇشتىكى مەشھۇر يەر - جاي ناملىرى ۋە مەشھۇر ۋەقەلەر

## 1. ئاتۇش نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردە ئۆتكەن بۈيۈك ئالىمى ۋە تىلشۇناس مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «ئاتۇش» نامىنىڭ ئېتىمولوگىيىسى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتكەن.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغاندىن كېيىنمۇ، ئاتۇشنىڭ تارىخى ھەققىدە ئىزدەنگۈچى بەزى ئاپتورلار بىمەنە، ئاساسسىز كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تارىخىي رېئاللىق ئالدىدا مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلدى. مەسىلەن، ما شۇ ئىسىملىك ئاپتور «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»نىڭ 1984- يىل 4- ئاۋغۇست سانىدا ئېلان قىلغان «شىنجاڭنىڭ يەر ناملىرى ھەققىدە» ناملىق ماقالىدە «... ئاتۇش قىرغىزچە سۆز بولۇپ، ‹تاغ› دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ» دېيىلگەن. ئۇقۇرمەنلەرگە ئايانكى، قېرىنداش قىرغىز خەلقى ئاتۇشنى «ئاتۇش» دەپ، تاغنى «توۋ» دەپ ئاتايدۇ، ھەرگىزمۇ تاغنى «ئاتۇش» دەپ ئاتىمايدۇ. مەزكۇر ئاپتور بۇ يەر نامىنىڭ مەنىسىنى، تارىخىي ئاتالغۇلارنى قىياسەن ئوتتۇرىغا قويغان.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- توم 128- بەتتە: «ئارتۇچ — ئارتۇچ دەرىخىنىڭ نامى بولۇپ، قەشقەردە ئارتۇچ ناملىق ئىككى يۇرت بار» دەپ يېزىلغان. ھازىرمۇ ئارتۇچ نامدا ئىككى يۇرت بار.

بىرسى ئۈستۈن ئارتۇچ، ئىككىنچىسى ئالتىن ئارتۇچ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- توم 147- بەتتە: «ئۈستۈن، ئاندىن ئالتىن، ئاستىن دېيىش توغرا ئەمەس، توغرىسى ئالتىن» دەپ ئىزاھلانغان. ھازىر بەزى كىشىلەر «ئالتىن ئاتۇش» دەپ تەلەپپۇز قىلسىمۇ، لېكىن جانلىق تىلدا «ئاستىن ئاتۇش» دېيىلىۋاتىدۇ. كېيىنكى دەۋرلەردىكى تۈرلۈك تارىخىي ھۆججەتلەردە «ئارتۇچ» دەپ يېزىلغان. مەسىلەن، ھىجرىيىنىڭ 1254- يىلى (1838-، 1839- يىللىرى) ئاتۇش مەشھەدلىك مىرەھمەت شەيخ ئاخۇنۇمنىڭ خانىقاغا ۋەخپە قىلغان ۋەخپىنامىسىدە «ارتوج كەنتى»؛ ئۈستۈن ئاتۇش دېھقانلار كەنتىدىن ئابدۇقادىر باخشى نامىدا ھىجرىيە 1315- يىلى (1897-، 1898- يىللىرى) يېزىلغان ۋەخپىنامىدە «ئۈستۈن ارتوج كەنتى» دەپ يېزىلغان.

خۇلاسە شۇكى، ئاتۇش — ئارتۇچ دەرىخىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ نام يېقىنقى دەۋرگىچە تارىخىي ھۆججەتلەردە يېزىلىپ كەلگەن.

## 2. ئارتۇچ دەرىخى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- توم 410- بەتتە: «تاغ ئارتۇچلاندى، تاغ ئارتۇچ دەرىخى بىلەن قاپلاندى، يەنى تاغدا ئارتۇچ دەرىخى كۆپەيدى» دەپ يېزىلغان.

كىم ئىبىتىپ (قانداق) قۇلاق ئىشتكەنكى،
ئاينىڭ ئۆيى ئارتۇچ پۈتىقى (دەپ) [1].

يەشمىسى: شائىر سۆيۈملۈكىنىڭ يۈزىنى ئايغا، بويىنى ئارتۇچ دەرىخىگە ئوخشىتىپ، مۇنداق دەيدۇ: «ئاينىڭ ئۆيىمۇ،

---

[1] «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- توم 489- بەت.

تۇرار جايمۇ ئارتۇچ دەرىخىنىڭلا پوتىقى، دەپ كىم ئېيتقان ۋە قايسى قۇلاق ئىشتكەن.

تامغا سۈيى تېشىپ چىقىپ تاغدىن ئۆتەر،
ئارتۇچلىرى تىزگىن كەبى قاتار ئۆسەر[①].

يەشمىسى: تارماق ئېقىن سۈيى تېشىپ تاغ ئارىلاپ ئۆتىدۇ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئارتۇچ دەرەخلىرى تىزگىندەك قاتار- قاتار ئۆسىدۇ.

هارغۇزدى سېنى قىز،
بويى ئۇنىڭ تال،
يېپىلۇر ئۇنىڭ ئارتۇچى،
بۇرنى تېخى قىر بۇرۇن[②].

يەشمىسى: بىر قىزنى تەسۋىرلەپ شۇنداق دېيىلىدۇ: زىلۋا بويلۇق قىز سېنى ئالداپ كەتتى، ئۇنىڭ بويى خۇددى ئارتۇچ دەرىخىدەك ئېگىلەتتى، بۇرنىمۇ قاڭشارلىق، كېلىشكەن ئىدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» 3- توم 214- بەتتە: «تال — زىلۋا بويلۇق كىشىمۇ زىلۋىلىقتا تالغا ئوخشىتىلىپ، ‹تال بوزلۇغ› دېيىلىدۇ، بۇ سۆز كۆپىنچە زىلۋا، نازۇك بويلۇق قىزلارغا ئىشلىتىلىدۇ» دېيىلگەن. مەھمۇد قەشقەرىدىن كېيىنمۇ ئارتۇچ دەرىخىنى چىرايلىق قىزلارغا ئوخشاتقان تۈرلۈك شېئىر - داستانلار يېزىلغان. 1914- يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان «ئەختەرى كەبىر» ناملىق تۈركچە - ئەرەبچە لۇغەتنىڭ 5- بېتىدە «ئارتۇچ —

① «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- توم 553- بەت.
② «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- توم 538- بەت.

دەرەخنىڭ بىر تۈرى» دەپ يېزىلغان. لېكىن، «شىنجاڭ ياشلىرى ژۇرنىلى»نىڭ 1993- يىل 3- سانىدا مەلۇم ئاپتور ئېلان قىلغان ماقالىدە: «ئارتۇچ دەرىخى — تال دەرىخىنىڭ ئۆزى» دېيىلگەن. تال دەرىخى بىلەن ئارتۇچ دەرىخى ئىككى خىل دەرەخ، تال دەرىخى ھازىرمۇ «تال» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزىلەر ئارتۇچ دەرىخىنى ئارچا دەرىخى دەپ قارىماقتا. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3- توم 166- بەتتە ئارچا دەرىخى «تىت» دەپ ئاتالغان. مەھمۇد قەشقەرى: «تىت — تۈز ئۆسىدىغان ئارچا دەرىخى، تاغلاردا ئۆسىدۇ» دەپ يازغان. بۇ ھەقتە يەنە: «ئارتۇچ دەرىخى ئارچا دەرىخىنىڭ ئۆزى ئەمەس، بەلكى ئارچا دەرەخ ئائىلىسىگە كىرىدىغان بىر تۈرلۈك دەرەخ بولۇپ، ئادەتتە ئۇ قارا ئارچا ھەم يۇملاق ئارچا دەرىخى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇ ھازىرقى قارا ئارچا دەرىخىنىڭ نامى»[1] دېگەن مەلۇمات بار.

ئۇنداقتا، «ئارتۇچ» دېگەن دەرەخ ئاتۇش رايونىدا بارمۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە ئارتۇچ دەرىخىنىڭ ئاتۇش رايونىدا ئۆسۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا ئىسپات يوق. بۇنداق بولۇشىدا ئاتۇش رايونىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىت ئۆزگىرىشى ئاساسىي سەۋەب بولغان.

مەن 1984- يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتىيە مەكتىپىگە ھەرقايسى ناھىيىلەردىن كەلگەن رەھبىرىي كادىرلار كۇرسىغا تەكلىپ قىلىنىپ، جۇڭگو تارىخى دەرسى سۆزلىگەن ئىدىم. دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا، قاغىلىق ناھىيىسىدىن كەلگەن كۇرسانتلار بىلەن ئاتۇش توغرىسىدا پاراڭلىشىپ، ئۇششاق باش، شىخشۇ، كۆكيار قاتارلىق تاغلىق رايونلاردىن قاغىلىق بازىرىغا كېلىدىغان تاجىك ئوتۇنچىلار ئارتۇچ دەرىخىنىڭ ئوتۇنىنى ساتىدىغانلىقىنى ئاڭلىدىم. كېيىن قاغىلىقتا ئۇزاق مەزگىل

[1] «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى» ژۇرنىلى 1996- يىل 5- سان 43- بەت.

خىزمەت قىلغان بىر خىزمەتداشىمدىن بۇ ھەقتە سورىدىم. ئۇ: «تاجىك ئوتتۇنچىلارنىڭ قاغىلىق بازىرىغا ئارتۇچ ئوتتۇنى ئەكىلىپ ساتىدىغانلىقى راست. يەرلىك كىشىلەرنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، ئارتۇچ دەرىخىنىڭ ياغىچى پۇراقلىق بولغاچقا، كۆيە چۈشمەيدىكەن. ئارتۇچ دەرىخىدىن ساندۇق ياسىتىپ ئەتىۋارلىق ماللارنى ساقلاشقا بولىدىكەن. ئۆز دەۋرىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردە تۇرغان ئامباللىرى جەسەت ساندۇقىنى ئارتۇچ دەرىخىدىن ياسىتىدىكەن، ھەتتا بېيجىڭغىچە ئېلىپ كەتكەن ئارتۇچ دەرىخىدىن ياسالغان جەسەت ساندۇقىنى ئەۋەتىدىكەن. ئارتۇچ دەرىخى ئىككى خىل بولۇپ، بىر خىلى تۈز، چىرايلىق ئۆسىدۇ؛ يەنە بىر خىلى ياپياك، شاخلىرى ئەتراپقا يېيىلىپ ئۆسىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى.

دېمەك، ئارچا ئائىلىسىگە كىرىدىغان بۇ دەرەخ نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپ، قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ شىخشۇ، ئۇششاق باش، كۆكيار، گۇما ناھىيىسىنىڭ كىلياڭ قاتارلىق تاغلىق رايونلىرىدا بۈك - باراقسان بولۇپ ئۆسمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا، ئاسىيانىڭ يۇقىرى پاراللېلىق كەڭلىكلىرىدە بۇ دەرەخنىڭ بارلىقى ھەققىدە تارىخىي مەلۇماتلار بار. مەھمۇد قەشقەرىدىن 100 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق ئەسەرنىڭ 60- بېتىدە: «ئارتۇش (ئېرتىش؟) دەرياسى مۇراس دەرياسى بىلەن ئوخشاش مەنبەدىن باشلىنىدىغان چوڭ دەريادۇر»؛ 60- بەتتە: «ئېدىل دەرياسى ئارتۇش (ئېرتىش؟) دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى بىر تاغدىن باشلىنىدۇ»[1] دېيىلگەن. يۇقىرىقى مەلۇماتتىن ئارتۇچ دەرىخى نامىنىڭ ئاسىيادىكى مەشھۇر دەريالارغىمۇ نام بولۇپ قويۇلغانلىقىنىمۇ بىلەلەيمىز.

[1] «ھۇدۇدۇل ئالەم»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003- يىل نەشرى.

## 3. ساغۇن شەھىرى

بەزى تارىخىي ئەسەرلەردە «ساغۇن» ناملىق بىر شەھەرنىڭ ئاتۇش دىيارىدا بولغانلىقى ھەققىدە يېزىلغان بايانى ۋە بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمنى بايان قىلىمەن.

مەشھۇر تارىخچى قۇربان ئەلى ھاجى خالىدىنىڭ «تارىخى خەمسە شەرقى» (شەرقنىڭ بەش تارىخى) ناملىق ئەسىرىنىڭ 768- بېتىدىكى «بالاساغۇن، گۇبالىق (قەشقەر)، بارسغان شەھەرلىرىنىڭ بايانى» دېگەن بابتا مۇنداق يېزىلغان: «بالاساغۇن شەھىرى بىنا بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇر بەگلىرى ‹گۇبالىق› (قەشقەر) شەھىرىدە تۇراتتى. بۇقاخان (كۆل بىلگەخان مىلادىيە 850 — 880- يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە، بۇقاخان 1- بۇغراخان بولۇپ خانلىق ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كېيىن، قەشقەرنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە ئۇلاغ مېڭىشىدا بىر كۈنلۈك مۇساپە، يەنى 3—4 تاش باسار يەردە بىر شەھەر بىنا قىلدى. شەھەرنىڭ نامىنى ‹ساغۇن› دەپ قويۇپ، ئۇ يەردە ئولتۇردى. ‹ساغۇن› دېگەن سۆز ‹قەددى كاتتا، نامى ئۇلۇغ› دېگەن سۈپەتتە بولۇپ،... شۇ چاغدىكى خانلار بۇ يەردە تۇردى... مىلادىيە 1438-، 1439- يىللىرى ئاتۇش رايونىدا قاتتىق يەر تەۋرەپ، ئەسلىدىكى ساغۇن شەھىرى خاراب بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆلدى، سۇلتانلارنىڭ گۈمبەزلىرىمۇ يىقىلدى. شۇ پېتى 60 يىل ۋەيران ھالەتتە تۇرغان مەزكۇر ساغۇن شەھىرىگە يېقىن يەردە مىلادىيە 1494-، 1495- يىللىرى ‹ئارتۇچ شەھىرى› ناملىق شەھەر قۇرۇلدى، شۇنىڭ بىلەن ‹ساغۇن› دېگەن نام ئۇنتۇلدى».

تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخانىنىڭ

كىچىك ئوغلى خىزىرخوجا ھىجرىيە 810- يىلى (مىلادىيە 1408- يىلى) ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەتخان ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقىپ، ياز كۈنلىرى تەڭرىتاغلىرىدىن ئۆتۈپ ئاتۇشتا يازلىغان. بۇ يەرنى ناھايىتى ئاۋات قىلىپ، 2- پايتەخت قىلغان، دائىم تۇرۇشلۇق نۇرغۇن ئەسكەر توختاتقان.

دىنىي ئالىم، تارىخچى ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىم 1954- يىلى يازغان «تارىخىي ئەسەر ۋاقىئەئى كاشىغەر» ناملىق ئەسىرىدىكى بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «قاراخانىيلارنىڭ قەدىمكى ئەجداد بوۋىسى بولغان مەشھۇر ئىقباللىق ‹ئافراسىياپ› ناملىق بىر خان دۇنياغا كەلگەن. بۇ خاننىڭ ۋاقتى مىلادىيەدىن 500 يىل ئىلگىرى بولۇپ، ئافراسىياپ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادا زور كۆلەملىك خەلق قوزغىلىڭى پارتلىغان. ئافراسىياپ ھاكىمىيىتى بۇ قوزغىلاڭنى قاتتىق باستۇرۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنى قولغا ئېلىپ قامىغان. قوزغىلاڭچىلارنىڭ تەركىبىدە مەشھۇر ئىلىم ئىگىلىرى، تىجارەتچى، كاسىپ، ھۈنەرۋەن، چارۋىچى، دېھقانلار بولۇپ، بۇ مەھبۇسلارنىڭ بىر قىسمى سولاقخانىلاردا ئۆلۈپ كەتكەن، بىر قىسمى ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان. ئافراسىياپ ھاكىمىيىتى بۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى قارار قىلغاندا، ئوردىدىكى بىر ئاقىل سىياسەتچى ئەمەلدار پادىشاھ ھۇزۇرىدا بۇ مەسىلە توغرىسىدا كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: ‹بۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بولمايدۇ، چۈنكى ئادەم ئۇلۇغ، بۇلارنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇلارنى ئۆلتۈرمەي، سۈرگۈن قىلايلى، سۈرگۈن قىلىنىدىغان ئورۇن چۆل، دەشت - باياۋان، تاغ ئارىسى، ھاۋاسى بىر خىل بولمىغان ئەڭ يىراق ئورۇن بولسۇن. ئۇلار ئۇ جايغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن كېيىن، كۆپلەپ جاپا - مۇشەققەتكە يولۇقۇپ،

تاغدىن كەلگەن دەھشەتلىك كەلكۈن 35 كۈن داۋام قىلىپ، پۈتكۈل ئارتۇچ رايونىنى ۋەيران قىلغان ۋە شەھەر پۈتۈنلەي خارابىلاشقان...»

مەرھۇم تارىخچى ھاجى نۇرھاجى يازغان «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ 110- بېتىدە «... تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، قاراخانىيلارنىڭ ئاتۇشتىكى تۇنجى ئوردىسى (بۇ ئوردىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى كۆرسىتىلمىگەن — ئاپتوردىن) ۋە X ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى 2- ئوردىسى، يەنى ھازىرقى قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى ‹خانئۆي› ناھايىتى گۈزەل ياسالغان» دېيىلگەن.

يۇقىرىدىكى تارىخىي ئەسەرلەردە كۆرسىتىلگەن ئاتۇش دىيارىدىكى «ساغۇن» شەھىرى كېيىنكى ئەسىرلەردە تەبىئىي، ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ يېمىرىش خاراكتېرلىك زەربىسى تۈپەيلى يەر يۈزىدىن مەڭگۈلۈك يوقالغان. ئالتۇن ئاتۇش مەشھەدتە قۇرۇلغان «ساغۇن» شەھىرىنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسى توغرىسىدا تەپسىلىيرەك توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا: « ‹ساغۇن› ۋە ‹كۆل ئېركىن› ئۇنۋانلىرى قارلۇق خەلقىنىڭ چوڭلىرىغا بېرىدىغان ئۇنۋان» دەپ كۆرسىتىلگەن بولۇپ، «ساغۇن» دېگەن سۆز ئۇنۋان نامىدا ئىشلىتىلگەن. ئاپتورى نامەلۇم «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق ئەسەردە: «كاشغەر، ئارتۇچ — ياغمىلارنىڭ بازارلىرى بولۇپ، بۇ كاشىغەرنىڭ خانلىرى قارلۇق ياكى ياغمىلاردىن ئىدى» دەپ بايان قىلىنغان. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى يازغان، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىلى نەشر قىلغان «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسەرنىڭ 156- بېتىدە: «...قارلۇقنىڭ تۆرىسىنى ‹ئاتاساغۇن› دەپ ئاتايتتى» دېيىلگەن. دېمەك، ساغۇن شەھىرىنىڭ قارلۇق قەبىلە

تۇرلۇك قىيىنچىلىقلار ئاستىدا بىر ـ بىرى بىلەن زىتلىشىپ، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقلىرى بىلەن بولۇپ، دۇنيادىكى ئىشلاردىن بىخەۋەر ئۆتسۇن» دېگەن.

بۇ مەسلىھەت پادىشاھ باشلىق ئوردىدىكى بارلىق ئەمەلدار-لارغا ماقۇل كۆرۈلۈپ، مەھبۇسلارغا شۇنداق جاينى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن، ئوردىدىن لەشكەر ماڭدۇرۇلغان. بۇلار ئۇزۇن يول مېڭىپ مەھبۇسلارغا لايىق بىر جاينى، يەنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كاتتا چۆللۈك ـ باياۋاننى لايىق كۆرۈپ، ئوردىغا قايتىپ مەلۇم قىلغان. پادىشاھ نەچچە ئون مىڭ مەھبۇسنى بۇ جايغا سۈرگۈن قىلغان. بۇ مەھبۇسلارنىڭ ئەجدادى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركلىرىدىن بولۇپ، ئۇلار بۇ جايدا ئېغىر، مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق بىلەن تارقاق ھالدا كۈن كەچۈرگەن. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۈرگۈن بولغۇچىلارنىڭ نەسلى كۆپىيىپ، ئۆز ئىچىدىن «ئاي تۇغدى» ئىسىملىك بىر كىشىنى ئۆزىگە ئاقساقال قىلىپ تىكلەپ، ئىلىم ـ مەدەنىيەت، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق، قول ھۈنەرۋەنچىلىكتە زور يۈكسىلىشكە ئىگە بولغان. بۇلار مەسلىھەتلىشىپ بىر شەھەر بىنا قىلىشنى قارار قىلغان. ئاخىر تاغ ساھىلىگە تۇتاشقان بىر گۈزەل شەھەر سېلىپ چىققان. بۇ دەۋردە بۇ رايونلارغا ھونلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارغىمۇ ھونلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان. بۇ شەھەرنىڭ نامىنى «ھون شەھىرى» دەپ ئاتىغان. بۇ شەھەر قەلئەگە ئېلىنىپ ئالتە دەرۋازا بېكىتىلگەن. شەھەر ئىچى كەگرى تاغ سۈيى بىلەن تەمىنلىنىپ، ھاۋاسى ياخشى شەھەرگە ئايلانغان... مەركۇر شەھەرنىڭ ئورنى ئالتىن ئارتۇچتىكى مەشھەد دېگەن جايدۇر. تارىخى ھىجرىيىنىڭ 670- يىلى (مىلادىيە 1270-، 1271- يىللىرى) ئارتۇچ مەشھەدكە شىمالدىكى ئارغۇ

بار.

5) بويامەتىنىڭ «بويىلا» كەنتىدىن بۆت ـ ھەيكەل قېزىۋېلىنغان.

6) تۆركۆل رايونىدا «ساراي بويى»، يەنى پادىشاھ ئوردىسى جايلاشقان ئورۇن مەنىسىگە ئىگە ئورۇن بار.

7) «يەر قورغان» نامىدىكى خارابە بولۇپ، بۇ رايون قارا خانىيلارنىڭ ھەربىي قىسمى تۇرغان ئورۇن.

8) تۆركۆل كەنتىدە «نۇرئەلانۇرخان» نامىدىكى بىر ئورۇن بولۇپ، قەدىمدىن بۇيان ھەر يىلى باھار پەسلىدە يۇرت كاتتىلىرى يىغىلىپ ئاش ئېتىپ، يۇرتقا سېلىنىدىغان يەر سېلىقى ۋە يۇرتقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەر ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزگەن.

9) تۆركۆل كەنتىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە يانداش «ساغان» (ساغۇن) كەنتى، «ساغان» (ساغۇن) يولى ناملىق كەنت يولى بار.

10) تۆركۆل كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى كاتتا دالا ئىچىدە «خان سۇپىسى» ناملىق ئورۇن بولۇپ، بۇ ھەقتە يازغۇچى غولام ئۆمەر «باياۋاندىكى گۈلخان» ناملىق رومانىنىڭ بىرىنچى قىسىم 360- بېتىدىكى ئىزاھاتتا «مەن سۇپىنىڭ ئورنىنى قەشقەر رايونىنىڭ 1000/1 ماسشتابلىق (1958- يىللىق) خەرىتىسىدىن كۆردۈم» دەپ يازغان. مەن (ئاپتور) «خان سۇپىسى»نىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئورنىتىلغان تاشنى تېپىش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەندىم. 2004- يىل 1- ئايدا قەشقەر ئاسارئەتىقە ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇ- لى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ كىشى تۆۋەندىكىچە سۆزلەپ بەردى: «بىز ‹خان سۇپىسى›غا ئورنىتىلغان تاشنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن، قۇمسېغىر كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇردى ئەمەت دېگەن كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە سۆھبەتلەشكەن. تۇردى ئەمەتنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەدەنىيەت

چوڭىنىڭ نامىغا قويۇلغان. تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، قەشقەر، ئاتۇشتا قەدىمكى دەۋرلەردە قارلۇق، ياغما، تۈرك، توققۇز ئوغۇز قاتارلىق قوۋملەر ياشىغان.

مەن دەھشەتلىك كەلكۈن ۋە قاتتىق يەر تەۋرەش سەۋەبى بىلەن جۇغراپىيىلىك مەۋجۇدىيىتىدىن ئايرىلىپ، يەر يۈزىدىن غايىب بولغان «ساغۇن» شەھىرى خارابىسىدە كۆپ قېتىم ئىزدىنىش خاراكتېرلىك ئەمەلىي تەكشۈرۈشتە بولدۇم. تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىشىمچە، مەشھەد كەنتى، سۇنتاغ كەنتى، تۆركۈل كەنتى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمسېغىرغىچە بولغان ناھايىتى كەڭ دائىرىگە يېيىلغان رايوندا تۈرلۈك ئاسار ئەتىقە، بۇت، مېتال پۇل، مىس داڭقان، تۈرلۈك گېئومېترىيىلىك شەكىلگە ئىگە سۇنغان ساپال بۇيۇملار كۆپ ئۇچرىغان. ئۇز دەۋرىدە پادىشاھ سارايلىرى، ئاھالىلەر نۇقتىلىرى، بازار - رەستە ئورۇنلىرى، ھەربىي قىسىم تۇرىدىغان ئورۇنلار، بۇتخانىلار مۇشۇ دائىرىگە جايلاشقانلىقىنى ئاساسلايدىغان تارىخىي ئىزلار ھازىرغىچە مەۋجۇت. مەسىلەن:

1) مەشھەد رايونىدا «شاھلار كوچىسى» نامىدىكى بىر ئۇزۇن كوچا بار بولۇپ، ئۇز دەۋرىدىكى پادىشاھ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئولتۇراقلاشقان.

2) «خەزىنىچى مەھەللە» — بۇ، پادىشاھ ھاكىمىيىتى دائىرىسىدىكى رايون بازارلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان پۇللار ساقلىنىدىغان ئورۇن مەنىسىدىكى مەھەللە.

3) «ئوچا» — بازار - ئوچا مەنىسىدىكى ئوچا دېگەن مەھەللە.

4) مەشھەد كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمباغ مەھەللىسىدە خاقان ئوغۇلچاق (سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۆگەي دادىسى) سالدۇرغان بۇتخانا (كېيىن ئازنا مەسچىت قىلىنغان)نىڭ ئورنى

بار.

5) بويامەتىنىڭ «بويىلا» كەنتىدىن بوت - ھەيكەل قېزىۋېلىنغان.

6) تۆركۆل رايونىدا «ساراي بويى»، يەنى پادىشاھ ئوردىسى جايلاشقان ئورۇن مەنىسىگە ئىگە ئورۇن بار.

7) «يەر قورغان» نامىدىكى خارابە بولۇپ، بۇ رايون قاراخانىيلارنىڭ ھەربىي قىسمى تۇرغان ئورۇن.

8) تۆركۆل كەنتىدە «نۇرئەلانۇرخان» نامىدىكى بىر ئورۇن بولۇپ، قەدىمدىن بۇيان ھەر يىلى باھار پەسلىدە يۇرت كاتتىلىرى يىغىلىپ ئاش ئېتىپ، يۇرتقا سېلىنىدىغان يەر سېلىقى ۋە يۇرتقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەر ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزگەن.

9) تۆركۆل كەنتىنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ياندىش «ساغان» (ساغۇن) كەنتى، «ساغان» (ساغۇن) يولى ناملىق كەنت يولى بار.

10) تۆركۆل كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى كاتتا دالا ئىچىدە «خان سۇپىسى» ناملىق ئورۇن بولۇپ، بۇ ھەقتە يازغۇچى غولام ئۆمەر «باياۋاندىكى گۆلخان» ناملىق رومانىنىڭ بىرىنچى قىسىم 360- بېتىدىكى ئىزاھاتتا «مەن سۇپىنىڭ ئورنىنى قەشقەر رايونىنىڭ 1000/1 ماسشتابلىق (1958- يىللىق) خەرىتىسىدىن كۆردۈم» دەپ يازغان. مەن (ئاپتور) «خان سۇپىسى»نىڭ تۆت بۇرجىكىگە ئورنىتىلغان تاشنى تېپىش ئۈچۈن كۆپ ئىزدەندىم. 2004- يىل 1- ئايدا قەشقەر ئاسارەتىقە ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى بىلەن كۆرۈشكەندە، ئۇ كىشى تۆۋەندىكىچە سۆزلەپ بەردى: «بىز ‹خان سۇپىسى›غا ئورنىتىلغان تاشنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن، قۇمسېغىر كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق تۇردى ئەمەت دېگەن كىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىدە سۆھبەتلەشكەن. تۇردى ئەمەتنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشىچە، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەدەنىيەت

چوگىنىڭ نامىغا قويۇلغان. تارىخىي مەنبەلەردىن قارىغاندا، قەشقەر، ئاتۇشتا قەدىمكى دەۋرلەردە قارلۇق، ياغما، تۈرك، توققۇز ئوغۇز قاتارلىق قوۋملەر ياشىغان.

مەن دەھشەتلىك كەلكۈن ۋە قاتتىق يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن جۇغراپىيىلىك مەۋجۇدىيىتىدىن ئايرىلىپ، يەر يۈزىدىن غايىب بولغان «ساغۇن» شەھىرى خارابىسىدە كۆپ قېتىم ئىزدىنىش خاراكتېرلىك ئەمەلىي تەكشۈرۈشتە بولدۇم. تەكشۈرۈپ تەھلىل قىلىشىمچە، مەشھەد كەنتى، سۇنتاغ كەنتى، تۆركۆل كەنتى ۋە ئۇنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمسېغىرغىچە بولغان ناھايىتى كەڭ دائىرىگە يېيىلغان رايوندا تۈرلۈك ئاسار ئەتىقە، بۇت، مېتال پۇل، مىس داڭقان، تۈرلۈك گېئومېترىيىلىك شەكىلگە ئىگە سۇنغان ساپال بۇيۇملار كۆپ ئۇچرىغان. ئۆز دەۋرىدە پادىشاھ سارايلىرى، ئاھالىلەر نۇقتىلىرى، بازار - رەستە ئورۇنلىرى، ھەربىي قىسىم تۇرىدىغان ئورۇنلار، بۇتخانىلار مۇشۇ دائىرىگە جايلاشقانلىقىنى ئاساسلايدىغان تارىخىي ئىزلار ھازىرغىچە مەۋجۇت. مەسىلەن:

1) مەشھەد رايونىدا «شاھلار كوچىسى» نامىدىكى بىر ئۇزۇن كوچا بار بولۇپ، ئۆز دەۋرىدىكى پادىشاھ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى ئولتۇراقلاشقان.

2) «خەزىنىچى مەھەللە» — بۇ، پادىشاھ ھاكىمىيىتى دائىرىسىدىكى رايون بازارلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان پۇللار ساقلىنىدىغان ئورۇن مەنىسىدىكى مەھەللە.

3) «ئوچا» — بازار-ئوچا مەنىسىدىكى ئوچا دېگەن مەھەللە.

4) مەشھەد كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمباغ مەھەللىسىدە خاقان ئوغۇلچاق (سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئۆگەي دادىسى) سالدۇرغان بۇتخانا (كېيىن ئازنا مەسچىت قىلىنغان)نىڭ ئورنى

قاراخانىيلارنىڭ تۆشۈكسىز چوڭ-كىچىك ھەجىمدىكى پۇللىرىنىڭ بىر يۈزىگە ئەرەبچە، يەنە بىر يۈزىگە كونا ئۇيغۇرچە خەتلەر چېكىلگەن. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ پۇللىرىدىن: (1) چۇڭگىنىڭ جۇڭباۋ مىس پۇل (چۇڭگىنىڭ — ھاكىمىيەت دەۋرى، جۇڭباۋ — قىممەت باھالىق پۇل دېگەن مەنىدە)، (2) يۈەنتۇڭ چۇڭباۋ (يۈەنتۇڭ — ھاكىمىيەت دەۋرى، چۇڭباۋ — ئادەتتىكى مىس پۇل دېگەن مەنىدە)، (3) چۇڭگىنىڭ زۇڭباۋ، (4) يۈەنپىڭ تۇڭباۋ، (5) تيەنسىڭ يۈەنباۋ، (6) مىڭداۋ يۈەنباۋ قاتارلىقلار بار. «ساراي بويى» دېگەن ئورۇندىن يەرلىك خەلق «خولۇ» دەپ ئاتايدىغان دۈگىلەك، توم، تۆشۈكسىز، ئۇيۇل، قىسقا تۇچ ئۇچرىدى. ئۇنىڭ بىر يۈزىگە «未» (ۋېي) دېگەن خەت ئويۇلغان، مەنىسى قوي — 12 مۆچەلنىڭ سەككىزىنچىسى بولۇپ، «ئىنكار سۆز — يوقلۇقنى ياكى بولمايدىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ، بولۇش-بولماسلىقنى بىلىپ بولمايدۇ» دېگەن لۇغەت مەنىسىگە ئىگە.

1980-يىلى «يەر قورغان» دېگەن ئورۇندا بىر دېھقان خىش قۇيۇش ئۈچۈن ئورەك كولاپ سۇ قويۇپ بەرگەندە، بىر ئورۇنغا سۇ كىرىپ كەتكەن. ئۇ كىشى سۇنى توختىتىپ شۇ جاينى كولىغاندا، نۇرغۇن پۇل، ئالتۇن... بۇيۇملار چىققان. بۇنىڭدىن ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى يىغىۋالغان پۇل 17 مىڭ دانە، ئېغىرلىقى 130 كىلوگرام. 1965-يىلى مەشھەد كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى «بەش بولاق»تىن «دۆڭ» دېگەن ئورۇنغا سۇ باشلاش ئۈچۈن ئېرىق كولىغاندا، «دۆڭ» لېۋىدىن ئىككى كوپ تىللا تەڭگە، مىس پۇل چىققان؛ يەنە شۇ ئورۇنغا يېقىن جايدىن 7 كىلوگرام پۇل چىققان بولۇپ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى يىغىۋالغان.

مەن «خان سۇپىسى»نى كۆزدىن كەچۈرۈپ، بۇ كاتتا دالىنىڭ كەڭلىكى ۋە بۇ دالىغا يېيىلغان خارابە ئىزى، شۇنداقلا

ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بۇ تاشنى 1983- يىلى كولاپ ئېلىپ كەتكەن». قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاسار ئەتىقە ئىشخانىسىنىڭ مەسئۇلى ئۇرۇمچىدە ئېچىلغان بىر قېتىملىق كەسپىي خىزمەت يىغىنىدا، بۇ مەسىلىنى پاكىتلىق ئوتتۇرىغا قويغاندا، قىزىلسۇ ئوبلاستلىق مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى «بۇ، ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى ئىش، قايتىپ بېرىپ سۆزلىشەيلى» دەپ جاۋاب بەرگەن.

يېقىندا، باشقا بىر مەسىلىنى ئېنىقلاش يۈزىسىدىن كاتتا يايلاققا بارغان ئىدىم. توختى پاشا دېگەن كىشىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ «خان سۇپىسى» ئەتراپىدا ياتاق چېپىۋاتقاندا بوت، مىس پۇل، بوغا مۈڭگۈزى قاتارلىقلارنى ئۇچرىتىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ئۇنىڭغا 500 يۈەن بېرىپ، ئېلىپ كەتكەن. بۇ نەرسىلەر ئىچىدە، بۆرىنىڭ رەسىمى ئويۇلغان ئۈزۈك، بىر يۈزىگە «ئاللاھ» دېگەن خەت ئويۇلۇپ، ئەتراپىغا نۇر چېچىۋاتقان قۇياشنىڭ رەسىمى، يەنە بىر يۈزىگە ھەرەمنىڭ رەسىمى چۈشۈرۈلگەن قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت يۇمىلاق كومۇش تەڭگە شەكىللىك بويۇم، بىر يۈزىگە «لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دېگەن سۆز ئويۇلغان قاراخانىيلارنىڭ مىس پۇلى قاتارلىقلار باركەن. 1944- يىلى ئالتىن ئاتۇشقا كەلگەن دەھشەتلىك كەلكۈندىن كېيىن، تۆركۆللۈك غوجى ئاخۇن ئىسىملىك دېھقان تۆركۆلنىڭ ئايىغىدىكى جاڭگالدىن ياتاق چېپىۋاتقۇچە تېپىۋالغان بىر دانە ئالتۇن تاجنى ئۈز ۋاقتىدا ھۆكۈمەت ئېلىۋالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ كىشىنىڭ لەقىمى «غوجى ئالتۇن» دەپ ئاتالغان.

11) مەن «ساغۇن» شەھىرىنىڭ خارابىسىنى كۆپ قېتىم تەكشۈرۈش جەريانىدا، قاراخانىيلارنىڭ تۈرلۈك دەۋرلىرىگە ۋە شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىگە ئائىت پۇللارنى تاپتىم. مەسىلەن،

رىسكى، ۋ . ف . سومەرلەر كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، خانىدانلىق-نى قۇرغۇچىلارنىڭ ياغمىلار ئىكەنلىكى كۆپرەك مۇقىملاشماقتا. چۈنكى، X ئەسىر جۇغراپىيە ئەسەرلىرىدىن «ھۆدۇدۇل ئالەم»دە كۆرسىتىلىشىچە، ياغمىلار ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى ۋە ئۇلارغا باشلىق بولغان ھۆكۈمدارمۇ ئۇيغۇر (توققۇز - غوز) ھۆكۈمدار ئائىلىسىدىن ئىدى. شۇ مەنبەلەرگە قارىغاندا، قەشقەر ۋە ئاتۇش شۇ چاغدا ياغمىلارنىڭ قولىدا ئىدى... قاراخانىيلارنىڭ قەبرىس-تانلىقىمۇ ئاتۇشتا ئىدى. «ھۇدۇدۇل ئالەم»دە، بۇلاقلارنىڭ ياغما قەبىلىسى تەركىبىدىكى بىر ئۇلۇش بولۇش بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلار بىلەن ئارىلاش ياشايدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. مەھمۇد قەشقەرىمۇ بۇلاقلارنىڭ ياغما قەبىلىرىدىن بىرى، ئىكەنلىكىنى يازغان. يەنە «مەجمەلۇتتەۋارىخ ۋەلقىساس»تا ياغما ھۆكۈمدارلىرى «بۇغراخان» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسەتكەن. مانا بۇلار ياغمىلار-نىڭ قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇرغۇچىلاردىن ئىكەنلىكىنى ئىسپات-لايدىغان ئەڭ كۈچلۈك دەلىلدۇر...»

تارىخىي ئەسەرلەردە كۆرسىتىلىشىچە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ دادىسى كۆل بىلگە، ئۇنىڭ ئوغلى بازىرخان، ئۇنىڭ ئوغلى سۇتۇق بۇغراخان، ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا باياتاش ۋە سۇلايمان ئارسلانخان. بۇلاردىن «شاھلار كوچىسى» نىڭ شىمالىغا 60 مېتىر كېلىدىغان بۇغراخانلار قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان-لار بازىرخان، خاقان ئوغۇلچاق، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان، ئەبۇ نەسىر سامانى قاتارلىقلار. بۇ قەبرىستانلىقنىڭ شىمالىغا بىر كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇندا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا باياتاش «بۇغرام» (ئالتىن ئاتۇشتىكى ھازىرقى «بۇغرام» دەپ ئاتىلىدىغان جاي)غا دەپنە قىلىنغان.

مېنىڭ چوڭ دادام ھاشىم قارىئاخۇنۇم ماڭا (ئاپتور) ئۇزۇن-

خاراب بولغان سېپىل دائىرىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، بۇ ئورۇندا 11
خارابە ئىزىنىڭ بارلىقى، تېپىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تېپىندىلارنىڭ خىلمۇخىللىقىغا ئاساسەن، «قەشقەرنىڭ قەدىمكى زامان تارىخى تېخى توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ يېتىپتۇ» دەپ قارىدىم. بۇ رايون ئەجدادلىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت مىراس قالتىمىنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى، تارىخىنىڭ ئۇزاقلىقىنى دەلىللەپ بېرىدۇ. شۇڭا، يېقىندىن بېرى ئارخېئولوگىيە خادىملىرىنىڭ كۆزى بۇ رايونغا جەددىي تىكىلمەكتە.

خۇلاسە شۇكى، «ساغۇن» شەھىرى خارابىسىنىڭ دائىرىسىنى دەلىللەيدىغان يۇقىرىقى ئاسار ئەتىقە ئورۇنلىرى قەدىمكى «ساغۇن» شەھىرى ھەققىدىكى تەتقىقات ئۈچۈن ياردىمى بار.

## 4. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يۇرتى، نەسەبى ۋە پەرزەنتلىرى

دۇنيانىڭ ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىدا ئېلىمىزنىڭ غەربىدە قۇرۇلغان قاراخانىيلار سۇلالىسى مىلادىيە 850 — 1212- يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈرۈپ، 362 يىلدىن كېيىن قىتانلار تەرىپىدىن يوق قىلىنىپ، تارىخ سەھنىسىدىن غايىب بولدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغۇچى قايسى تۈركىي خەلقلەر تەشكىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى توغرىسىدا تۈركىيە تارىخچىسى رېشاد گەنج «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 164-، 165- بەتلىرىدە مۇنداق دېگەن: «بۇ خانىدانلىقنىڭ قايسى تۈركىي خەلقلەر تەشكىلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى مەسىلىسى خېلىدىن بېرى تالاش - تارتىش بولۇپ كەلمەكتە. بۇ مەسىلىدە بىرمۇنچە كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا چىقماقتا. شۇنىڭ بىلەن بىللە ۋ. ۋ. بارتولد (1869 — 1930)، ۋ. مىنو-

بەردىم. سەن ھەر جۈمە كۈنى جۈمە نامىزىنى مۇسا بايتاشنىڭ جامەسىدە ئوقۇپ، جۈمەدىن يانغاندا مۇسا بايتاش قەبرىگاھىغا بېرىپ قۇرئان تىلاۋەت، دۇئا قىلىپ قايت» دېگەن.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان بولۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەزكۇر ئوغلىنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە بىر قىسىم ئائىلە ئەزالىرى توغرىسىدا خېلى تەپسىلىي مەلۇماتلار يېزىلغان بولسىمۇ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزلىرى توغرىسىدا مەلۇمات يوق دېيەرلىك بولۇپ، يېقىنقى ئەسىرلەر ئىچىدە بۇ ھەقتە يېزىلغان تەزكىرىلەر بار. مەسىلەن، XIX ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن ئەدىب ۋە تارىخچى موللاھاجىنىڭ «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» (تەزكىرەتۇل بۇغراخان)، قادىرئاخۇن كاتىپ، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم قاتارلىقلارنىڭ سۇلتان سۇتۇق ھەققىدىكى قوليازما ئەسەرلىرى، سەئىد قاسىم سەمەرقەندى يازغان «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»، موللا قاسىم دېگەن كىشى پارسچىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا نەسرىي ۋە نەزم شەكلىدە يازغان «تەزكىرەئى بۇغراخان»، ئالتىن ئاتۇش ۋاق ـ ۋاق كەنتىدىكى ئالانۇرخان بۇۋى ئىسىملىك ئايالدىكى پارسىي ۋە تۈركىي تىلىدا يېزىلغان «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» (بۇ تەزكىرىنىڭ ئاپتورى مەلۇم ئەمەس، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى مەلۇم قازىنىڭ مۆھرى بېسىلغان بولۇپ، ماگا تەپسىلىي كۆرۈشكە نېسىپ بولمىغان) قاتارلىق تەزكىرىلەردە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزلىرى ھەققىدە توختالغان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئالتىن ئاتۇش مەشھەد يېزىسىدىكى «شاھلار كوچىسى» دەپ ئاتالغان مەھەللىدىكى كوچىدا ئولتۇراقلاشقان. بۇ ئۇزۇن كوچا ھازىر ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ،

لۇقى تەخمىنەن 1.5 مېتىر، كەڭلىكى تەخمىنەن 30 سانتىمېتىر كېلىدىغان خوتەننىڭ لاتا قەغىزىگە يېزىلغان، باش تەرىپى ئايەتلەر بىلەن باشلىنىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مۇسا بايتاش قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ شەجەرىسى يېزىلغان نەسەبنامىنى كۆرسىتىپ، «بىز مۇسا بايتاشنىڭ ئەۋلادى، شۇنى يادىڭدا تۇت» دەپ، مۇسا بايتاش توغرىسىدا تۆۋەندىكى مەلۇماتنى سۆزلەپ بەرگەن: «مەن 1915- يىلىدىن ئىلگىرى (قوشقار شەھىرى)دە (قىرغىزىستاننىڭ ھازىرقى قوشقار شەھىرى) قىرغىز ئوقوغۇچىلارغا دەرس بېرىۋاتقان مەزگىلدە چار رۇسىيە بىلەن قىرغىز ئاتامانى تىزەك پاشا ئوتتۇرىسىدا قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، مەن (قوشقار)دىكى بىر خرىستىئان چېركاۋىغا كىرىۋېلىپ ئامان قالغاندىن كېيىن ۋەتەنگە قايتتىم.

بىر جۇمە كۈنى (بۇغرام)دىكى مۇسا بايتاش جامەسىگە كېلىپ جۇمە نامىزى ئوقۇدۇم. قارىسام، بۇ جامەگە مېنىڭ خەۋرىم يوق بىر كىشىنى خاتىپ قىلىپ قويۇپتۇ. جۇمەدىن يانغاندا جامائەتنى توختىتىپ: (مۆھتەرەم جامائەت، بۇ جامەنىڭ قانۇنلۇق خاتىپى مەن. سىلەر مېنى خەۋەرلەندۈرمەي، نېمە ئۈچۈن بۇ كىشىنى خاتىپ قىلىپ سايلىدىڭلار؟ مەن مۇسا بايتاشنىڭ ئەۋلادى) دەپ، قوينۇمدىن بۇ نەسەبنامىنى ئېلىپ، جامائەت ئالدىدا ئوقۇدۇم. بۇ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن تارتىپ تاكى كېيىنكى دەۋرلەرگە قەدەر ئۆتكەن پادىشاھ ئائىلىلىرىنىڭ نەسەبنامىسى بولۇپ، 26 قارىنىڭ مۆھرى بېسىلغان. جامائەت بۇ نەسەبنامىنىڭ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا ئۆزرە قويۇپ: (تەقسىر، سىلى بۇ جامەگە كىمنى خاتىپ قىلىپ توختىتىپ قويماقچى؟) دېگەندە، مەن: (سىلەر سايلىغان بۇ كىشى ھازىرچە خاتىپ بولۇپ تۇرسۇن) دەپ جاۋاب

قىلىنىپ كەلمەكتە. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەۋلادى بىلەن باشقا كىشىلەر مېيىتىنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش، مەخسۇس قەبرىستانلىقنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بۇ قەبرىستانلىقتا «مازار خەلقى» (ئاتۇش غوجىلىرى)دىن باشقا ۋاپات بولغانلارنى قويۇشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ خان جەمەت ئائىلە تەۋەلىرىدىن ۋاپات بولغان كىشىلەرمۇ قويۇپ كېلىنگەن بۇ قەبرىستانلىقتىكى قەبرىلەر 100 گە يېقىن بولۇپ، مەرىپەتپەرۋەر مەھمۇد ھېكىمبەگ[1] مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

تۆۋەندە، مەن ئۇزاقتىن بۇيان ئىزدىنىش ئارقىلىق قايتا-قايتا تۈزۈپ تەييارلىغان ئاتۇش غوجىلىرىنىڭ ئىككى خىل نەسەبنامە جەدۋىلى تونۇشتۇرۇلدى.

---

[1] مەھمۇد ھېكىمبەگ 1818- يىلى ئالتىن ئاتۇش مەشھەد كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق مىرەھمەت شەيخ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ 1825— 1833- يىللىرىچە ئانىسى ھەمراھ بۇۋى ئاچقان مەكتەپتە ۋە مەھەللىدىكى روزاخۇن خەلپىتىمنىڭ مەكتىپىدە ئوقۇغان؛ 1848- يىلىغىچە «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسەسى» ۋە قەشقەر «خانلىق مەدرىسەسى»دە ئوقۇغان. مەھمۇد ھېكىمبەگ ئۇزۇن ۋاقىتلا ئاتۇش، پەيزاۋاتتا بەگ بولغان. ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، چىڭ سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمرانى ليۇ جىنتاڭ (لو جايا) مەھمۇد ھېكىمبەگنى 1881- يىلى قومۇلغا 20 يىللىق سۈرگۈن قىلغان. ئۇ قومۇلنىڭ بارىكۆلدە تۇرغان، 1896- يىلى ئاقلىنىپ ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن ۋە 1898- يىلىغىچە ئارىلىقتا ھەج قىلغان. مەھمۇد ھېكىمبەگ 1902- يىلى ئاتۇشتىكى زور يەر تەۋرەشتە 84 يېشىدا ۋاپات بولغان. مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ بەزى تارىخىي ۋە نەزمىي ئەسەرلىرى بار.

كوچىنى شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان مەشھەد چوڭ يولى كېسىپ ئۆتىدۇ. «شاھلار كوچىسى»نىڭ غەربىي ئۇچى مەرھۇم ئىسمائىل مەخسۇم دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىنى پاسىل قىلغان. بۇ كوچىنىڭ شەرقىي ئۇچى مەرھۇم ئابدۇرەھمان ھاجىنىڭ ئۆيىنىڭ يېنىغا قەدەر سوزۇلغان. بۇ كوچا تەخمىنەن بىر كىلومېتىر كېلىدۇ. «شاھلار كوچىسى» سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئورۇنلاشقان كوچا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن كۆل بىلگە، بازىرخان، خاقان ئوغۇلچاق قاتارلىق پادىشاھلار بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلاردىن بۇرۇنقى پادىشاھلار «خانئۆي»، «ئەسكى ھېسار»دا تۇرغان. بۇ خىل كۆزقاراشنىڭ تارىخىي ئاساسى تۆۋەندىكىچە:

1) خاقان ئوغۇلچاق، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان «شاھلار كوچىسى»غا 150 مېتىر كېلىدىغان «بۇغراخانلار» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. قاراخانىيلار شاھلىرى، بولۇپمۇ بازىرخان ۋە خاقان ئوغۇلچاق، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان... قاتارلىق پادىشاھلاردىن بۆلەك خانلارنىڭ «بۇغراخانلار» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات بايقالمىدى.

2) سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا بايتاش ئازغان كەنتىدىكى «بۇغرام» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

3) سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى «بۇد تەكەخېنىم» (بۇد تەركەن خاتۇن) بۇ كوچىنىڭ غەربىي ئۇچىدىن جەنۇبقا بىر كىلومېتىر كېلىدىغان ئورۇندىكى قۇمباغ مەسچىتىنىڭ جەنۇبىي تېمىغا يانداش دەپنە قىلىنغان.

4) سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەۋلادلىرىنى ئاتۇشتا «مازار خەلقى» دەپ ئاتايدۇ. ئۇلارنىڭ تارىختىن بېرى ئايرىم قەبرىستانلىقى بولۇپ، بۇ قەبرىستانلىقتا ھازىرغىچە ۋاپات بولغانلار دەپنە


3) تاش غوجا
(1) قۇتلۇق بېگىم
(2) قىتمىرخان هاجىم
تاش بەگ
داۋۇت بەگ
شىرمەت بەگ
(3) دوسمەد غوجا
مويدىن بەگ
ئابدۇرېھىم
(4) مىرئەھمەدخان غوجا
(5) ئەمەت غوجا
يولداش بەگ
پاشا خېنىم
(6) پاتىمە خېنىم
(7) خان كىش خېنىم (قەشقەردىكى
ئابدۇقادىر قارىكالانغا ياتلىق بولغان)
4. هېۋى خېنىم
1) مامۇت قارىئاخۇنۇم
2) هىمىت هاجىم

## ئاتۇش غوجىلىرىنىڭ نەسەبنامىسى



## ئانوش (1)


3) مىرغوجا
(1) مۇجابىر غوجا
(2) مۇھاجىر غوجا
ئابدۇرېشىت خان
سابىت غوجا
ھىمىت غوجا
پاتىمەم
ئادىلە
ئاسىم خېنىم
مۇسا بەگ
(3) ئەمەت غوجا
(4) ئابدۇرېشىت غوجا
ئابدۇلئەھەد
(5) ئىمىت غوجا
(6) سابىت غوجا (كوچادا ۋاپات بولغان)
(7) ھەجەر خېنىم
(8) ئايىم خېنىم

(1) شىرخان ھاجىم

(2) ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم

(3) مامۇت ھاجىم

(4) ساۋۇت ھاجىم

(5) ئابىدە خېنىم

3) مىجىت ھاجىم

(1) مۇھەممەد خان مەخسۇم

(2) ئوبۇلقاسىمخان مەخسۇم

3) رەھمىتىللاخان مەخسۇم

(4) ئابدۇرەھمان مەخسۇم

(5) ھاجى ئەسما خېنىم

(6) ھاشى خېنىم

(7) ھايىسى خېنىم

5. مەھمۇد ھېكىمبەگ

1) ئابدۇرېشىت غوجا

2) جىرجىس غوجا


مۇھەممەددىن تەلئەت
ئابدۇقادىر بەگ
(2) سەيپى مىراب
سەلەي ھاجىم
بوۋاق شەيخ
شەمشىددىن ھاجىم
سەلەي مىراب
(3) غەزەنبەر ئاخۇنۇم
ھېلىم ھاجىم
كېرىمئاخۇن
نەپىسئاخۇن
غوجائاخۇن
(4) داۋۇت غوجا
يۈسۈپ ھاجىم
نەسرىددىن شەيخ ھاجىم
ئابدۇقادىرئاخۇن
خەلىچەخان
ئابدۇرېھىم خان
ئىبراھىم شەيخ
I ھەلىخان غوجا (بۇ كىشىنىڭ ئاتىسى مەلۇم ئەمەس)
1. ھالۋاسىرئاخۇنۇم




كاخ غوجا ئەۋلادلىرى



5) سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئانىسى ۋە ئايالىنىڭ ئىسمى توغرىسىدا ھازىرغىچە تارىخىي مەلۇمات بايقالمىدى. قەشقەر تارىخچىسى ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ھۈسەيىننىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە مەلۇمات بارلىقى مەلۇم ئەمەس. شۇڭا، پادىشاھلارنىڭ ئايال ئائىلە ئەزالىرىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا نېمە دەپ ئاتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى مەلۇماتلارغا ئاساسلىنىشقا توغرا كېلىدۇ. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بايانىغا ئاساسەن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئانىسىنى «تەركەن خاتۇن» نامىدىكى سۆپەت سۆزى بىلەن ئاتىساق، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئايالىنى «تۇركەن خاتۇن» ياكى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ تەبىرى بىلەن «ئالتۇن تارىم» دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. چۈنكى، مەھمۇد قەشقەرى «ئالتۇن تارىم، ئۇنۋانىمۇ خانىدانغا مەنسۇپ خاتۇنلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆپەتلەردىن بىرى ئىدى»[1] دەپ ئېيتقان.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئايالىنىڭ يۇرتى تۆركۆلدىكى «ئۇزۇن كوچا» مەھەللىسىگە قاراشلىق «نۇرئەلانۇرخان» ناملىق تارىخىي ئىز بىلەن باغلىنىشلىق. بۇ كۆزقاراشقا مايىل بولۇشنىڭ ئاساسى شۇكى، تۆركۆل كەنتىدىكى «ئۇزۇن كوچا»نىڭ شەرقىي جەنۇبىي تامانىغا جايلاشقان «ساغان يولى» (ساغۇن يولى) تۆۋىدە «نۇرئەلانۇرخان» ناملىق بىر تارىخىي ئىز بار. «ئۇزۇن كوچا» مەھەللىسىدە ياشاۋاتقان 90 ياشقا كىرگەن ئابدۇللا ھېلىم دېگەن كىشى ماڭا: «بۇ تارىخىي ئىز بار جايدا بىر توپ قاپاق تېرەك بولۇپ، بۇ تارىخىي ئىز بىر مودىن كۆپرەك كېلەتتى. قەدىمدىن

[1] رىشاد گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» 250- بەت.

- 2. ناسىرئاخۇنۇم
- 3. قادىرئاخۇنۇم
- 4. ئەسەدغوجا
- 5. ئەھمەدغوجا
- 6. گۈلسۇم خېنىم
- 7. سوپىيەخېنىم
- 8. ھوسۇرخېنىم
- 9. بەسرەخېنىم

II يۇسۇپ غوجا شەيخ

- 1. كىچىكئاخۇنۇم
- 2. قاسىمئاخۇنۇم
- 3. سامەخېنىم
- 4. ئامىنەخېنىم

III مۇھەممەد دېھقان ئاخۇنزادەم

- 1. ئابدۇللا غوجا
- 2. مۇتەللىپئاخۇنۇم
- 3. نەيىم بانەخېنىم
- 4. ھېلىم بانەخېنىم

ئەسكەرتىش: بۇ نەسەبنامىدە ئىسمى يېزىلغانلار ئۆزىنى «مازار خەلقى» (غوجىلار)، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەۋلادى بىز» دەپ قارايدۇ.

ـكەن. ئاپتورى نامەلۇم «سىراجىل ئالەم» (ئالەمنىڭ چىرىغى) ناملىق تەزكىرىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزلىرى تۇركەن خاتۇن، خورنە بىبى، ھەدىي تۇركەن، نۇرئەلانۇرخېنىم دەپ يېزىلغان.-«تەزكىرەئى بۇغراخان» ناملىق تەزكىرە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇل - قىزى ۋە نەۋرىلىرى توغرىسىدىكى بايانى يورۇتۇپ بېرىشكە بىرقەدەر پايدىلىق. نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن پارس تىلىدا يېزىلغان بۇ تەزكىرىنى يېگىسارلىق موللا قاسىم ھىجرىيە 1245- يىلى (1829-، 1830- يىللىرى) چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىغا نەسرىي ۋە نەزم شەكلىدە تەرجىمە قىلغان.

«تەزكىرەئى بۇغراخان» ناملىق تەزكىرىدە يېزىلىشىچە، قاراخانىيلارنىڭ ئاۋام خەلققە بېرىدىغان نەزىر ئاش «بۇغرا ئاش» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل ئاشقا نوقۇت سېلىپ تەييارلىنىدىكەن. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مىنىدىغان ئېتى قارا قاشقا ئارغىماق بولۇپ، ياش ۋاقتىدا بېشىغا ئادەتتە قالپاق كىيگەن. لېكىن، جەڭگە ساۋۇت - دۇبۇلغا، ئوقيا، قىلىچ بىلەن كىرگەن.

بۇ تەزكىرىدە، ئەبۇ نەسىر سامانىي[1] نىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا مۇنداق مەلۇمات يېزىلغان: «ئەبۇ نەسىر سامانىي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى

[1] بۇ ھەقتە ئىككى خىل مەلۇمات بار. بىرىنچى، ئەبۇ نەسىر سامانىي دىن تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن. بۇ، تارىخىي ئەسەر ۋە تەزكىرىلەردە تەكىتلەنگەن. ئىككىنچى، ئەبۇ نەسىر سامانىي ئەسلىدە سامانىيلار خانلىقى (870 — 1000- يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ شاھزادىسى بولۇپ، ئۇ ناسىرII (914 — 943- يىلىغىچە پادىشاھ بولغان) نىڭ ۋاقتىدا سامانىيلارنىڭ ھۆكۈمران تەبىقىسى ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىچكى ئۇرۇشتە ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراپ، قاراخانىيلارنىڭ پايتەختى قەشقەرگە قېچىپ كەلگەن. خاقان ئوغۇلچاق ئۇنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ئاتۇشنىڭ ھاكىملىقىغا قويغان، كېيىن قازا قىلغاندا شاھ قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

تارتىپ بۇ ئورۇنغا يۇرت كاتتىلىرى باھار پەسلىدە يىغىلىپ، قازان ئاستۇرۇپ ئاش پىشۇراتتى. يۇرتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇشۇ جايدا مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتەتتى...» دېگەن.

نۇرئەلانۇرخان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ قىزى بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى «تەركەن خاتۇن» ياكى «ئالتۇن تارىم» تۆركۆلدىكى مۇشۇ مەھەللىدە ئولتۇراقلاشقان يۇقىرى قاتلامدىكى نوپۇزلۇق كىشىنىڭ قىزى ياكى نۇرئەلانۇرخان بۇ ئورۇندىكى نوپۇزلۇق بىر كىشىگە ياتلىق بولغان بولسا كېرەك. بولمىسا، بۇ ئورۇن «نۇرئەلانۇرخان» نامى بىلەن ئاتالماس ئىدى. چۈنكى، بۇ جايدا ھازىر «ساغان» (ساغۇن) كوچىسى بولۇپ، «ساغۇن» شەھىرىنىڭ جەنۇبى دەل مۇشۇ رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جاينىڭ غەربىي شىمالىدا «ساراي بويى» (پادىشاھ سارىيى يېنى) ناملىق تارىخىي ئورۇن بار. بۇنىڭدىن باشقا، «يەر قورغان»، «سالاتلا قەبرىسى» بار. «سالاتلا» — «سالغۇ ئاتلار» مەنىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرچە سۆز بولۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەخسۇس ئاتلىرىنى باقىدىغان كىشى.



مەرھۇم ھاجى نۇرھاجى يازغان «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ 69- بېتىدىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ سىزما رەسمى.

بەزى تەزكىرىلەردە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بالىلىرىنى ئوسمان بۇغرا، ھەسەن بۇغرا، نۇرئەلانۇرخان، نەسىپ تۇركەن خېنىم، بۇدتەركەن خېنىم، نەۋرىلەر ئىچىدە مەشھۇر بولغىنى ئەلى ئارسلانخان دەپ كۆرسەت-

خانىنىڭ تۆت ئوغۇل، ئۈچ قىزى بار ئىدى. ھەسەن بۇغرا، ھۈسەيىن بۇغرا، ئەسەن بۇغرا، ئوسمان بۇغرا؛ قىزلىرى نۇرئەلا نۇرخان، تۇركەن خانىم، ھەدىيەت تۇركەن خانىم». مەزكۇر تەزكىرىدە نۇرئەلانۇرخان توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە مەلۇمات يېزىلغان: «... نۇر ئەلانۇرخاننى ئەزرۇي (شەرئەتكە بىنائەن) توق بۇغراخانغا نىكاھلاپ بەرگەن، ئۇ كىشىدىن نۇرئەلانۇرخان ئۈچ ئوغۇل كۆرگەن. بۇلار مەھەممەد ئەلى ئارسلانخان، يۇسۇپ ئەلى ئارسلانخان، قىزىل ئارسلانخان (پادىشاھ بولغان)».

يۇقىرىقى تەزكىرىدە يەنە نەسەب تۇركەن خانىم توغرىسىدا مۇنداق يېزىلغان: «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ قىزى تۇركەن خاتۇن سۇلتان ئىلىك مازىغا ياتلىق قىلىنغان. بۇ كىشىدىن بىر قىز تۇغۇلۇپ بالاغەتكە يەتكەندە، بۇ قىزنى كامالىددىن ئاتلىق بىر كىشىگە بەرگەن. سۇلتان ئىلىك يەنە بىر قىزنى سەمەر- قەندلىك جالالىددىن دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ماھاۋۇددىنگە بەرگەن. ماھاۋۇددىندىن خوجا مۇھەممەد شېرىپ تۇغۇلدى. خوجا مۇھەممەد شېرىپنىڭ ئانىسى زۇلەيخا بېگىم ئىدى».

### 5. «يەر يۇتتى» دېگەن نامنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شىنجاڭ بويىچە تۇنجى ئازنا مەسچىتىنىڭ قۇرۇلۇشى

ھازىرقى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان جامەسىنىڭ شەرقىي شىمالىدا تارىخىي ناملارغا ئىگە بىرقانچە ئورۇن بار. مەسىلەن، «يەر يۇتتى» ناملىق ئورۇن. ھازىرقى مەشھەد باشلانغۇچ مەكتەپىنىڭ ئورنىدا «چىنىباغ» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئورۇندا ئاتۇش غوجىلىرى ئولتۇراقلاشقان دائىرە بار. مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئۆيى «چىنىباغ» نىڭ شىمالىدىكى «لەگگەرباغ» دېگەن ئورۇندا بولغان.

ئوبۇل پەتتاھ ئەنجانغا كەلدى. ئەبۇ نەسىر سامانىي ئەنجاندا بىر كىشى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ كىشى ئەبۇ نەسىر سامانىيگە ئەھۋال تونۇشتۇرۇپ: «كاشغەر تۆرەسىنىڭ بىر ئوغلى بار، ئىسمى سۇتۇق بۇغرا. ئۇ تېخى كىچىك، سىلىنىڭ بۇ سۆزلىرىگە جاۋاب بەرگۈچىلىكى يوق» دېدى. ئەبۇ نەسىر سامانىي 300 كارۋان بىلەن كاشغەرگە كەلدى. بۇ جايدا 12 يىل ئىبادەت بىلەن شۇغۇللاندى، 7000 كىشىنى مۇسۇلمان قىلدى، 70 كىشىنى يېتىشتۇردى، 50 كىشىنى ئالىم قىلدى، 80 يىل ئۆمۈر كۆردى، 70 كىشى ئىچىدىن غوجى نەجمىددىن ئەتتار ئالاھىدە يېتىشكەن ئىدى».

مەزكۇر تەزكىرىنىڭ 29- بابىدا شەيخ مۇھەممەد نەجمىددىن ئەتتار توغرىسىدا مۇنداق يېزىلغان: «شەيخ مۇھەممەد نەجمىددىن ئەتتار ھېسار شەھىرىدىن بولۇپ، كەسپى تىجارەتچى، كارۋان بېشى ئىدى. ئۇ پەرخار[1] شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان. شەيخ مۇھەممەد نەجمىددىن ئەتتار سېخىي، مەرد، بىلىملىك كىشى ئىدى. ئۇ 12 پەرزەنت كۆرگەن. كېيىن كارۋان بىلەن كېلىپ، ئەبۇ نەسىر سامانىي بىلەن تونۇشۇپ، ئىلىم جەھەتتە يۇقىرى ئابرۇيغا ئىگە بولغان. ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ مېيىت نامىزىغا 11700 كىشى داخىل بولدى».

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغۇل - قىزلىرى توغرىسىدا يۇقىرىقى تەزكىرىدە مۇنداق يېزىلغان: «سۇلتان سۇتۇق بۇغرا-

---

[1] پەرخار شەھىرى «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق ئەسەرنىڭ 158- بېتىدە «بارغار» ، «بۇخارا دەرياسى مۇشۇ جايدىن باشلىنىدۇ» (تۈركچە چېكىرىسى ئىچىدە) دەپ يېزىلغان. «ھۇدۇدۇل ئالەم»نىڭ 190- بېتىدە 25- باب «ماۋەرا ئۇننەھر ۋە ئۇنىڭ بازارلىرى توغرىسىدا» ناملىق ماۋزۇدىكى مەلۇماتتىمۇ «پارغار» دەپ يېزىلغان.

ئۇغۇلچاق ئەتىسى ئۇرد بىدىكى بارلىق ئەمەلدارلار، بۇددىست راھىبلار ۋە ئاۋام خەلقنى يىغىپ، ئاتۇشنىڭ قۇمباغ كەنتىگە بىر بۇتخانا سېلىشنى جاكارلاپ، خاقان ئۇغۇلچاق باشلىق بارلىق بۇددىستلار بۇ ئورۇنغا توپلانغان.

بۇ خەۋەردىن بۇرۇنراق خەۋەر تاپقان شاھزادە سۇتۇق ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى بايان قىلغان. ئەبۇ نەسىر سامانىي: «سىز ئەتە بۇتخانا سېلىنىدىغان ئورۇنغا بېرىپ بىسمىللاھىررەھمانىر رەھىم بەنىيىتى ئازنا مەسچىت بولسۇن دەپ، قانداق ئىشقا بۇيرۇسا قىلىۋېرىڭ» دېگەن. شاھزادە سۇتۇق ئەتىسى بۇتخانا سېلىنىدىغان ئورۇنغا كەلگەندە، خاقان ئۇغۇلچاق: «ھەي ئوغلۇم، سىزنى ئىسلام دىنىغا كىردى دېگەن گەپ-سۆزلەر بار. ئەگەر كىرمىگەن بولسىڭىز، بۇ بۇتخانا سېلىنىدىغان ئورۇنغا ئاۋۋال خىش توشۇپ بېسىپ بېرىڭ» دېگەن. شاھزادە سۇتۇق خىشنى قولىغا ئېلىپ، ئىچىدە «بەنىيىتى ئازنا مەسچىت بولسۇن» دەپ خىش باسقان. ئۇ تۆتىنچى خىشنى قولىغا ئالغاندا، خاقان ئۇغۇلچاق: «بولدى ئوغلۇم، سىزگە ئىشەندىم، قايتىپ كېتىڭ» دېگەن. شاھزادە سۇتۇق بۇ ئىشنىڭ كەينىگە سوزۇلۇپ كەتسە ئۆزىگە تەھدىت بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئەبۇ نەسىر سامانىيگە: «... قوراللىق ھوجۇم بىلەن خاقان ئۇغۇلچاقتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئىسلام دىنىنى ئاشكارا تارقىتىش نىيىتىم بار» دېگەن. ئەبۇ نەسىر سامانىي بۇ پىلانغا قوشۇلغان».

خۇاتاۋ ئەپەندى يازغان «X—VIII ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات» ناملىق كىتابىنىڭ 488-بېتىدە: «... بىرىنچى قېتىم سۇلتان سۇتۇق بوغراخاننىڭ قوراللىق كۈچلىرى بىلەن خاقان ئۇغۇلچاقنىڭ قوراللىق كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدا ئاتبېشى شەھرىدە (ھازىرقى قىرغىزىستاندا) ئۇرۇش

يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتىغا قارىغاندا، كېيىنكى ئەسىرلەردىكى ھاكىمىيەت دائىرىلىرى بۇ غوجىلاردىن باج ـ سېلىق، ئالۋان ـ ياساق ئالماي كەلگەن. تارىختىن بۇيان «چىنىباغ» رايونىدا بۇ غوجىلاردىن قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆلتۈراقلىشىپ، ياشاپ ئۆتكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. «چىنىباغ» رايونىنىڭ شىمال تەرىپىدە «لەڭگەر»، ئۇنىڭ شىمالىدا «كونا لەڭگەر» ناملىق ئورۇنلار بولۇپ، بۇ ئورۇنلاردا كارۋان سارايلارنىڭ بولغانلىقى، ھەرقايسى تەرەپتىن كەلگەن كارۋانلارنىڭ بۇ لەڭگەرلەرگە چۈشۈپ، ماللىرىنى ساتىدىغانلىقى مەلۇم. چۈنكى، ئۆز ۋاقتىدىكى ئوچا بازىرى «لەڭگەر»گە يېقىن ئىدى. كىشىلەر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى ئەتراپىدىكى يەر ناملىرى ئىچىدە يەنە «لەڭگەرباغ»، «ھاسا باغ» (ھىسار باغ)، «چاھار-باغ» دەپ ئاتىلىدىغان تارىخىي ئورۇنلارنى ساناپ ئۆتىدۇ.

«تەزكىرەئى بۇغراخان»دا تۆۋەندىكىچە مەلۇمات يېزىلغان:

«... شاھزادە سۇتۇق ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى ئەبۇ نەسىر سامانىيىنىڭ دالالىتى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. بىرقانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، بۇ ئەھۋال شاھزادە سۇتۇقنىڭ ئۆگەي دادىسى خاقان ئوغۇلچاقنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. خاقان ئوغۇلچاق بۇ ياش شاھزادىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا ئوردىدا مەسلىھەت قىلىپ، شاھزادە سۇتۇقنى ئۆلتۈرۈش قارار قىلىندى. خاقان ئوغۇلچاق شاھزادە سۇتۇقنىڭ ئانىسى (ئۆزىنىڭ خوتۇنى) غا: ‹بالىڭىز ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، دىنىمىزدىن چىقىپتۇ. شۇڭا، ئۇنى ئۆلتۈرۈش قارار قىلىندى› دېگەن. ‹تەركەن خاتۇن› خاقان ئوغۇلچاققا: ‹بالامنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق پاكىت يوق. ئاۋۋال سىناپ كۆرۈڭلار، ئەگەردە سىناقتىن ئۆتەلمىسە ئاندىن بىرنەرسە دەڭلار› دېگەن. خاقان

ئىمان ئېيت» دېگەن. خاقان ئۇغۇلچاق ئىمان ئېيتمىغان. شاھزادە سۇتۇق دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ: «ھەي ئاللا، بۇ كىشىنى يەر ئىچىگە ئالغايسەن» دېگەن. شۇ ھامان يەر يېرىلىپ خاقان ئۇغۇلچاقنى يەر يۇتۇۋەتكەن. ئەتىسى ئاشكارا ھالدا بەش ۋاخ نامازغا ئەزان ئېيتىلغان. قۇمباغدىكى بۇتخانا ئازنا مەسچىتكە ئۆزگەرتىلىپ، جۈمە نامىزى ئوقۇلىدىغان بولغان.

خاقان ئۇغۇلچاقنى مەيلى يەر يۇتسۇن ياكى شاھزادە سۇتۇق ئۆلتۈرسۇن، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگىنى ئەمەلىيەت. «يەر يۇتتى» دېگەن تارىخىي ئورۇن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان جامەسىنىڭ دەرۋازا شىمالىدىكى قەبرىستانلىقتا كىرىدىغان يولنىڭ يان تەرىپىدە ھازىرمۇ بار. بۇ ئورۇن تاكى يېقىنغىچە چوڭقۇر زەيكەش ئىدى. لى جىنشىن يازغان «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ 2- بېتىدە: «ئەبۇ نەسىر سامانىي ئۆزى ئۈچۈن ئاتۇشتا بىر مەسچىت سالغان. بۇ، شىنجاڭدا ئەڭ بۇرۇن سېلىنغان مەسچىت» دېيىلگەن. لېكىن، بۇ مەسچىتنىڭ ئورنى توغرىسىدا ھېچنېمە دېيىلمىگەن.

XIV ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر تارىخچى ئەبۇل پەزلى مۇھەممەت جامال قارشى XI ئەسىردە ئۆتكەن ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ھۈسەيىنىنىڭ «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈپ يازغان «سۇرراھ لۇغەتىگە تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق بايان بار: «... تۈركلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بازىر ئارسلانخاننىڭ قېرىندىشى ئۇغۇلچاق قىدىرخاننىڭ قولىغا ئۆتكەندە، سامانىيلار پادىشاھى ئىسمائىل ئىبنى مەنسۇرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن نارازى بولغان ئۇكىسى ئەبۇ نەسىر سامانىي كاشغەردىكى ئۇغۇلچاق قىدىرخاننىڭ يېنىغا كېلىۋالغان. ئۇغۇلچاق ئەبۇ نەسىر سامانىيگە ئالاھىدە مەرھەمەت قىلىپ: ‹ئۆز

بولۇپ، ئات بېشى شەھەرنى خاقان ئوغۇلچاقتىن تارتىۋالغان» دېيىلگەن. شاھزادە سۇتۇقنىڭ خاقان ئوغۇلچاقتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتىكى بۇ تۇنجى ھەربىي ھەرىكىتى ئىسلام دىنىدىكى سامانىيلارنىڭ قىزغىن قوللاپ ياردەم بېرىشىگە ئېرىشكەن.

«تەزكىرەئى بۇغراخان»دا رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ياردەمچى قوشۇن بىلەن قەشقەرگە تېز يۈرۈش قىلغان شاھزادە سۇتۇق بورانلىق بىر كېچىدە خاقان ئوغۇلچاقنىڭ مەشھەد «چىنىباغ»دىكى يازلىق ئارامگاھىغا باستۇرۇپ كىرىپ، 40 ئات، يېتەرلىك قورال - ياراغ، جابدۇقلارنى ئېلىپ، ئارغۇ كەنتىنىڭ شىمالىدىكى «تۆگە تاغ»نىڭ «جاي پەچچىم» دېگەن يېرىگە ئورۇنلاشقان. خاقان ئوغۇلچاق نۇرغۇن لەشكەر بىلەن بېرىپ ئورۇشقاندا، شاھزادە سۇتۇق «تۆگە تاغ»نىڭ ئەپلىك يەر شارائىتىدىن پايدىلىنىپ تاقابىل تۇرغان. ئۇرۇش جەريانىدا شاھزادە سۇتۇقنىڭ قوشۇنىغا تەرەپ - تەرەپتىن ئادەم قوشۇلۇپ، قوشۇنىنىڭ سانى 12 مىڭغا يەتكەن.

بىر مەزگىلدىن كېيىن، شاھزادە سۇتۇقنىڭ لەشكەرلىرى قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، خاقان ئوغۇلچاقنىڭ لەشكەرلىرىنى مەغلۇپ قىلغان. شاھزادە سۇتۇق خاقان ئوغۇلچاقنىڭ «چىنىباغ»دىكى ئارامگاھىغا باستۇرۇپ كىرگەن كېچىدە ئۇ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن، يېنىدا بىر كىشى چىراغ كۆتۈرۈپ تۇرغان ئىكەن. شاھزادە سۇتۇق يېنىدىن شەمشىرىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئىنتىلىپ توختاپ قالغان. كۆڭلىدە «ئۆگەي دادام ماڭا تۇز - نان بەرگەن، ئۇنى ئويغىتىپ ئىسلامغا دالالەت قىلىپ باقاي، ئۇنىمىسا ئاندىن...» دەپ، شەمشىرىنىڭ ئۇچىنى خاقان ئوغۇلچاقنىڭ پۇتىغا سانجىپ ئويغاتقان. شاھزادە سۇتۇق شەمشەر تۇتقان ھالدا: « «لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ» دەپ



«بۇد تەكەخېنىم» (بۇد تەركەن خانىم) نىڭ جەسەتى قويۇلغان ئىدى. «بۇد تەكەخېنىم» X ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ۋاپات بولغان، بۇگۈنگىچە تەخمىنەن 1000 يىلدىن ئارتۇق تارىخ-قا ئىگە ئاسار ئەتىقە ئورنى. مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتقان بۇ خېنىمنى كىشىلەر تاۋاپ قىلىپ دۇئا - تەكبىر ئوقۇپ قايتاتتى. كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدى-غان يېرى شۇكى، ھۆكۈمەتنىڭ رۇخسىتىسىز كەنت ئەمەلدارلىرى بىر قىسىم يېڭىدىن باي بولغان كىشىلەر بىلەن بىرلىكتە دېھقانلارنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، ئازنا مەسچىتنى قايتا يېڭىلاش سەۋەبى بىلەن بۇ گۈمبەزنى چېقىپ، مەسچىت ئىچىگە قېتىۋەتكەن. تارىختىن قىلچە خەۋىرى يوق ياكى بۇ ھەقتە ئار - تولا قۇلاق موللىسى كىشىلەر تارىخي تەتقىقات ئەھمىيىتىگە ئىگە بۇ گۈمبەزنى چېقىشنى ئادەتتىكى ئىش دەپ قاراپ پاك - پاكىز تۈزلىۋەتكەن.

مەن يېقىندا بۇ جاينى زىيارەت قىلىپ، بۇ مەسچىتنىڭ مەزىنىدىن: « ‹بۇد تەكەخېنىم›نىڭ گۈمبىزى قېنى؟» دەپ سورىدىم. ئۇ كىشى: «بۇ گۈمبەزنى مەسچىت ياساشقا ئىگە بولغان كىشىلەر چاقتۇرۇپ، تۈزلەپ مەسچىت ئىچىگە قوشۇۋەتتى» دەپ جاۋاب بېرىپ، مېنى مەسچىت ئىچىگە باشلاپ كىرىپ بىر ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى. ھۇجرىدىن كىرىپ قارىسام، مېيىت قويىدىغان جىنازا، قازان، مەسچىتكە كېرەكلىك نەرسىلەر تۇراتتى. ئۇ كىشى ماڭا بىر تاشنى كۆرسىتىپ: «بۇ، ‹بۇد تەكەخېنىم›نىڭ ياتقان ئورنىغا قويۇپ قويۇلغان تاش»

ئۆيىگىزدىكىدەك تۇرۇۋېرىڭ، قىرىندىشىڭىز سىزگە جاپا قىلغان بولسا، مەن سىزگە ۋاپا قىلىمەن» دەپ، ئۇنى ئارتۇچنىڭ ھاكىملىقىغا تەيىنلىگەن. شۇنىڭ بىلەن كارۋانلار بۇخارا ۋە سەمەرقەندتىن ئارتۇچقا كېلىپ، مىلىچ مال ۋە رەختلىرىنى سېتىپ كېتىدىغان بولدى. (ئەينى چاغدا) ئۇ ئىسمىل سوۋغاتلاردىن ئوغۇلچاق قىدىرخانغا ھەدىيە قىلىپ، كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئۇنى رازى قىلىپ تۇردى... شۇنىڭ بىلەن ئۇزاق مۇددەت سىناقتىن ئۆتمىگەن ئەبۇ نەسر سامانىيگە خاقان ئوغۇلچاق ئىشىنىپ كەتكەن. ئەبۇ نەسر سامانىي: «رەببىمگە ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مەسچىت سالماقچى ئىدىم، بىر كالا تېرىسىچىلىك چوڭلۇقتا يەر بەرگەن بولسىلا» دەپ سورىغاندا، خاقان ئوغۇلچاق: «قەيەرنى خالىسىلا، شۇ يەرنى ئالسىلا» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇ نەسر سامانىي بىر كالىنى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىدىن تىلغان تالالارنى بىر - بىرىگە ئۇلاپ، بىر پارچە يەرنى چۆرىدەپ تارتىپ، شۇ يەرگە مەسچىت سالغان. بۇ دەل ھازىرقى ئاتۇش جامەسى نامى بىلەن مەشھۇر بولغان مەسچىتنىڭ ئۆزىدۇر».

مېنىڭچە، بۇ مەسچىتنىڭ ئۇنىڭ ئورنىنى ئىنچىكە تەتقىق قىلىپ، ئاندىن مۇقىملاشتۇرۇش لازىم.

## 6. بەلگە تاشقا ئايلانغان «بۇد تەركەنخېنىم»

ئاتۇش شەھىرىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان مەشھەد كەنتىگە تەۋە قۇمباغنىڭ خىلۋەت بىر ئورنىدا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مىلادىيە X ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا، بۇتخانىنى ئازنا مەسچىتكە ئۆزگەرتىپ سالدۇرغان جامەنىڭ جەنۇبىي تېمىغا يۆلەپ قوپۇرۇلغان چىرايلىق بىر گۈمبەز بولۇپ، بۇ گۈمبەز ئىچىگە

دېگەن ئىزاھاتتىن، بۇ دەۋردە ھۆكۈمدارنىڭ خوتۇنىدىن باشقا خانىدانلىغا مەنسۇپ خانىكەلەرگىمۇ «خاتۇن» نامى بېرىلگەنلىكى مەلۇم. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 487 - بەتتىكى تۆتلۈك شېئىردا، ھۆكۈمدار ئۇنۋانى ھېسابلانغان «تەركەن» بىلەن بىللە «تەركەن قاتۇن» دەپ ئاتالغان.

تەركەن قاتۇن قاتىڭا،
تەگۈر مەندىن قوشۇغ.
ئايغىل سىزنىڭ تاپۇغچى،
ئۆتمۈر يېگى قاپۇغ.

يەشمىسى: تەركەن خاتۇن يېنىغا مەندىن بىر قوشاق ئەۋەت ۋە شۇنداق دېگىن: سىزنىڭ خىزمەتكارىڭىز يېڭى خىزمەت تىلەيدۇ...

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ سۆزنى «تەركەن قۇتى» شەكلىدە بەرگەن، بۇ جەھەتتىن ھۆكۈمدارغا «تەركەن قۇتى» دەپ خىتاب قىلغان. قاراخانىيلاردىكى ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەرنىڭ خاتۇنىغىمۇ «تەركەن قاتۇن قۇتى» دەپ خىتاب قىلغانلىقى ئېھتىمالغا بەكمۇ يېقىن... قاراخانىيلار خاتۇنلىرىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش جەھەتتە قانداق رول ئوينىغانلىقىغا دائىر مەلۇماتلارغا ئىگە ئەمەسمىز. «تەركەن خاتۇن»، «باش خاتۇن»، «قۇنچۇي» ۋە «قاتۇن قۇنچۇي» ھۆكۈمدارنىڭ باشقا خوتۇنلىرىنىڭ ئۇنۋا- نىنى كۆرسىتىدىغان بىر خىل ئۇنۋان ئىدى... قاراخانىيلار دەۋرىدە ھەم ھۆكۈمدار، ھەم خاتۇنلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن «تەركەن» ئۇنۋانى بۇ دۆلەت ۋاستىسى بىلەن سالجۇقىيلەر باشلىق بەزى تۈركىي ئەللەرگە مەخسۇس خاتۇن ئۇنۋانى بولۇپ

دېدى. مەن 5 كىلوگىرام كېلىدىغان بۇ تاشقا قاراپ: «تووۋا قىلدىم، بۇد تەكەخېنىم 5 كىلوگراملىق بەلگە تاشقا ئايلىنىپ كېتىپتۇ- دە!» دەپ، مەسچىت ياسىغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى ئۆزى بىلگەنچە چېقىپ، يوقىتىپ، بۇزغۇنچىلىق قىلغانلىقىدىن كۆپ ئەپسۇسلاندىم.

«بۇد تەركەن خاتۇن» توغرىسىدىكى ئاساسىي تارىخىي مەلۇماتلار تۆۋەندىكىچە:

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزلىرىنى سۇپەتلەش سۆزى بىلەن «بۇد تەكەخېنىم» (بۇد تەركەن خانىم) دەپ ئاتىساقمۇ بولىدۇ. بۇ سۆزدىكى «بۇد»نىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ ھەقتە مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» 3- توم 166- بەتتە مۇنداق تەبىر بەرگەن: «بىر خىل قىممەتلىك، چوڭ يېشىل چەش (پېروزە) بولۇپ، ئۇلۇغلارنىڭ ئوغۇل ۋە قىزلىرى ماڭلىيىغا تاقايدۇ، قىز بۇد ئورىدى، قىز پىروزە تاقىدى». بۇ مەلۇماتتىن قارىغاندا، بۇرۇنقى پادىشاھلارنىڭ ئاياللىرى ۋە قىز - ئوغۇللىرى «بۇد» تاقايدىغان ئەنئەنىگە قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى پادىشاھلارنىڭ ئوغۇل- قىزلىرىمۇ ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن. «تەركەن خاتۇن» سۆزى ھەققىدە تۈركىيە تارىخچىسى رېشاد گەنج «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 250 — 255- بېتىگىچە بولغان سەھىپىسىدە، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ ھەققتىكى بايانىغا ئاساسەن تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، ئاساسىي مەزمۇنى تۆۋەندىكىچە:

ھونلار زامانىدىن بۇيان ئۇيغۇر - تۈركىي خەلقلەر ئىشلىتىپ قىلىپ كەلگەن «قاتىن» (خاتۇن) ئاتالغۇسى قاراخانىيلار دەۋرىدىمۇ ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «خاتۇن — ئافراسىياپ قىزلىرىدىن بولغانلارنىڭ ئىسمى»

بۇغراخان قەبرىستانلىقى» دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

مىلادىيە 921- يىلى ياكى 931- يىلى شاھزادە سۇتۇق خاقان ئوغۇلچاقتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، ئەبۇ نەسىر سامانىي ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئوبۇل پەتتاھ، دوستلىرىدىن تەشكىل تاپقان دۆلەت ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى تەيىنلىگەن ۋە شۇ ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى ئاشكارا تارقىتىپ، قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنى باشقۇرغان. مەشھەدتىكى «يەر يۇتتى» دېگەن ئورۇننى X ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدىكى خاقان ئوغۇلچاقنىڭ يازلىق ئارامگاھى دەپ قاراشقا بولىدۇ. چۈنكى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوردىسى بۇ كەنتتە بولغاچقا، «مۇقەددەس كەنت» دېگەن سۈپەت مەنىسى قوللىنىلغان.

تۆركۆل كەنتىگە جايلاشقان «ساراي بويى»نى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋاقىتلىق ئوردىسى دېگەن قاراشنىمۇ ئىنكار قىلىۋەتكىلى بولمايدۇ. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلار «ساغۇن» شەھىرى قۇرۇلغاندىن كېيىن، «ساراي بويى» دېگەن جايدا ئوردا قۇرغان بولسا كېرەك. تۈركىيە تارىخچىسى رېشاد گەنج «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 188 — 190- بەتلىرىدە «ساراي» توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىلەرنىڭ «ساراي»نى «ئوردا» بىلەن بىرگە ئىشلەتكەنلىكى قەيت قىلىنغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، خاقان ئوغۇلچاقنىڭ ئوردىسى جايلاشقان «چىنىباغ» رايونىدا كۆپلىگەن بۇتخانىلارنىڭ بارلىقىنى، يېڭىدىن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان ئاۋام خەلقنىڭ دىنىدىن يېنىۋالماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ (گەرچە بۇ جايدىكى بۇتلارنى چېقىۋەتكەن بولسىمۇ)،

كۆرگەن ئىدى... مەشلەن، غەربىي قاراخانىيلاردىن شەمسۇلمۇلۇكنىڭ ئاتاغبىسى ئىبراھىمنىڭ قىزى جالالىيە شەمسۇلمۇلۇكنىڭ خوتۇنى بولۇپ، سالجۇقىيلەرگە دائىر يازما مەنبەلەردە «تەركەن خاتۇن» ئۇنۋانى بىلەن خاتىرىلەنگەن[1]...

قاراخانىيلار ئائىلە ئەزالىرى ئىچىدە خان ئانىسى، خان ئايالى ۋە ئوغۇللىرىنىڭ قىزلىرىنىڭ پېشانىسىگە «بۇد» پۇرۇزە - زىننەت بۇيۇمنى تاقايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا «بۇد تەركەن خاتۇن» نامى بىلەن بۇ قەبرە ئىچىدە 1000 يىلدىن ئارتۇق ياتقان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى پېشانىسىگە «بۇد» تاقايدىغانلىقىنى ئۇنىڭ ئىسمى ئارقىلىق بۇگۈنكى دەۋردە بىلدۇق.

هازىرغىچە يېزىلغان تارىخىي ئەسەرلەردە، بولۇپمۇ قاراخانىيلار ھەققىدە يېزىلغان ئەسەرلەردە «بۇد تەركەن خاتۇن» نامى بىلەن ئاتالغان، قاراخانىيلار ئائىلە تەۋەسىگە ئائىت بىرمۇ ئايالنىڭ ئىسمى يوق. ئاتۇش قۇمباغدا قويۇلغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بۇ قىزىنىڭ ئىسمى «بۇد تەكە خېنىم» نامى بىلەن ئاتىلىشى يېگانە تارىخىي ھۆججەت سۈپىتىدە قاراخانىيلار ئائىلە نەسەبىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

7. شاھ قەبرىستانلىقى

ئالتىن ئاتۇشنىڭ مەشھەد كەنتىگە جايلاشقان شاھ قەبرىستانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئاممىۋى قەبرىستانلىقنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، كۆلىمى تەخمىنەن 10 مودىن كۆپرەك كېلىدۇ. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن «شاھ قەبرىستانلىقى»، «سۇلتان سۇتۇق

[1] رېشاد گەنج — «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» 1990- يىل نەشرى 225- بەت.

سوقۇلغان» دەپ خەت چىكىلگەن. 1947- يىلى «11 بىتىم» نىڭ ئىجراسىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن جياڭ جىجوڭ، ئەھمەتجان قاسىمى كەلگەندە، ئىمىن مەخسۇم قاتارلىق ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئالتىن ئاتۇش مەھشەدكە كېلىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان جامەسى ئالدىدىكى سەينادا نۇتۇق سۆزلىگەن كۈنى يىغىنغا كەلگەن 24 كەنت ئادەملىرىگە بۇغرا ئاش بېرىلگەن. بۇ داش قازاننى يۇيۇشقا مەسئۇل كىشىنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ يۇغانلىقىنى مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن.

## 8. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋاپاتى

مەرھۇم تارىخچى هاجى نۇرهاجى «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 71-، 72- بېتىدە: «ساتۇق بۇغرا قاراخان مىلادىيەنىڭ 955- يىلى سۇغۇندا ۋاپات بولغان» دەپ يازغان. ئۇ «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دا ‹سۇغۇن بۇغراخانغا زەھەر بېرىلگەن جاينىڭ نامى› دېيىلگەن، ئەمما قايسى بۇغراخان ئىكەنلىكى ئېنىق ئېيتىلمىغان. شۇ چاغدا سۇتۇق بۇغراخان ئاتۇشتىكى سۇغۇن دېگەن جايدا بولغانلىقى ئۈچۈن، سۇتۇق بۇغراخان بولسا كېرەك، دەپ تەخمىن قىلىمىز. بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ» دېگەن.

مەرھۇم هاجى نۇرهاجى تىلغا ئالغان «سۇغۇن» هازىرقى سۇغۇن دېگەن جاي ئەمەس، شۇندىقلا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا زەھەر بېرىلگەنمۇ ئەمەس. ئەگەر زەھەر بېرىلگەن بولسا، ئۇ تېزلا ۋاپات بولغان بولاتتى. سۇغۇننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى «ساغۇن» شەھىرى (هازىر كىشىلەر «ساغان» دەپ تەلەپپۇز قىلىۋاتقان) نىڭ خارابە ئورنىنى كۆرسەتسە كېرەك. چۈنكى، سۇلتان سۇتۇق

بۇرۇنقى خاقانلارنىڭ ئوردا ئورنىنى مۇۋاپىق كۆرگەن بولسا كېرەك.

خاقان ئوغۇلچاقنىڭ ئوردىسى ئالدىدا گۈزەل باغلار بولغان. ھازىر «چاھارباغ» دەپ ئاتالغان، غوجىلار قەبرىستانلىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ دائىرە بار. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ ئوغلى ئوبۇل پەتتاھ باشچىلىقىدا 10 مىڭدىن ئارتۇق خەلق يىغىلىپ، 80 ياشقا كىرىپ قازا قىلغان ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، مەشھەدتىكى ھازىرقى قەبرىستانلىق ئورنىغا دەپنە قىلغان. بازىرخان ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى خاقان ئوغۇلچاقنى ھېسابلىمىغاندا، بۇ باغ ئىچىدىكى قەبرىستانلىق تۇنجى ئىسلام قەبرىستانلىقى ئىدى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانمۇ مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغاچقا، «شاھ قەبرىستانلىقى» ياكى «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىستانلىقى» دەپ ئاتالغان...

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدىن تارتىپ ۋەخپە يەرنىڭ ئاشلىقىنى نەزىر قىلغاندا، «بۇغرا ئاش» (نوقۇت سېلىنىدىغان پولۇ، نورۇز ئاشلىرى، ئۇماچ...) ئېتىدىغان غايەت زور داش قازانلار تاكى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە بار ئىدى. بۇ داش قازانلارنىڭ ئەڭ چوڭى 1958- يىلىدىكى «پولات تاۋلاش» دولقۇنىدا كانسۇغا ئېلىپ چىقىلىپ، پولات تاۋلىغۇچى خەلققە تاماق ئېتىلگەن، كېيىن يوقالغان. ئەڭ چوڭ داش قازانغا 50 چارەكتىن كۆپرەك گۈرۈچ (كونا ئۆلچەمدە بىر چارەك 16 جىڭ) سېلىنىپ، پولۇ قىلىناتتى. ھازىر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى ئالدىغا كۆرگەزمە ئۈچۈن قويۇلغىنى ئوتتۇراھال داش قازان بىلەن كىچىكرەك مىس قازان بولۇپ، مىس قازاننىڭ چۆرىسىگە «ھىجرىيە 1285- يىلى (1868 — 1869- يىللىرى)

ئەسىرلەردە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بۇ تەخمىنىي خەرىتىلەرنى تەتقىق قىلىپ، ئىلمىي ئاساستىكى خەرىتىلەرنى ئىشلىگەن. كېيىنكىلەر مۇشۇ خەرىتىلەرنى بىۋاسىتە ئاساس قىلىپ، بۇ قەبرىگاھنى يەنە خەرىتىلەشتۈرگەن، سۈرەتكە تارتىپ كەتكەن. بۈگۈنكى دەۋردە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئەسلىدىكى خەرىتە بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ھازىرقى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ ئورنىغا قايىل بولمىغان. مەندە 1875- يىلىدىن ئىلگىرى ياسالغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان گۈمبىزىنىڭ كۆرۈنۈشى چۈشۈرۈلگەن بىر پارچە رەسىم بار.



1875- يىلىدىن ئىلگىرىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى

1000 يىلدىن بېرى ئىككى قېتىم چوڭ يەر تەۋرەش، ئۈچ قېتىم زور كەلكۈننىڭ بۇزغۇنچىلىقى قاتارلىق تەبىئىي ئامىللار تۈپەيلى ئالتىن ئارتۇچ رايونى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان، سۇلتانلارنىڭ گۈمبەزلىرىمۇ يىقىلىپ كەتكەن. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىگاھى بىرقانچە قېتىم ئەسلىي ئورنىدىن باشقا

بۇغراخاننىڭ ئايالى تۆركۆل «ساراي بويى»نىڭ شەرقىدىكى تارىخىي نامغا ئىگە نۇرئەلانۇرخان مەھەللىسىلىك بولۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان كېسەل بولغاندا، كۇتۇلۇش، بىخەتەرلىك ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلى، شۇ ئورۇندا داۋالىنىپ ياتقان بولۇشى، مەشھەدتىكى چوڭ ئۆيدە ياتماسلىقتا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كېسەللىنى سورايدىغان ۋە يوليورۇق سورايدىغان كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكى، ئۇنىڭ ئارام ئېلىشىغا تەسىر يەتكۈزىدىغانلىقى، ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئاۋام خەلقنىڭ غەم-ئەندىشىسى كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك. سۇتۇق بۇغراخان كېسەللىكتىن ساقىيالماي، مىلادىيە 956- يىلى قازا قىلغاندا، ئۇنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ھۆرمەتلىك ئۇستازى ئەبۇ نەسر سامانىينىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

دېمەك، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەشھەدكە دەپنە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا تارىخىي ئەسەرلەردە بىردەك مەلۇمات يېزىپ قالدۇرۇلغان.

## 9. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسىنىڭ ئورنى

«يىپەك يولى»نىڭ مۇھىم تۈگۈنىگە جايلاشقان ئاتۇش دىيارىدىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە قەدىمدىن بۇيان «لەڭگەر»، «كونا لەڭگەر» دىن ئىبارەت ئىككى تارىخىي ئورۇن بولۇپ، «يىپەك يولى» بويلاپ غەرب ۋە شەرقتىن كەلگەن كارۋانلار ئىچىدىكى ئىسلام، خرىستىئان، بۇددا ۋە باشقا دىندىكى ساياھەتچىلەر، ئالىملار بۇ ئورۇندا توختاپ ئۆتكەن. ئۇلار بۇ ھەقتە كۆپلىگەن خاتىرە قالدۇرغان ۋە تەخمىنىي خەرىتىلىرىنى سىزغان. كېيىنكى

كۆمۈۋەتتۇق»، بۇ ئورۇن 1957- يىلى مەرھۇم سەلەي داموللا-
ھاجىم يېتەكچىلىكىدە ياسالغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگا-
ھىنىڭ غەربىگە 100 مېتىردىن كۆپرەك كېلىدىغان جايدا.



1957- يىلىدىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى

«شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 1999- يىل 1-، 2- (قوشما) سانىدا ھەسەن ئابدۇرېھىم ئېلان قىلغان «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنى ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشى ئاخىرلاشتى» ناملىق ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەن: «يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىغا ئائىت مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئىزدەش ئارقىلىق، ئۇنىڭ 1875- يىلى ئەنگلىيىلىك ئالىم تەرىپىدىن تارتىلغان فوتو سۈرىتى بىلەن سىزما رەسىمىنىڭ كۆپەيتىلگەن نۇسخىسىغا ئېرىشتى. 1995- يىلى ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئو-لوگىيە تەتقىقات ئورنىنىڭ خادىملىرى نەق مەيداندا ئارخېئو-

ئورۇنغا يۆتكىلىپ قەبرە قاتۇرۇلغان.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ دەھشەتلىك كەلكۈننى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بىلىملىك كىشىلەر «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ ئورنىنى قانداق ئىزدەپ تېپىش كېرەك؟» دەپ مەسلىھەتلەشكەن. ئۇلار تاقۇت تەرەپتىن بىرقانچە كىشىگە مال - پادىلىرىنى ھەيدىتىپ، مەشھەد تامانىغا ماڭدۇرغان. مال - پادىلار مەشھەدتىكى بۇ قەبرىستانلىققا كەلگەندە، بىر ئورۇنغا كېلىپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ ماڭغان. جامائەت «بۇ ئورۇن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىگاھىكەن» دەپ، شۇ يەرگە قەبرە ياسىغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ ھەقىقىي ئورنىنى بىلىشتە، بۇ رىۋايەتنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق، ئەلۋەتتە.

مەن 1980- يىللاردا مەشھەدلىك مەرھۇم ئەمەتخان ئاكا بىلەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنىڭ ئورنى ھەققىدە سۆزلەشكەندە، ئۇ مۇنداق دېگەن «... كوممۇنا يىللىرى ئىدى، مەشھەدتىكى كونا ساقچى ئىدارىسىنىڭ شەرقىدە ئولتۇرۇشلۇق خەيرىخاننىڭ ئىشىك ئالدىدىكى بۇغدايلىققا سۇ ئېچىۋاتقان كىشى ئېتىزنىڭ شەرقىدىكى يەر ئاستىغا كىرىپ كېتىۋاتقان سۇنى توپا تاشلاپ ئېتەلمەي، مېنى چاقىردى. مەن ‹ئېتىزغا كىرىۋاتقان سۇنى باشتىن توختىتىڭ› دېدىم. ئۇ سۇنى باشتىن توختىتىۋەتتى. ئىككىمىز سۇ كىرىپ كېتىۋاتقان كامار ئەتراپىنى قىرلاپ، سۇ كىرگەن ئورۇندىكى لايىنى يانغا تاشلىدۇق. خېلى ۋاقىتتىن كېيىن بۇ جاينى ئېچىپ، تۆت چاسا كەلگەن كەڭرى چوڭقۇرلۇقنى كۆردۇم. چاسا قىلىنغان تاملىرىغا ئورنىتىلغان كۆكۈش كاھىشلارغا ئەرەبچە ئايەتلەر چۈشۈرۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. بۇ ئادەتتىكى گۆر ئەمەس، بەلكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەپنە قىلىنغان گۆر بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلىپ، دەرھال بۇ گۆرنى

غان. ھىجرىيە 1246- يىلى (1830-، 1831- يىللىرى) يەنە بىر قېتىم ئىسلاھ قىلىنىپ ياسالغان بولسىمۇ، 1902- يىلىدىكى يەر تەۋرەشتە بۇزۇلغان.

دېمەك، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ جەسىتى قويۇلغان قەبرىنىڭ ئېنىق ئورنى توغرىسىدا تېخىمۇ ئەتراپلىق تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

## 10. جوۋان مەرد (جەمەتلا غوجام)

ئاتۇش شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى غەربتىن شەرققە سوزۇلۇپ ياتقان تەختىيۇن تاغلىرىنىڭ شەرقىي يان باغرىدا، تەختىيۇن كەنتىگە تەۋە رايوندا بىر گۈمبەز بولۇپ، ئۇنى يەرلىك كىشىلەر «جەمەتلا غوجام» (جوۋان مەرد) نامى بىلەن ئاتايدۇ. بۇ ئورۇن تارىختىن بېرى ئاتۇش خەلقىنىڭ نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزىدىغان كاتتا سورۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەر يىلى نورۇزچىلار بۇ جايغا يىغىلىپ تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باراتتى.

بۇ رايوندا تۇرۇپ جەنۇبقا كۆز تىككەندە، چەكسىز كەتكەن كەڭ دالا ئىچىدە ھازىرقى پەيزاۋاتنىڭ گۈللۈك دېگەن يېزىسى بار. ئالتىن ئاتۇشنىڭ بۇ رايونىدىكى «قۇتچى» دېگەن ئورۇن ئۆز دەۋرىدە قېلىن ئورمانلىق بولۇپ، كېيىنكى دەۋرلەردە شاھلارنىڭ ئات ئۈستىگە بۈركۈت قوندۇرۇپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلايدىغان ئوۋ مەيدانى بولغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان X ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ دالالىتى بىلەن باققۇ بوستانلىقى (ھازىرقى لەڭگەر، كۆكلە بىلەن ئازاق ئارىسىدىكى رايون) دا ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلغان ۋاقتىدا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ 39 ھەمراھىدىن جوۋان مەردمۇ ئىسلام

لوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ باردى. ئەسلىي قەبرىگاھ جايلاشقان ئورۇندىن 20 نەچچە خىل كاھىش قېزىۋېلىندى. بەزى كاھىشلار-نىڭ ئۈستىگە ئىسلام دىنى ئايەتلىرى چۈشۈرۈلگەن...»

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىغا قاراۋاتقان مۇھەممەت-ئىمىن قارىمىنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، «ئۆز ۋاقتىدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ياتقان ئورۇن ئەتراپىدا توققۇز كىشىنىڭ گۈمبىزى بولغان. ئېھتىمال دادىسى، ئانىسى ۋە يېقىن دۆلەت ئەربابلىرى دەپنە قىلىنغان بولسا كېرەك». تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ گۈمبىزىدىكى مۇنارلار ئۆز ۋاقتىدا ئالتۇندىن قىلىنغان ئىكەن. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بۇرۇنقى قەبرىگاھىنىڭ شەرقىدىكى ئاچا توغراق ئاستىدىكى نامەلۇم ئىشىك توغرىسىدا ئالتىن ئاتۇش ئۈستەڭ بويى كەنتىدىكى مەرھۇم خەلق تارىخچىسى رېشادخان ئاكا ماڭا «... ئۇكام، مۇشۇ توغراق ئاستىدىكى مەلۇم ئورۇندا بىر مەخپىي ئىشىك بار. بۇ ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن، يەر ئاستىدا ئۇزۇن بىر يول بولۇپ، بۇ يول يەر ئاستىغا جايلاشقان 39 ھۇجرا (مەشھۇر 39 نەپەر ئادەم قويۇلغان ئورۇن)غا تۇتىشىدۇ. سىز مۇشۇ مەلۇماتنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ» دېگەن ئىدى.

ئاتۇشتا يۈز بەرگەن يەر تەۋرەش، كەلكۈندىن ئىبارەت ئىككى خىل چوڭ تەبىئىي ئاپەتتە بۇزۇلغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى قايتا يۆتكىلىپ ياسالغان ياكى رېمونت قىلىنغان. مەسىلەن، لى جىنشىن يازغان «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ناملىق ئەسەرنىڭ 450-بېتىدە كۆرسىتىلىشىچە، سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە ئابدۇرېشىت-خان يارلىق چۈشۈرۈپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىنى بىر قېتىم رېمونت قىلدۇرۇپ، يېنىغا خانىقا - مەسچىت ياساتقۇر-

ۋاقىتتىكى ئەمەلدارلار «بەش ۋاخ نامازغا بەش قېتىم ئەزان ئېيتىلمايدىغان كونا مەسچىت - مازارلانىڭ ئەتراپىدىكى دەرەخلەرنى كېسىپ، قىشلىق ئوتۇن قىلسا بولىدۇ» دېگەن پەتىۋانى قازىلاردىن ئالغاندىن كېيىن، بۇيرۇق شەكلىدە ئېلان چىقارغان. «جوۋان مەرد»نىڭ قەبرىگاھى يېنىدا 500 كىشى سىغىدىغان جامە بولۇپ، بۇ جايدا دەرەخلەر بولغان. «ئىتتىپاق ئىمنىھاجىنىڭ شىركىتى»دىكى كىشىلەر ئاۋۋال بۇ مازار ئەتراپىدىكى دەرەخلەرنى كەستۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق تۇرغان چاغدا، «جوۋان مەرد»كە قارايدىغان ئۇسەن شەيخدىن 1942-يىلى مەزكۇر مازارنىڭ تەزكىرىسىنى ئېلىۋالغان. سەۋەبى، بۇ تەزكىرىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، «جوۋان مەرد» ئەتراپىدىكى دەرەخلەرنى كېسىشكە ھوقۇقلۇق بولىمىز، دەپ قاراشقان. كېيىنچە مۇھەممەت شەيخ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ھاجى قەشقەرگە بېرىپ، تەزكىرىنى تەلەپ قىلغاندا، «بۇ تەزكىرىنى ھازىرچە بەرمەيمىز، دەرەخ كېسىلىپ بولغاندىن كېيىن ئالىسىز...» دەپ جاۋاب بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇ تەزكىرە يوقالغان. ئاتۇش ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ باشلىقى پالتاجى دېگەن كىشىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەسەنجان، موللا ئىسا خەلپىتىم... دېگەن كىشىلەر «جوۋان مەرد» ئەتراپىدىكى چوڭ دەرەخلەرنى كېسىپ كەتكەن.

جوۋان مەرد سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مۇھىم ھەربىي ئەمەلدارى بولۇپ، مۇشۇ ئورۇندا شېھىت بولغان. شۇ قېتىملىق ھەل قىلغۇچ جەڭدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان زور غەلىبىگە ئېرىشكەن. ئىسلام دىنىدىكى «كىم قايسى يەردە ئۆلسە، تەن سوۋۇغىچە ئارىلىقتا يەرلىككە قويۇلسا ساۋابى چوڭ بولىدۇ» دېگەن ئەقىدە بويىچە، «جوۋان مەرد» ئاشۇ جەڭ بولغان ئورۇنغا

دىنىنى قوبۇل قىلغان. «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ 42-بېتىدىكى: «ئوكتايخان پادىشاھى ئادىل ۋە رەھمەدىل، سەخىي، جەۋانمەرد... ئىدى» دېگەن تارىخىي مەلۇماتتىن بۇ سۆپەت سۆز ئۇيغۇرلار ئارىسىدا XVI ئەسىرگىچە ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ. «جوۋان مەرد» سۆزى ئەسلىدىكى «جوۋان» سۆزىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، ئەينى چاغدا ئوتتۇرا ياشلىق (40 ياشلىق) ئەر - ئاياللار «جوۋان» دەپ ئاتىلاتتى. ھازىرمۇ ئۇيغۇر تىلىدا 40 ياشلىق ئاياللار «جوۋان» دېگەن سۆپەت بىلەن ئاتىلىدۇ.

«جوۋان» — مەرھۇم زاتنىڭ قىرانىغا يەتكەنلىكىگە قارىتىپ ئېيتىلغان سۆپەت سۆز. «مەرد» — مەرھۇم زاتنىڭ باتۇرلۇقى، جەڭدىكى قورقماس روھىغا قارىتىپ ئېيتىلغان سۆز. مەرھۇم زاتقا قويۇلغان بۇ سۆپەت سۆزى زامانىمىزغا يېتىپ كېلەلمىگەن. بۇ گۈمبەز ئىچىدە ياتقان جوۋان مەردنىڭ ئەسلىي تەزكىرىسى سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدىكى تارىخچىلار تەرىپىدىن 1550 - يىلى يېزىلغان. بۇنىڭدىن باشقا، جوۋان مەردنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى بىر مېتىر ئاق رەختكە خۇش خەت بىلەن يېزىلغان تەزكىرىنىڭ باش قىسمى ئايەت - ھەدىسلەر بىلەن باشلىنىپ، ئاخىرىغا قەشقەر رايونىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالاردىن 29 نەپەر قازىنىڭ مۆھرى بېسىلغان. بۇ تەزكىرىدە جوۋان مەردكە ئاتاپ 100 مو يەر، بىر ئېرىق سۇ (ئادەمنىڭ يوتىسىدەك) ۋەخپە قىلىنغان بولۇپ، بۇ سۇغا دەخلى - تەرۇز قىلىنماسلىق...» قاتارلىقلار يېزىلغان.

شېڭ شىسەي دەۋرىدە شيەنلى مەكتەپ (ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپ) نامىدىكى يېڭى مەكتەپلەرگە قىشلىق ئىسسىنىش ئۈچۈن قالاشقا ئوتۇن بولمىغانلىقى سەۋەبلىك، شۇ

1920- يىللاردىكى مەشھۇر مۇدەررىس ۋە ئاتۇشنىڭ قارىسى بولغان، قازى رەئىس ھاجىم بىر كۈنى ئاتتا كېتىۋېتىپ كەچ قاپتۇ. «قوشقار ئاتام» قەبرىستانلىقى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسا، بىر قوشقار كېلىپ سەكرەپ، قازى رەئىس ھاجىمنىڭ كەينىگە مىنىۋاپتۇ...

بۇ تارىخىي شەخس ھەققىدە يېزىلغان تەزكىرىلەر ھازىرغىچە بايقالمىدى. لېكىن، ئۇنىڭ قەبرىگاھى ئورۇنلاشقان جايدىكى كىشىلەرنىڭ رىۋايەت تۈسىگە ئىگە ئاغزاكى مەلۇماتلىرى بار. مەسىلەن، «قوشقار ئاتام» (ئەسلىي ئىسمى نامەلۇم) سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ھەربىي سەركەردىسى بولۇپ، جەڭدە دۈشمەن تەرەپ بىلەن قوشقاردەك سوقۇشىدىغان باتۇر ئەزىمەت ئىكەن. كىشىلەر ئۇنىڭ جەڭدىكى قەيسەرلىكىگە قاراپ «قوشقار ئاتام» دەپ لەقەم قويغان ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ئالتىن ئاتۇشنىڭ ئارغۇ يېزىسىدا «قوشقار ئاتام» قەبرىگاھى بار. قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت «قوشقار ئاتام» ناملىق قەبرىلەر جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قاغىلىق، يوپۇرغا... قاتارلىق بەزى رايونلاردىمۇ بار.

«قوشقار ئاتام» سۆپەت سۆزى بولۇپ كېلىشتىن باشقا، قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىرىنىڭ ئىسمى بولغان. مەسىلەن، لىن گەن، گاۋ زىخۇي تۈزگەن «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» ناملىق كىتابتا «‹يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى قۇجۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ نەسەبنامىسى› دېگەن جەدۋەلگە قارىغاندا، ‹مامۇراقتېكىننىڭ ئوغلى قوچقار دېگەن كىشى مىلادىيە 1216 — 1283- يىلىغىچە تەختتە ئولتۇرغان› »[1] دېيىلگەن.

---

[1] «قەدىمكى ئۇيغۇرلار تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى 616- بەت.

دەپنە قىلىنغان. بۇ جايغا گۈمبەز بىنا قىلىنىپ، يەر ۋەخپە قىلىنغاندىن كېيىن، چىققان ئاشلىق مازارغا قارايدىغان ۋە تاۋاپ قىلغۇچىلارغا ئىشلىتىلگەن.

يۇقىرىقى بايانلارغا ئىسپات بەرگۈچى مۇھەممەت شەيخنىڭ ئوغلى ئىسمائىل ھاجى (يېقىندا ۋاپات بولغان) «جوۋان مەرد»كە قارايدىغانلاردىن ئاخۇن شەيخ، ھاشىم شەيخ، زىيادىن ھاجى، باۋۇدۇن ھاجى، موللا مەمەت ھاجى، ئابدۇ قادىر شەيخ، مۇھەممەت شەيخ، سەيىپ شەيخ، ئۇسەن شەيخ، ئىسمائىل مۇھەممەت شەيخ... قاتارلىقلارنى ساناپ ئۆتكەن.

«جوۋان مەرد» تەزكىرىسى يوقالغان بولسىمۇ، لېكىن ئاتۇش خەلقىنىڭ ئاغزاكى رىۋايەتلىرىدە ساقلانغان مەلۇماتنىڭ «جوۋان مەرد» تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىشتا ئەھمىيىتى بار.

## 11. قوشقار ئاتام

«قوشقار ئاتام» ناملىق بۇ تارىخىي شەخس ئالتىن ئاتۇش تۆركۆل يېزىسىدىكى «ئۇزۇن كوچا» دەپ ئاتالغان بۇرۇنقى يولنىڭ غەربىي تامانىغا، ھازىرقى يېڭى ياسالغان يولنىڭ شەرقىي تەرىپىگە ئورۇنلاشقان.

بۇ قەبرىستانلىقنىڭ دائىرىسى تەخمىنەن بىر مو ئەتراپىدا بولۇپ، مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ ئانىسى ھەمراھ بۇۋى شېھىت بولغاندا مۇشۇ قەبرىستانلىققا دەپنە قىلىنغان. بۇنىڭدىن باشقا، قەبرىستانلىق ئەتراپىدىكى كىشىلەر ۋاپات بولغاندا بۇ ئورۇنغا دەپنە قىلىنغان. «قوشقار ئاتام» قەبرىگاھى باشقا قەبرىلەردىن ئالاھىدە چوڭ بولۇپ، قەبرە ئۈستىگە نۇرغۇن قوشقارلارنىڭ مۈڭگۈزى قويۇلغان. بۇ ھەقتە بەزى رىۋايەتلەر تارقالغان. مەسىلەن،

3) سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، بۇۋى ئانام ئىسلام دىنىنى ئۆگىنىش مەكتەپلىرىنى ئېچىپ، ئىسلام دىنىنىڭ تۈرلۈك مەزمۇندىكى بىلىملىرىدىن ئۆزى بىۋاستە دەرس بېرىپ، نۇرغۇن شاگىرت تەربىيىلەپ، يۇرت - يۇرتلارغا ئەۋەتىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللار ئىچىدە تارقىلىشىغا تۈرتكە بولغان.

1000 يىللاردىن بېرى ئۇيغۇر ئاياللىرى قۇربان ھېيت، روزى ھېيت ۋە ھەر پەيشەنبە كۈنلىرى بۇ قەبرە يېنىغا يىغىلىپ، يىغا-زار قىلىدىغان، قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىغان ئىشلار داۋاملىشىپ كەلمەكتە. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىگە ئائىت ئاياللار قەبرىسىدىن پەقەت مەشھەد ئىچىدە «بۇد تەركەن خېنىم» (سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىزى) بىلەن «بۇۋى ئانام» قەبرىسى بولۇپ، بۇنىڭدىن بۇ ئايالنىڭ ئوردا ئىچىدە ئابرۇيىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى قىياس قىلغىلى بولىدۇ. قەبرىسىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا ياتقان بۇۋى ئانام گۈمبىزى يېقىنقى مەزگىللەردە يىقىلىپ، قەبرىمۇ تۇپا دۆۋىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. 2000- يىلى يۇرت ئاقساقاللىرى ۋە مەرىپەتپەرۋەر مەشھەد بايلىرىدىن مەلۇم كىشىلەر بۇ قەبرىنى ئادەتتىكىچە ياساپ قويغان بولۇپ، ھازىر شۇ ھالدا ساقلىنىپ كەلمەكتە.

قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ شەخسىي داستىخىنى ھەققىدە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بايانىنى ئاساس قىلىپ، رېشاد گەنج ئۆز ئەسىرىنىڭ 227- بېتىدە مۇنداق يازغان: «قاراخانىيلار خانلىرىنىڭ داستىخىنى ھەققىدە دىققەت قىلىشقا ئەرزىگۈدەك مەلۇماتلارنى بەرگەن مەھمۇد قەشقەرى سارايدا خانلار ئۈچۈن ھازىرلانغان بىر خىل پۇتسىز شىرە ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، ئۇنىڭ «ئىشكۈم» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن. يەنە

## 12. بۇۋى ئانام

1000 يىلدىن بېرى خەلق يادلاپ، كېلىۋاتقان بۇ تارىخىي شەخسنىڭ ئەسلىي ئىسمى مەلۇم ئەمەس. بۇۋى ئانامنىڭ قەبرىگاھى ئالتىن ئاتۇش مەشھەدتىكى بۇرۇنقى بازارنىڭ «ئەسكى جوۋ» (كونا ئاشلىق بازىرى)نىڭ ئىچىگە جايلاشقان بولۇپ، قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرىگە تەئەللۇق يادىكارلىقتۇر.

بۇۋى ئانام ھەققىدە يېزىلغان تەزكىرىلەر ھازىرغىچە بايقالمىدى. بىراق، بۇۋى ئانام ھەققىدىكى ئاغزاكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، سۇتۇق بۇغراخاننى بۇ ئايال ئېمىتىپ چوڭ قىلغان بولۇپ، ئۇردا ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە بولغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىنىشەنچلىك ئادىمى، ئەڭ ئىشەنچلىك ئاشپىزى بولغان. بۇۋى ئانام سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ شەخسىي تامىقىغا مەسئۇل ئايال كىشى ئىكەنلىكى ھەققىدىكى بۇ رىۋايەتنىڭ تارىخىي ئاساسى بار.

1) بۇۋى ئانام سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننى ئېمىتكەن ۋاقتىدا ئوتتۇرا ياشلىق ئايال دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ سۇپەت نامى «بۇۋى» دەپ ئاتالغانلىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، بۇۋى ئانام كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ياخشى تەربىيە كۆرگەن، ئوقۇمۇشلۇق ئايال بولغان.

2) سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ خاقان ئوغۇلچاقتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، ئۇيغۇر بۇددىستلىرىنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشتە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشتە بۇۋى ئانام زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

قايسىسىنى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەخسۇس «تامغا»لىق ئىشىنى راسلاپ بېرىدىغان بۇۋى ئانام دەپ ئاتىلىۋاتقان ئايالغا سۆپەت سۆزى قىلىپ قويۇشنى تەتقىق قىلىپ، بىرىنى تاللاش لازىم.

## 13. سۇلتان ئەجەم (ھەزرەت پاشايىم)



ئۈستۈن ئاتۇش ئىكىساق يېزىسىدا ھەيۋەتلىك كۆك گۈمبەز بولۇپ، ئۇ ھۈسەنباي، باۋۇدۇنباي تەرىپىدىن ھىجرىيە 1316-يىلى (1898-،1899- يىللىرى) سېلىنغان. بۇ گۈمبەز ئىچىدە ئىككى مەشھۇر تارىخىي شەخسنىڭ قەبرىگاھى بار. چوڭ قەبرىگاھتا سۇلتان ئەجەم، ئىككىنچى قەبرىگاھتا ھەبىب ئەجەم دېگەن سۆپەت بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان تارىخىي شەخس ياتقان. چوڭ قەبرىگاھتا ياتقان تارىخىي شەخسنى يەرلىك كىشىلەر «ھەزرەت پاشايىم» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە.

قىزىلسۇ ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆك گۈمبەز ئالدىغا ئورناتقان چۈشەندۈرۈش تاختىسىدا «سۇڭ سۇلالىسى (مىلادىيە 960 — 1127- يىللار) دەۋرىگە ئائىت مەدەنىيەت يادىكارلىقى» دەپ يېزىلغان. سۇلتان ئەجەم دېگەن سۆپەت سۆزگە كەلسەك، سۇلتان — «پادىشاھ» دېگەنلىك بولۇپ، شۇ دەۋردىكى ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانغا خاس سۆز. ئەجەم دېگەن سۆز ئۆز دەۋرىدىكى ئەرەبلەر ئۆزىدىن باشقا مىللەتلەرنىڭ سۆزىنى بىلمىگەچكە، «بۇلار ئەجەم (گاچا) ئىكەن» دەپ قارىغان. سۇلتان

‹تامغالىق› دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل يېمەكلىك ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتى قاراخانىيلار ھۆكۈمرانلىرىنىڭ تاماق يېيىش جەھەتتە بىزنىڭ دىققىتىمىزنى تېخىمۇ قوزغايدۇ. بۇ سۆز ھەققىدە ئۇ بىر كىشىلىك يېمەك ئەسلىي تامغالىق بولۇپ، تامغا ئۇرۇلغان، دېگەنلىك بولىدۇ. خاقانلار ئۇۋرىقلىرىنى ۋە ئۆزىگە مەخسۇس ھازىرلانغان يېمەكنى تامغىلىتاتتى. بۇلاردا بىر كىشىگە يەتكۇدەك يېمەك ـ ئىچمەك بولاتتى، خاقاندىن باشقا كىشى ئىشلەتمەيدۇ، دەپ ئۇستىگە تامغا ئۇرۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، تامغالىق سۆزى ھەربىر ئۇۋرىق ۋە يېمەكنىڭ ئېتى بولۇپ قالغان دەيدۇ. ئۇنىڭ ‹تامغالىق›نى ‹خاقاندىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئۈستىدە تاماق يېمەسلىكى ئۈچۈن تامغىلانغان شىرە› دەپ ئىزاھلىغان ئاخىرقى جۈملىسىدىن خاقانلارنىڭ ئۆزىگە خاس داستىخانلىرى بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز. قاراخانىيلار بۇ ئارقىلىق خاقانلارنىڭ زەھەرلىنىپ قېلىشى ۋە باشقا ئىشلارغا قارشى تەدبىر قوللانغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇ ھەقتە توختالغان، ‹تامغالىق› نىڭ يالغۇز كىشىلىك يېمەك ئىكەنلىكى، خاقان ئۈچۈن ھازىرلانغانلىقىنى قەيت قىلغان».

«تامغالىق شىرە»، «تامغالىق ئۇۋرىق»، «تامغالىق داستىخان»لار خاقان ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپلار دەلىللىگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەمدى بۇۋى ئانامنىڭ «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ شەخسىي ئاشپىزى ئىدى» دېگەن رىۋايەتنىڭمۇ تارىخىي ئاساسى بارلىقىنى بىلەلەيمىز. مەھمۇد قەشقەرىنىڭ مەلۇماتىدا، قاراخانىيلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى ۋە ئوردا ئىچىدىكى ئاياللار «تەركەن خاتۇن»، «تۇركەن خاتۇن»، «ئالتىن تارىم»، «قۇنچۇي» دەپ ئاتالغانلىقىغا قارىغاندا، بۇ سۈپەت سۆزىنىڭ

ناھايىتى خۇشال بولۇپ، بۇ قىزنىڭ ئىسمىنى «مەريەم خانىم» دەپ قويدۇردى. تامامى قەشقەر خەلقىگە «ئات تويى» ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، بۇغرا ئاش تارتتى.

نەزم

ئارسلانخاندىن خانىم بىر ماھى كەئئان تۇغدىلەر،
ماھى پەيكەر ھۆر يەڭلىغ نۇرى دىدىم[1] ئارسلان.
ھۆسنىگە ھەيرانۇھەس ھۆر پەرى جىمى جاھان،
ئاھۇ كۆزلۈك مۇشتەرى دىدار پەرزەنت ئارسلان.
ئۆلتۈرۈپ مىڭ قوينى قەشقەرگە تامام ئاش بەردىلەر،
ئاتلىرىنى قويدىلەر مەريەم خانىم دەپ ئارسلان.
بىر پەرىۋەش ماھى پەيكەر ھۆر يەڭلىغ دىلرەبا،
بولدى مەھرەم جۈپتىلىرى بۇ پادىشاھى ئارسلان.
ئارسلانىم جۈپتىلىرى سۇلتان ئەجەم قىزلەرى،
بۇ خانىم ئىسمى زۇلەيخا ئەينى يۇسۇپ ئارسلان.

سۇلتان ئەجەم قىزى زۇلەيخانى ئەلى ئارسلانخانغا ياتلىق قىلغاندا، ناھايىتى كۆپ توي سوۋغىتى بېرىپ، تويىنىڭ تۆپىسىدە تۇرغان. ئەلى ئارسلانخان مىلادىيە 961- يىلى تۇغۇلغان، 981- يىلى توي قىلغان. ئۇ زۇلەيخادىن مەريەم خانىم، ئەھمەد، ناسىر، مەنسۇر، مۇھەممەد قاتارلىق تۆت پەرزەنت كۆرگەن. ئەلى ئارسلانخان مىلادىيە 977- يىلى قاراخانىيلارنىڭ

[1] دىدىم — مەھمۇد قەشقەرى قاراخانىيلاردا توي كېچىسى كېلىنلەرگە تاج كىيدۈرىدىغانلىقىنى، بۇنى «دىدىم» دەپ ئاتايدىغانلىقىنى تىلغا ئالغان.— «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» 195- بەت.

ئەجەمنىڭ ياشىغان تارىخىي دەۋرى قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ هۆكۈمرانى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى مۇسا باياتاش، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئەلى ئارسلانخان دەۋرىگە توغرا كېلىدۇ. قاراخانىيلار سۇلالىسىگە كەلگەن ئەرەب زىيالىيلىرى، سىياسىئونلىرى ۋە باشقا مۇھىم كىشىلەر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئوردا ئەمەلدارلىرى، ھەتتا پادىشاھ بىلەن تەرجىمان ئارقىلىق سۆزلەشكەن، بىۋاسىتە سۆزلەشمىگەن. ئۇلار قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنى «ئەجەمكەن» دېيىشكەن. سۇلتان ئەجەممۇ بۇ نېسىۋىدىن قۇرۇق قالمىغان.

يېڭىسارلىق ئەدىب ۋە تەزكىرىچى ئوبۇلقاسىم موللا ئىسمىلىك كىشى ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن نامەلۇم ئاپتورنىڭ پارس تىلىدىكى «تەزكىرەئى بۇغراخان» ناملىق ئەسىرىنى ھىجرىيە 1245- يىلى (1829-، 1830- يىللار) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، نەسر ۋە نەزم ئارىلاش شەكىلدە يېزىپ چىققان. بۇ تەزكىرىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئەلى ئارسلانخان توغرىسىدىكى تارىخىي مەلۇمات 15 باب يېزىلغان. تەزكىرىدە ئېيتىلىشىچە، ئەلى ئارسلانخان 20 ياشقا كىرگەندە، سۇلتان ئەجەمنىڭ قىزى زۇلەيخانى ئەمرىگە ئېلىپ، قەشقەر خەلقىگە 40 كۈن توي قىلىپ بەردى. ھەر كۈنى «بۇغرا ئاش» (پولۇغا كۆك نوقۇت سېلىپ ئېتىلىدىغان ئاش) تارتتى. تويدىن بۇرۇن قەشقەردىكى تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي ساھىلىدا بىنا قىلىنغان ناھايىتى گۈزەل باغ بار ئىدى. بۇ باغنىڭ ئىچىدىكى يەتتە ئورۇنغا ناھايىتى ھەشەمەتلىك كۆركەم راۋاق ياسالغان بولۇپ، بۇ باغ ئارسلانخان نامىغا «دۆلەتباغ» (پادىشاھ بېغى) دېگەن نام بىلەن ئاتالدى. زۇلەيخانىڭ تويى بولۇپ بىر يىلدىن كېيىن ئارسلانخاندىن قىز پەرزەنت يۈزى كۆردى. ئارسلانخان

دىمەك، يۇقىرىدىكى تۆت ئۇرۇق توغرىسىدىكى ئۇچۇر نىڭ سۇلتان ئەجەمگە مۇناسىۋەتلىك تەتقىقات قىممىتى بار.

## 14. شەيخ ھەبىب ئەجەم

ئۈستۈن ئاتۇشتىكى كۆك گۈمبەزنىڭ ئىچىدىكى سۇلتان ئەجەم قەبرىگاھى يېنىغا دەپنە قىلىنغان «ھەبىب ئەجەم» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان تارىخىي شەخس بار. ئەرەبچە «ھەبىب» دوست مەنىسىگە، «ئەجەم» گاچا مەنىسىگە ئىگە. «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ناملىق پارس تىلىدا يېزىلغان تەزكىرىنىڭ ھەبىب ئەجەمگە مۇناسىۋەتلىك ئالتىنچى بابىنى ناسىر بىننى مىرخىلىل پارس تىلىدا كۆچۈرۈپ قالدۇرغان.

بۇ تەزكىرىنى ئۈستۈن ئاتۇش دېھقانلار كەنتىدىن مەشھۇر دىنىي ئۆلىما مەرھۇم سەلەي داموللاھاجىم 1983- يىلى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئىسلام دىنىنىڭ شىئە مەزھىپىدىكى ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلغان بۇ تەزكىرىگە ئاساسلانغاندا، ھەبىب ئەجەم ئىراقنىڭ بەسىرە شەھرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، ئۇستازى ھەسەن بەسرى دېگەن كىشى. ئۇ بىر كۈنى كېچىدە چۈش كۆرۈپ، ھەزرەت ئەلى بىلەن كۆرۈشكەن. ھەزرەت ئەلىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر 40 سوپىسى، نۇرغۇن مۇرىتلىرى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەرنىڭ ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى تىڭ - تىڭلىغان. XIII ئەسىرنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئورنىغا كۈچلۈكخان ھاكىمىيىتى، ئارقىدىن چىڭگىزخان ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن ئىدى.

تەزكىرىدە ئېيتىلىشىچە، قەشقەر كاتتىلىرى ۋە ئاھالە مەسلىھەتلىشىپ: «قەشقەر دىيارىغا ھەبىب ئەجەم دېگەن شەيخ

نۆۋەتتىكى پادىشاھى بولۇپ تەختتە ئولتۇرغان، 997- يىلى يېڭىسارنىڭ شەرقىدىكى سەس قوم جاڭگىلى[1] دا بولغان دىنىي ئۇرۇشتا شېھىت بولغان. بۇ چاغدا ئەلى ئارسلانخان 37 ياشتا بولۇپ، ئۇنىڭ قېيناتىسى سۇلتان ئەجەم قاراخانىيلارنىڭ مانا مۇشۇ دەۋرىگە تەئەللۇق تارىخىي شەخس.

مەن يېقىندا ئۇستۇن ئاتۇش ئىكساق يېزىسىغا بېرىپ، كۆك گۇمبەزنى زىيارەت قىلىپ، يەرلىك كىشىلەر بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. ئۇلارنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، كۆك گۇمبەز ياسالغاندا، گۇمبەز ئۈستىدىكى مۇنارغا پادىشاھلارنىڭ تاجىغا قىستۇرىدىغان پەيىنىڭ شەكلى ئالتۇن ھەل بىلەن بېزىلىپ ئورنىتىلغان، كېيىن ئوغرىلانغان ئىكەن. ھازىر ئىكساق كەنتىدە سۇلتان ئەجەمگە مۇناسىۋەتلىك تۆت چوڭ ئۇرۇق بار.

1) خان ئۇرۇقى. بۇ ئۇرۇقتىن چىققان مەشھۇر كىشىلەر مۇسابايوف ئائىلىسى بولۇپ، مۇسابايوف ئائىلىسىگە تەئەللۇق تەلئەت ئەپەندى ئۆز يۇرتى ئىكساققا كېلىپ، كۆك گۇمبەزنى زىيارەت قىلغان. ئۇ ھەمراھ بولغان يەرلىك كىشىلەردىن مەرھۇم خېلىلھاجى (2004- يىل 9- ئايدا قازا قىلغان)، ئىمام ھەسەن قارىم، تۇرسۇنجان ئاتاۋۇللاغا: «بىلەمسىلەر، مۇنۇ قەبرىدە ياتقان كىشى (چوڭ قەبرىنى كۆرسىتىپ) بىزنىڭ ئەجدادىمىز» دېگەن.

2) نەۋكەر ئۇرۇقى.

3) سەنگە ئۇرۇقى (نەيزىلىك لەشكەر ئۇرۇقى).

4) غالچا ئۇرۇقى (خىزمەتكار ئۇرۇقى).

---

[1] قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ نۆۋەتتىكى پادىشاھى ئەلى ئارسلانخان باشچىلىقىدىكى قوشۇن خوتەن ئۇيغۇر بۇددىستلىرى بىلەن بولغان دىنىي ئۇرۇشتا زور تالاپەتكە ئۇچرىغان سەسقوم جاڭگىلى «قوم شەھىدان» دەپ ئاتالغانلىقى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تىلغا ئېلىنغان. كېيىنكىلەر بۇ جاينى «ئوردام» دەپ ئاتىغان.

جايدا تۇرۇپ قالغان؟

1) بۇ كىشى بەسىرەدىن كەلگەن، لېكىن مىللىتى ئۇيغۇر. مەسىلەن، تەزكىرىنىڭ 21- بېتىدە: «... شەيخ ھەبىبنىڭ ھوزۇرىدا قۇرئان ئوقۇلسا، ئۇ قاتتىق يىغلايتتى. ئولتۇرغان كىشىلەر: ‹سىز ئەجەمدۇرسىز، قۇرئاننى بىلمەيسىز، نېمە ئۇچۇن يىغلايسىز؟› دەپ سورىسا، شەيخ ھەبىب: ‹مېنىڭ تىلىم ئەجەم، ئەمما دىلىم ئەرەب› دەپ جاۋاب بەرگەن» دەپ يېزىلغان.

2) ئېكىساقنىڭ بۇ رايونىدا «سۇلتان ئەجەم مازارلىقى» بولۇپ، بۇ يەرگە كېلىپ - كېتىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، ئۇلار نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئەكېلىپ بېرەتتى.

3) بۇ مازارغا نۇرغۇن يەر - زېمىن، سۇ ۋەخپە قىلىنغان. شۇڭا، ھەبىب ئەجەم تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن خەلقنى ئۆزىگە رام قىلىپ، بۇ مازارنىڭ شەيخى بولغان.

## 15. سۇلتان زوھۇر، سۇلتان تاھۇر

ئاتۇش شەھەرلىك خەلق ئەدەبىياتى توپلاملىرى تەھرىر ھەيئىتى 1992- يىل ئۆكتەبىردە تۈزگەن «ئاتۇش خەلق چۆچەكلىرى» ناملىق كىتابنىڭ 51- بېتىگە بۇ ھەقتىكى بىر رىۋايەت كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ««قۇمسېغىر» (ئالتىن ئاتۇشتىكى كەنت)دا قوشماق ئىككى گۈمبەز بار. رىۋايەت قىلىنىشىچە، بۇ ئىككى گۈمبەز قاراخان پادىشاھنىڭ ئىككى شاھزادىسى، يەنى سۇلتان زوھۇر (زوھۇر — ئاشكارا، ئوچۇق، يورۇق دېگەنلىك)، سۇلتان تاھۇر (تاھۇر — پاك، تازا دېگەنلىك) نىڭ گۈمبىزى ئىكەن. ئۇلار ئۆز پەرزەنتلىرى بىلەن ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ رىۋايەت بولۇپ قالغان» دېيىلگەن. مېنىڭچە، بۇ رىۋايەتنىڭ

كەپتۇ. ئۇ خەلقنى يولدىن چىقىرىپتۇ. بىز ۋەكىل ئەۋەتىپ، بۇ شەيخكە ئىشنى يىغىشتۇرۇش توغرىسىدا گەپ قىلايلى، ئەگەر ئۇنىمىسا، ئۇرۇپ ھەيدەيلى» دېيىشكەن. بۇ مەسلىھەت بويىچە بىر دانىشمەن كىشىنى بىرقانچە شاگىرتلىرى بىلەن چىقىرىپتۇ. ئۇ كىشىلەر ھەبىب ئەجەم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا مۇرىت بولۇپ كەتكەن. ئارقا ـ ئارقىدىن بىرقانچە كىشىنى چىقارغان بولسىمۇ، ھەممىسى مۇرىت بولۇپ كەتكەن. بۇنىڭدىن، قەشقەر خەلقىنىڭ ھەبىب ئەجەمنى قارشى ئالمىغانلىقى مەلۇم. ھەبىب ئەجەم ھىجرىيىنىڭ 629- يىلى (مىلادىيە 1231-، 1232- يىللىرى) ۋاپات بولۇپ، سۇلتان ئەجەمنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان. يەنە بىر خىل تەزكىرىدە ئىراقلىق دېيىلگەن بولۇپ، پارس مىللىتىگە تەۋە كىشى دېيىلگەن بولسىمۇ، بۇ كىشىنىڭ ئەۋلادى ئىراقتا تۇرۇپ قالغان ئۇيغۇر بولسا كېرەك. ھەبىب ئەجەمنىڭ دىنىي كەسپى ھاپىزلىق، سوپىزمنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى. بۇ كىشىنىڭ قەشقەرگە كېلىشىدىكى سەۋەبى توغرىسىدا كېيىنكىلەرنىڭ تەتقىقات خۇلاسىسىدىن قارىغاندا، XIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىراق، ئىران دائىرىلىرىدە ئاددىي خەلقنىڭ ھۆكۈمران ئاقسۆڭەكلەرگە قارشى قوزغىلاڭلىرى بولغان بولسىمۇ، دەھشەتلىك باستۇرۇلغانلىقتىن، تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان شەيخ ھەبىب ئەجەمگە ئوخشاش دىنىي زىيالىيلار ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، بۇ دىياردىن چىقىپ كەتكەن. شۇ جۈملىدىن شەيخ ھەبىب ئەجەممۇ يۇرتىنى تاشلاپ، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بىلەن بىرگە 40 نەپەر سوپىسىنى باشلاپ قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ، ئۈستۈن ئاتۇش ئېكساق يېزىسىدىكى ھەزرىتى پاشايىم مازىرىغا كېلىپ چۈشۈپ سوپىزملىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۈستۈن ئاتۇشنىڭ ئېكساق يېزىسىنى تاللاپ، بۇ

## 16. ئىت يولى ھەققىدىكى رىۋايەت

ئالتىن ئاتۇشنىڭ لەڭگەر يېزىسى بىلەن بەشكېرەمنىڭ تاغ ئاغزى لەڭگەر رايونىنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاغ تىزمىسى بولۇپ، بۇ تاغ تىزمىسىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان تار يول بار. بۇ يول «ئىت يولى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەقتە «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى»دە بىر رىۋايەت بار.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەزگىللەردە، ئۇنىڭ قىزى نۇرئەلانۇرخان ياتلىق بولمايلا ھامىلىدار بولۇپ قاپتۇ، كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قورسىقى يوغىناپتۇ. ئانىسى بۇ ئەھۋالنى قىزىدىن سۈرۈشتۈرگەندە، نۇرئەلانۇرخان: «چۈشۈمدە بىر شىر ئۈستۈمدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ كەتتى. چۆچۈپ ئويغىنىپ قارىسام چۈشۈمكەن، شۇنىڭدىن بېرى قورسىقىم يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ئەھۋال سىرتقا ئاشكارىلىنىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان خانىشتىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرۈپ: «قىزىڭىز قېنى، ئالدىمغا كەلتۈرۈڭ» دېگەن. خانىش ئاگھۇچە قىزىنى قاچۇرۇۋەتكەن. قىزى نۇرئەلانۇرخاننى ھېچ يەردىن تاپالمىغان سۇتۇق بۇغراخان دەرھال ئەترايقا چاپارمەن ئەۋەتىپ ئىزدەتكەن.

نۇرئەلانۇرخان ئالتىن ئاتۇشنىڭ لەڭگەر يېزىسىدا قېچىپ كېتىۋېتىپ، تاغ تۈۋىگە كەلگەندە بىر ئىت پەيدا بولۇپ، ئۇنىڭغا يول باشلىغان. تاغ يولىنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، نۇرئەلانۇرخاننىڭ تولغىقى تۇتۇپ، يول تۈۋىدىكى دۆڭلۈككە چىقىپ، شۇ جايدا بالىسىنى تۇغقان. كەينىدىن ئاتلىق قوغلاپ كەلگەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان باشلىق كىشىلەر قارىسا، تۇغۇلغان بالىنىڭ

تارىخىي ۋە ئىلمىي ئاساسى يوق.

قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتىدىكى ئىسمائىل ئىبراھىمنىڭ مەلۇم تەزكىرىگە ئاساسەن تەييارلىغان «شام پاشا (پادىشاھ) توغرىسىدا» ناملىق ماتېرىيال تېزىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «شام پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئابدۇرەھمان ھىجرىيىنىڭ 510- يىلى (مىلادىيە 1116-، 1117- يىللىرى) قەشقەرگە كېلىپ قومۇلغىچە بارغان. ئۇ بىر مەزگىلدىن كېيىن شامغا (سۈرىيەدىكى دەمەشق شەھىرى) قايتىش سەپىرىدە جامادىيەل ئەۋۋەل ئايلىرى بولۇپ، قەشقەرگە كېلىپ ئالەمدىن ئۆتۈپ دەپنە قىلىنغان. قەبرىدىكى خەتنىڭ مەزمۇنىغا قارىغاندا، بۇ كىشى چوڭ ئۆلىما، ھەربىي ئالىمكەن. بۇ كىشى بىلەن بىرگە كەلگەن يەتتە نەپەر ھەمراھىمۇ قەشقەردە تۇرۇپ قېلىپ، مۇشۇ جايدا ۋاپات بولۇپ كۆمۈلگەن. ئابدۇرەھماننىڭ پاتىمە ۋە زۆھرە ئىسىملىك ئىككى سىڭلىسى «ئاكىمىزنى كۆرۈپ كېلىمىز» دەپ قەشقەرگە كېلىپ، قازا بولۇپ مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. ئابدۇرەھمان شاھزادە ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغاندا (ئۇنىڭ يۇرتىدىن ئايرىلىش سەۋەبى ئېنىق ئەمەس)، ئۆيىدە قالغان ئىككى بالىسى قۇتبى تاھىر، قۇتبى زوھۇرلەر چوڭ بولغاندا «دادىمىزنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىمىز» دەپ شامدىن كېلىپ، ئۆز يۇرتىغا كېتەلمەي، ئاخىر ئالتىن ئاتۇشتىكى قومسېغىردا ۋاپات بولۇپ، مۇشۇ جايغا دەپنە قىلىنغان...»

كېيىنكى تارىخىي مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، قومسېغىر-دىكى بۇ قوشماق قەبرىگە قاراخانىيلار شاھزادىلىرى ئەمەس، شامدىن كەلگەن شاھزادە ئابدۇرەھماننىڭ باللىرى دەپنە قىلىن-غان. بۇ شاھزادىلەرنىڭ بۇ جايغا دەپنە قىلىنىشىنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر.

قىلىندى»، بۇرۇنقى ۋەخپىنامە مۇھەممەد سىيىت ۋاڭ (1820—1826- يىللىرىغىچە قەشقەردە ھۆكۈم سۈرگەن)نىڭ ھۇزۇرىدا رەسمىي بېكىتىلگەن. كونىلاردىن «ئومىچى يوق مازاردىن شەيخ قىچىپتۇ» دېگەن تەمسىل قالغان بولۇپ، شىنجاڭدىكى بارلىق ئىسلام دىنىغا ئائىت مازارلارنىڭ شەيخلىرى ۋەخپىدىن كەلگەن كىرىم بىلەن ئۆز تۇرمۇشىنى قامداشتىن سىرت، مازارنىڭ بۇزۇلماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ كەلگەن. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا قارايدىغان شەيخ ۋە باشقىلارمۇ 1000 يىلدىن بېرى بۇ مازارنىڭ كەڭ كۆلەمدە بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلغان. بىراق، تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى بۇنىڭ سىرتىدا. مەسىلەن، تەبىئىي ئاپەت، يەر تەۋرەش ۋە يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئاسار ئەتىقىلەرنى ئوغرىلاپ سېتىشى (سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئالتۇن-كۈمۈشتىن ياسالغان بويۇملىرى، ئالتۇندىن ياسالغان چىراغلىرى، «سۇلتان سۇتۇق ئابدۇلكەرىم» نامىدىكى سوقۇلغان ئالتۇن-تىللا پۇللىرى) قاتارلىقلار.

يېڭى تۇرغۇزۇلغان ۋەخپىنامىدە كونا ۋەخپىنامىدىكى شەيخ دەپ بېكىتىلگەن ئىسلام شەيخنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ رەسمىي شەيخى دەپ يازغان. يېڭى ۋەخپىنامىدە مازارغا قارايدىغانلارنىڭ ۋەزىپە نامى «شەيخ، مۆتىۋەللى، خاتىپ، ئىمام، مەزىن، سىپارىخان[1]، چىراغچى، ئوماچچى، تۈزچى، يانتاقچى، جارۇپكەش[2]، پىرايىشلار[3]» دەپ كۆرسىتىلگەن. يۇقىرىدىكى ۋەزىپىلەرگە بەلگىلەنگەن كىشىلەر ئىچىدە مۆتىۋەللى بىر كىشى

---

[1] سىپارىخان — مازارغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇغۇچى.
[2] جارۇپكەش — كوتكۇچى.
[3] پىرايىش — تازىلىق خادىمى.

پىشانىسىدىن بىر نۇر ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقۇدەك. قوغلاپ كەلگەنلەر ھەيران قالغان ۋە كەينىگە قايتىپ كەتكەن. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئوردا ئالىملىرىنى يىغىپ، بۇ مەسىلىنى سورىغان. ئالىملار كىتاب كۆرۈپ: «بۇ، ھەزرەت ئەلىدىن بولغان پەرزەنتكەن» دەپ جاۋاب بەرگەن. ھازىر نۇرئەلانۇرخان تەۋەللۇت قىلغان يەردە خام كېسەكتە ياسالغان بەلگىگە ئوخشاش ئورۇن بار.

## 17. ھىجرىيە 1278- يىلى (1861-، 1862- يىللىرى) سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا ئاتالغان ۋەخپە يەر ھۆججىتى

بۇ مازارغا ئاتۇش ۋە قەشقەر رايونىدىكى يېزا- كەنتلەردە ئولتۇرۇشلۇق بىر بۆلۈك كىشىلەر باغ، ھويلا، تۈگمەن، يەر... قاتارلىق مال - مۈلكىنى ۋەخپە قىلغان بولۇپ، تۈرلۈك دەۋرلەرگە ئائىت ۋەخپىنامە توختىتىلغان. مەسىلەن، مەشھەد كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى سازلىق، باغئېرىقتىكى يەرلەرنىڭ بىر بۆلىكى، شورۇق ئۆنتىساقتىكى يەرلەر، تۆركۆل، سۇنتاغدىكى بىر بۆلۈك يەرلەر، كاتتا يايلاق، پەيزاۋات، قىزىل بويى، چۈجە باش، سۇزاق، يېڭىسارنىڭ قىزىل... قاتارلىق جايلاردىكى ۋەخپە قىلىنغان يەرنىڭ ۋەخپىنامىلىرى بۇنىڭ دەلىلى.

قولۇمدا ساقلانغان ئەڭ ئىناۋەتلىك ۋەخپىنامە ھۆججىتى ھىجرىيە 1278- يىلى ماھى رەجەبنىڭ تۆتى (1861-، 1862- يىللىرى) چارشەنبە كۈنى قەشقەرنىڭ ھاكىمى قۇتلۇق تاجبەگ ھۇزۇرىدا يېزىلغان ۋەخپىنامىنىڭ يېزىلىش سەۋەبى توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كونا ۋەخپىنامە ھۆججىتى پىترەت (پاراكەندە) كۈنلەردە، تىنچ بولمىغان كۈنلەردە يوقىلىپ كەتكەچكە، بۇ ۋەخپىنامە قايتىدىن يېزىلىپ ئىناۋەتلىك

بۇ مازارغا زىيارەتكە كەلگەن كىشلەرگە سەرپ قىلىنىدۇ، ئۈچ ھەسسىسىنى شەيخ ئۆزى ئۆچۈن ئىشلىتىدۇ، بىر ھەسسىسىنى مۇتىۋەللى، بىر ھەسسىسىنى خاتىپ، ئىمام، مەزىن ئىشلىتىدۇ، ئىككى ھەسسىسىنى بارلىق سىپارىخان، چىراغچى، ئوماچچى، تۈزچى، ياتاقچى، جارۇپكەش، پىرايىشلار ئالىدۇ. ئەگەر مازارنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرى بولسا، مەزكۇر 10 ھەسسە قىلىنغان ۋەخپە كىرىملىرىنىڭ ئىچىدىن چىقىرىپ ئوڭلايدۇ...»

يۇقىرىدىكى ۋەخپىنامىدىكى مەلۇمات ئارقىلىق سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىغا ئائىت ۋەخپىنامىدىن تۆۋەندىكى تارىخىي مەلۇماتقا ئىگە بولىمىز:

1) سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازارلىقى، مەسچىتى ۋە باشقا تەرەپلەرگە ئومۇمەن مەسئۇل بولىدىغان كىشى ئىسلام شەيخ بولۇپ، 1820— 1826- يىللىرى چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەمەلدارى مۇھەممەت سىيىت ۋاڭ ھۇزۇرىدا مازارغا قارىغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە بۇ تىزىملىك تەستىقلانغان. ئىسلام شەيخ ئاتۇش غوجىلىرىنىڭ ئىچىدىن تەيىنلەنگەن كىشى.

2) بۇ مازارغا قارىغۇچىلارنىڭ تىزىملىكى تەستىقلانغاندىن كېيىن، پوتكول خەلق بىردەك ئېتىراپ قىلغان.

3) ۋەخپە يەردىن كېلىدىغان كىرىمنىڭ تەقسىم بولۇش ئەھۋالىنى بۇ ۋەخپە يەر ھۆججىتىدىن بىلگىلى بولىدۇ.

4) مەسچىت ياكى بۇ قەبرىستانلىقنىڭ بىرەر ئورنى بۇزۇلسا، مازار كىرىمىدىن چىقىم قىلىنىدىغان بولۇپ، 1000 يىللاردىن بېرى بۇ قائىدە داۋاملىشىپ قوغدىلىپ كەلگەن. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ مازار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە قوغدىلىدىغان ئاسار ئەتىقە ئورنى قىلىپ بېكىتىلدى.

5) ۋەخپىنامىدە ھەر پەيشەنبە، جۈمە، ئىككى ئايەم،

(ئىسمى يېزىلمىغان)، خاتىپ بىر كىشى (ئىسمى يېزىلمىغان)، ئىمام بىر كىشى (ئىسمى يېزىلمىغان)، مەزىن بىر كىشى (ئىسمى يېزىلمىغان) بولۇپ، قالغان ۋەزىپىلەرگە قويۇلغان كىشىلەرنىڭ ئىسمى تۆۋەندىكىچە بايان قىلىنغان:

سىپارىخانلار — موللا ئېلى، موللا ئابدۇللا، موللا بىرام شاھ قارىي سىيىت، موللا مەخسۇت، موللا ئىسلام، موللا ئۈزى، موللا كىپەك، موللا سايىت، موللا پالتۇ، موللا نىياز، موللا باھاۋىددىن، موللا ئابدۇرەھمان، موللا جامالىددىن، موللا شاھ مەھبۇب، موللا ھاجى، موللا سوپىھاجى، يۈسۈپ ھاجى، ئوبۇل خەيرى، موللا ھېلىم، موللا قاسىم، موللا شېرىپ مەخسۇت، موللا ئابدۇرۇسۇل، موللا سىراجىددىن، موللا بۇرھانىددىن، موللا تۇردى قاتارلىقلار.

چىراغچىلار — موللا باقى، موللا يۇنۇس، موللا قۇربان، موللا قاسىم.

ئوماچچىلار — موللا سەيپى، بۇ كىشى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدىكى غايەت زور داشلارنى قايىنتىدىغان ئوماچچىلارنىڭ باشلىقى بولسا كېرەك.

تۇزچى — ئەسەتۇللا كېرىم.

يانتاقچى — ياقۇپ، ئۈزى قۇربان، نىياز.

جارۇپكەشلەر — شىركالان سوپى، مۇھەممەت ئىمىن سوپى، قۇربان سوپى، موللا مۇھەممەت تۇردى، موللا خۇدابەردى، بارات سوپى، نىياز غوجى، موللا ئابدۇرېھىم، ئاخۇن باقى.

پىرايىشلەر— سوپى قۇربان قاتارلىقلار.

سۇتۇق بۇغراخان مازارلىقىغا ئائىت بۇ ۋەخپە يەر ھۆججىتىدە يۇقىرىقىدەك تۈرلۈك ۋەزىپىدىكى كىشىلەر بولغان. بۇ ۋەخپىنامە ھۆججىتىدە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: «ۋەخپە يەردىن يىغىلغان كىرىمنى 10 ھەسسە قىلىپ، ئۈچ ھەسسى

يەشمىسى: بۇ بەگلەر ئۆيىنىڭ ئىپتى «قارشى»دۇر، بۇ «قارشى» ئەھلى ئۆزئارا قارشىدۇر.

«قەسر»، «ساراي»، «ئوردا» سۆزلىرى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «قارشى» دېيىلىدۇ. «قارشى» سۆزى يەنە ھازىرقى قارشى مەنىسىدىمۇ ئىشلىتىلەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ خاننى بەگ دەپمۇ كۆرسەتكەن. «خانئۆي» (بەگ ئۆيى) ئوخشاشلا خان ئوردىسى، خان سارىيى، خان قەسرى دېگەنلىك. بۇ مەنىدىن قارىغاندا، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان بىردىنبىر ئىزى ئۆچمىگەن «خانئۆي» نامى بۇ جاينىڭ تارىخىي گۇۋاھى بولۇپ كەلمەكتە.

1980- يىللاردا ئالتىن ئاتۇش مەشھەدلىك مەرھۇم خەلق تارىخچىسى ئەمەتخان ئاكا ماڭا مۇنداق دېگەن: « ‹خانئۆي› قەدىمكى شەھىرى توغرىسىدا يېزىلغان ‹خانئۆي تەزكىرىسى› ناملىق يېگانە قوليازما مەشھەدنىڭ جەنۇبىدىكى دۆڭ مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق مەرھۇم ئەمەت غوجام (مەھمۇت ھېكىمبەگنىڭ نەۋرىسى)نىڭ قولىدا ئىدى. مەن 250 بەتلىك بۇ ئەسەرنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ ئوقۇغان. 1950- يىللاردا مەدەنىيەت نازارىتىدە ئىشلەيدىغان يۈسۈپبەگ مۇخلىس (ئاتۇش غوجىلىرىدىن ئىبراھىم شەيخنىڭ ئوغلى) ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن كېلىپ، ئەمەت غوجامدىن ‹خانئۆي تەزكىرىسى› ناملىق ئەسەرنى 500 يۈەنگە سېتىۋېلىپ ئەكەتكەن».

ھازىر ‹خانئۆي تەزكىرىسى› ناملىق بۇ تەزكىرە ئەسەرنىڭ قەيەردە ساقلىنىۋاتقانلىقى نامەلۇم. ئاتۇش غوجىلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، كېيىنكى دەۋرلەردە مەرھۇم ئەمەتخان ئاكىدا ئاتۇش غوجىلىرىنىڭ نەسەبنامىسى ساقلانغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئالغانلىقى مەلۇم ئەمەس.

ئىككى ھېيت كۈنلىرىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ داشلىرىنى قايىنتىپ، خەلققە «بۇغرا ئېشى» نەزىر بېرىپ، ساۋابىنى سۇتۇق بۇغراخان باشلىق بارلىق ئۆلگەن كىشلەرگە ئاتاش بەلگىلەنگەن.

بۇ مازارغا قارىغۇچى شەيخلەردىن تەزكىرىلەردە ئىسمى ئاتالغانلىرى سۇلتان مەھمۇدخان، ئىبراھىم شەيخ، ئىسرائىل شەيخ، ئەھمەد قاراغوجا، ئارىپ شەيخ، ئابدۇرەھمان شەيخ، مىرئەلى ئەكبەر شەيخ، مىرغوجى شەيخ، مىرەھمەت شەيخ، يۈسۈپ غوجى، شەيخ باقى شەيخ، بوۋاق شەيخاجىم... قاتارلىقلار بولغان.

## 18. «خانئۆي» توغرىسىدا قىسقىچە ئۇچۇر

ئالتىن ئاتۇشنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمال تاغنىڭ جەنۇبىي يان باغرىدىكى كەڭ دالىدا قەدىمكى دەۋرگە تەئەللۇق بىر خارابە بولۇپ، بۇ خارابىنى كىشلەر «خانئۆي» دەپ ئاتايدۇ. بۇ خارابە ھەققىدە «خانئۆينىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسى ۋە خانئۆي توغرىسىدا» قاتارلىق بىر قىسىم تەتقىقات ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى. مەن «خانئۆي»نىڭ ئەسلىي تەزكىرىسىنىڭ يېزىلغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە ئۇچۇر بېرىمەن.

«خانئۆي»— «خاننىڭ ئۆيى»، «قەسىرى»، «ئوردىسى» دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنىڭ 14- بېيىتىدە مۇنداق يازغان:

بۇ بەگلەر ئۆيى قارشى تۇرۇر،
بۇ قارشى ئىچىندىكى قارشى تۇرۇر.

شەرق كلاسسىكلىرىنىڭ ئەسەرلىرى قوشۇپ ئوقۇتۇلغان[1].

IX ئەسىر ئوتتۇرىلىرىدا، مۇدەررىس جامالىددىن قەشقەرىنىڭ دەرس باشلىشى بىلەن ئالتىن ئاتۇش مەشھەدتە تەسىس قىلىنغان «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان( ساجىيە) مەدرىسەسىگە ئوخشاش ئىنستىتۇتلىرىمىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىلىم - پەندە مۇتەخەسسىس بولۇپ كامال تاپقان زاتلار، يېتىشكەن ئالىم، ئەدىب، جەرراھ (ئوپېراتسىيە قىلىدىغان تېۋىپ)، ھۈنەرۋەن، دانىشمەنلەر دۇنياغا تونۇلغان. ئاشۇ دەۋردە، يېتىشىپ چىققان ئەللامە راشىددىن قەشقەرى، لۇغەت ئىمامى (تىلدا يېتەكلىگۈچى، ئالدىدا تۇرغۇچى) مەھمۇد قەشقەرى، خاس ھاجىپ (كۆز ئۈچۈن قاش قانداق زىننەت بولسا، قاراخانىيلار دۆلىتى ئۈچۈن زىننەت بولغۇچى مەنىسىدىكى ئۇنۋان) يۈسۈپ، جەرراھ ئىماددىن قەشقەرىلەر فارابى، ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا، سەككاكىغا ئوخشاشلا ئۆز خەلقىگە، دۇنيا ئىلىم خەزىنىسىگە ۋە ئىنسانىيەتكە ئىلمىي خىزمەتلىرى، سالاھىيەت، ئىقتىدارى بىلەن تۆھپە قوشقان. ئىماددىن قەشقەرى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر تېۋىپ بولۇپ، ئۇ كېسەل داۋالاشقا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى، سۇتۇق بۇغراخان ئېغىر كېسەللەرنى ئۇ زاتنىڭ داۋالىشىغا ئەۋەتىدىغانلىقى، تېببىي ئىشلاردا ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە ئېتىبار بىلەن قارايدىغانلىقى، سوقۇشتا يارىلانغانلارنى ئۇنىڭغا داۋالاتقانلىقى تارىخلارغا يېزىلغان.

بۇ مەدرىسەگە كېيىنكى ئەسىرلەردە مۇدەررىس بولغانلار:

(1) تېجەنلىك مۇھەممەتئىمىن ئاخۇن توكۇر خەلپەت بولۇپ، بۇ

---

[1] مېنىڭ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2003 - يىل 5- سانىغا بېسىلغان «ئەبۇ بەكرى زەلىلى توغرىسىدا» ناملىق ماقالەمگە قارالسۇن.

## 19. ئاتۇشتىكى مەدرىسەلەر

كېيىنكى ئەسىرلەردە ئاتۇش تارىخىدا ئۆتكەن تارىخىي شەخس ۋە دىنىي زىيالىيلارنى قەشقەر، بۇخارا، ھىندىستاندىكى دېۋەبەن، سارامپور، مىسىردىكى ئەزھەر... قاتارلىق ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا يېتىشتۈرۈپ بەرگەن مەدرىسەلەر ئۆز دەۋرىدىكى بىلىم ئۇچىقى سۈپىتىدە مۇھىم رول ئوينىغان. ئۈستۈن ئاتۇشتىكى ئۇچا مەدرىسەسى ياكى قاشمەزىن مەدرىسەسى، «قايىراق مەدرىسە-سى» توغرىسىدا «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بۆشۈكى ئۈستۈن ئاتۇش» ناملىق كىتابتا توختالغان. مەن ئاتۇشتىكى بەش مەدرىسەنى تونۇشتۇرىمەن.

1. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (ساجىيە) مەدرىسەسى

بۇ مەدرىسە قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە قۇرۇلغان. ئۇ ئۆز دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مەشھۇر مەدرىسەلەردىن بىرى بولۇپ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، تۇرپان، كۇچا، ئاقسۇ، قۇمۇل... دىن كېلىپ ئوقۇيدىغانلار بار ئىكەن. مەدرىسەدىكى ھۇجرىلاردا سىرتتىن كەلگەنلەر يېتىپ ئوقۇغان. ئوقوغۇچىلارنىڭ ئاش-تامىقى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ ۋەخپە كىرىمىدىن چىقىم قىلىنغان. مەدرىسەدە دىنىي دەرسلەردىن باشقا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، تەبىئەتشۇناسلىق، جەرراھلىق؛ تۆۋەن سىنىپلىرىدا كىلاسسىكلاردىن ئابدۇرەھمان جامىنىڭ «كۇللىيات جامى»، نەۋائى ھەزرەتنىڭ «خەمسە نەۋائى»، سەئدى قاتارلىق

ھەسەن قارىمدەك مەشھۇر قارىيلارنى يېتىشتۈرگەن. «سۇلتان ئەجەم مەدرىسەسى»دە 1950- يىللاردا ئوقۇش توختىغان.

3. ئالمۇتا مەدرىسەسى

بۇ مەدرىسەنىڭ ئورنى بۈرۈنقى مەشھەد بازىرىنىڭ «ئەسكى جۇۋۇ» (كونا ئاشلىق بازىرى)نىڭ ئىچىدىكى شەرقىي جەنۇب تەرەپ «بۇۋى ئانام» قەبرىگاھىنىڭ جەنۇبىغا سېلىنغان.

ئالمۇتا مەدرىسەسى توغرىسىدىكى تارىخىي ھۆججەتتە: «ھىجرىيىنىڭ 1232- يىلى (1816-، 1817- يىللىرى) مەنكى كاشغەرلىك سالىھجان بايدۇرمەن. دادام نىئمەتجان باي ھەققىدە ھەزرەت سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھى يېنىدىكى كونا ئورۇنغا بىر مەدرىسە، مەسچىت بىنا قىلدىم...» دەپ، كۆپلىگەن يەرلەرنى ۋەخپە قىلغانلىقى يېزىلغان. بۇ ۋەخپىنامە ھۆججىتىدە «... قەدىمكى تۆۋلى ھۆججەتلەردىكى قائىدە بويىچە ئۆز ئەۋلادىمىزدىن مۇتىۋەللى قويۇش شەرتلىرىگە بىنائەن، نىئمەتجان باي مەرھۇم ئەۋلادىدىن مىرزاخان ھاجىمنىڭ ئوغلى مۇھەممەت نىيازھاجىم ۋە مۇھەممەد زىرىپباي مەرھۇم ئوغلى سىيىتھاجىمنى مۆتىۋەللى قىلىپ بېكىتتۇق ۋە يەنە مۇھەممەت قارىم، ۋەلىد سىيىتھاجىم ئىماملىققا تەيىنلەندى. مەزكۇر ئەۋلادتىن ئىسمايىل ئاخۇن، ۋەلىد ئابدۇكېرىم ئاخۇن جارۇپكەشلىككە تەيىنلەندى. بۇ تۆۋلى ھۆججەت قەدىمكى تۆۋلى ھۆججەتكە ئاساسەن ھىجرىيە 1348- يىلى (1929-، 1930- يىللىرى) قايتا يېزىلدى» دەپ، قەشقەر شەرئى مەھكىمىسىدىن سەككىز نەپەر قازىنىڭ مۆھرى بېسىلغان؛ مۇھاجىرخان، ھابىل ھاجىم باشلىق 40تىن ئارتۇق گۇۋاھچىلارنىڭ ئىسمى يېزىلغان. قەشقەرلىك سالىھجان باي سالدۇرغان مەدرىسە ۋە مەسچىتنىڭ ئەسلىي ۋەخپىنامە يەر

كىشىنى جوغا سىلىپ كۆتۈرۈپ مەدرىسەسىگە ئېلىپ كىلەتتى. (2) ياسىن خەتىپ، (3) هابىل هاجىم، (4) موللا ئىسا خەلىپىتىم، (5) ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىم (6) هاشىم قارى ئاخۇنۇم، (7) ئەمەت خەتىپهاجىم، (8) ئەمەت داموللام، (9) زەينىل ئابىددىن مەۋلىۋى داموللا هاجىم... قاتارلىقلار.

## 2. سۇلتان ئەجەم مەدرىسەسى

«تەزكىرەئى بۇغراخان»دا «سۇلتان ئەجەم»، «هەزرەت پاشايىم» دەپ ئاتالغان قاراخانىيلار خانىدانىغا مەنسۇپ بۇ زات ياشىغان X ئەسىردە، مەشهەدتىكى «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (ساجىيە) مەدرىسەسى» بىلەن بىر قاتاردا ئۈستۈن ئاتۇش ئىكساقتا قۇرۇلغان «سۇلتان ئەجەم مەدرىسەسى»گە هەزرەت مەۋلانادەك مەشهۇر ئالىملار مۇدەررىسلىك قىلغان.

«سۇلتان ئەجەم مەدرىسەسى»نىڭ ئاتاقلىق مۇدەررىسى ئۈستۈن ئاتۇش ئىكساقلىق مەۋلانا ئابدۇلمىجىت[1] 1854-، 1855- يىللىرى جامال قارشىنىڭ «سۇرراھ لۇغەتىگە تولۇقلىما» ناملىق ئەسىرىگە قوشۇمچە قىلىپ، ئوخشاش نامدا ئەسەر يازغان. ئىمىن داموللام، شەمشىددىن خەلپىتىم مۇشۇ مەدرىسەدە ئوقۇغان. كېيىنكى دەۋردە، بۇ مەدرىسە قارىي يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپكە ئايلىنىپ، باۋۇدۇن قارىيهاجىم، نىياز قارىيهاجىم، كېرىم قارىم،

[1] ئۈستۈن ئاتۇش ئىكساقلىق ناسىر بىننى مىرخېلىل، يەنى ناسىر ئاخۇن خەلپىتىم ئەينەن كۆچۈرگەن پارس تىلىدىكى «ئۈۋەيسىلەر تەزكىرىسى»نىڭ «هەبىب ئەجەم» بابىنى قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ خاتىپى، ئۈستۈن ئاتۇشلۇق مەرھۇم سەلەي داموللاجىم تەرجىمە قىلغان. بۇ قولىيازمىنىڭ ئاخىرقى ۋارىقىغا ئۇ مەۋلانا ئابدۇلمىجىت توغرىسىدا يۇقىرىدىكى مەلۇماتنى يېزىپ قالدۇرغان.

قاتارلىقلار دەرس ئۆتكەن. بۇ مەدرىسەدە قارىي يېتىشتۈرگەن ئەنجانلىق ئىسھاق قارىيھاجىم كېيىن ئەنجانغا كەتكەن.

موللا ئەزىز داموللام 1880- يىلى تېجەنلىك مۇھەممەت يۇسۇپنىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپ ئازاقلىق ئەلەمتاخۇنۇمدا ئوقۇغان، 1900 — 1910- يىلىغىچە بۇخارا مەدرىسەلىرىدە ئوقۇغان. موللا ئەزىز داموللام 1937- يىلى شېڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي ئۆلتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ جەسىتى قەشقەر شەھىرىدىكى يۇمىلاق شەھەر سېپىلىنىڭ تۈۋىگە كۆمۈپ تاشلانغان. بۇ مەرھۇم زات تەرەققىيپەرۋەر، يېڭىلىق تەرەپدارى بولۇپ، مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭىچە مائارىپ ئىدىيىسىنى تارقىتىۋاتقان مەزگىلدە، تېجەندە ئەمەت ھاجىم نامىدىكى مەكتەپنى سېلىش جەريانىدا: «مەن مۇشۇ دەملىك بولغۇچە تالاي ئىشنى، يېغىلىقلارنى، بىرنەچچە ھۆكۈمەتنى باشتىن كەچۈردۈم. ھازىر شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، خەلق نادان، ئىتتىپاقسىز بولسا، مىللەت روناق تاپمايدىكەن. خەلقنى نادانلىقتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، چوقۇم يېڭىچە ئوقۇتۇش مائارىپىنى يولغا قويۇش كېرەك» دېگەن[1].

### 5. ئوڭئېرىق مەدرىسەسى

بۇ مەدرىسە خانىقا (سوپىلار يىغىلىدىغان ئورۇن ئەمەس،

---

[1] ئوڭئېرىق يولىدا «قىزىل پاچچىم» دەپ ئاتىلىدىغان يولغۇنلۇق دۆڭ بولۇپ، تۇغمىغان ئاياللار يولغۇن شاخلىرىغا لاتا چىگىپ، بالا تەلەپ قىلىشتەك خۇراپىي ئادەت بار ئىكەن. موللا ئەزىز داموللام مەدرىسەدىكى ئوقۇغۇچىلارغا: «ئەتە مەدرىسەگە كەتمەن، كەكە، پالتا ئېلىپ كېلىڭلار» دەپتۇ. ئەتىسى ئۇ ئوقۇغۇچىلارغا ھېلىقى يولغۇنلارنى كەستۈرۈپ، دۆڭنى تۈزلەپ: «ئاتۇشتىكى نادان خەلقنى بۇتقا چوقۇنۇشتىن قۇتۇلدۇردۇق» دەپتۇ.

ھۆججىتىگە ئاساسەن بۇ ۋەخپە ھۆججىتى يېزىلىپ، مۆتىۋەللى، ئىمام ۋە جارۇپكەشلەرنى توختاتقان. سالىھجان باينىڭ مىللىتى ئۆزبېك. مەدرىسە سېلىنغاندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كىشىلەر كېلىپ ئوقۇغان. بۇ مەدرىسەنىڭ يەنە بىر ۋەزىپىسى قارىي يېتىشتۈرۈش بولۇپ، سادىق قارىم، قادىر قارىم، ناسىر قارىم، قۇدرەت قارىم، كەنجى قارىم، زۇنۇن قارىم... قاتارلىق مەشھۇر قارىيلار يېتىشىپ چىققان.

مەزكۇر مەدرىسەنىڭ «ئالمۇتا مەدرىسەسى» دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب شۇكى، بۇ مەدرىسە مەزىنى ھازىرقى قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇرۇنقى پايتەختى ئالمۇتا شەھىرىدىن كەلگەن، تىلى كېكەچ، مىللەت تەۋەلىكى ئېنىق ئەمەس. ئۇنىڭ ئايالى يېڭىسارلىق بەختىخان ئىكەن. بۇ كىشى مەدرىسەنىڭ مەزىنى بولۇپ، يەنە تازىلىق، ئامانلىق... قاتارلىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. ئۆز ۋاقتىدىكى ئاتۇشنىڭ قازى رەئىسى تۆركوللۇك قازى رەئىس ھاجىم (ھاجى ئاخۇن)، ئاتۇش غوجىلىرىدىن بوۋاق شەيخنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇقادىر ھەزرىتىم، مەمتىمىن ئاخۇن توكۇر داموللام... قاتارلىق كىشىلەر بۇ مەدرىسەدە دەرس بەرگەن.

4. تېجەن مەدرىسەسى

يەرلىك كىشىلەر تېجەن مەدرىسەسىنىڭ سېلىنغىنىغا 90 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت بولدى دەپ قارايدۇ. بۇ مەدرىسەنىڭ پارامىنىغا يېزىلغان «ھىجرىيە 1337- يىلى» (1918-، 1919-يىللىرى) بويىچە ھېسابلىغاندا، بۇ مەدرىسەنىڭ قۇرۇلغىنىغا 86 يىل بولغان. تېجەن مەدرىسەسىنى تېجەنلىك باي مەتنىياز ھاجىم سالدۇرغان. بۇ مەدرىسەدە مۇھەممەت ئىمىن ئاخۇن خەلپىتىم، ئۇگىيرىقلىق توختاخۇن خەلپىتىم، موللا ئەزىز داموللام...

ئاتۇشتا سوپىزم ئىدىيىۋى ئېقىمىنى تارقىتىشتا ئاساسىي ئورۇن بولغان خانىقالارنى «... سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ ئىككىنچى سۇلتانى ئابدۇرېشىتخان ئۆزىنىڭ پىر - ئۇستازى غوجا مۇھەممەت شېرىپ (خوجا مۇھەممەت شېرىپ — سەيلان، ھازىرقى قازاقىستانىڭ چىمكەنت دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان بولۇپ، سەئىدىيە خانلىقىدا 10 يىل تۇرغان) ئۈچۈن يەكەن، قاغىلىق قاتارلىق رايونلاردا خانىقا ياسىتىپ بېرىشتىن سىرت، ئالتىن ئاتۇش مەشھەد كەنتىدە تۆت خانىقا ياسىتىپ، خادىم بەلگىلەپ بەرگەن» ①. مەشھەدتىكى خانىقالارنىڭ ئورنى تېخى بېكىتىلمىدى. كېيىنكى دەۋردە مەشھەدتىكى ئوچا خانىقاسى بىلەن باغئېرىق خانىقاسىنى ئاتۇش غوجىلىرىنىڭ ئەۋلادى بوۋاق شەيخنىڭ چوڭ ئوغلى ئابدۇقادىر ھەزرىتىم سالدۇرۇپ، بىر بۆلۈك كىشىلەرنى سوپىزملىق ئىدىيىۋى ئېقىمغا تارتقان.

يۇقىرىدىكى ئىككى خانىقاغا ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى ۋە جۈمەدىن كېيىن بىر بۆلۈك سوپىلار يىغىلىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان. بىراق، ئاتۇشتا باشقا يۇرتلاردىكىگە ئوخشاش كۆپلىگەن كىشىلەرنى ئۆزىگە قارىتالمىغان ئابدۇقادىر ھەزرىتىم يېگانە ناھىيىسىنىڭ ساغان يېزىسىدا خانىقا سالدۇرۇپ، ئىشانلىق ھەرىكىتىنى داۋاملاشتۇرغان. ھىجرىيىنىڭ 1347- يىلى (1928-، 1929- يىللىرى) شەيخ ھەزرىتىم ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا شەيخ نىزامىددىن خەلىپە ئوچا خانىقاغا كەلگەن. 1947- يىلى ئاتۇشتىكى مەشھۇر تەرەققىيپەرۋەر ئۆلىما ئابدۇكېرىم ئاخۇن خەلپىتىم سۈيىقەست بىلەن قازا قىلغاندا، مېيىتىنى كۆتۈرۈپ گۆرىستانلىققا ئېلىپ ماڭغۇچە بىر بۆلۈك سوپىلار «ھۇ،

① لى جىنشىن: «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» 375- بەت.

قارىيلار ئوقۇيدىغان جاي) بىلەن بىر ئورۇنغا سېلىنغان. ئۇنى ئوگخىبىر ىقلق باي مالتۇداجى سالدۇرغان. بۇ مەدرىسەگە مۇھەممەتئىمىن قارىيهاجىم (لەقىمى سوپىزادە بولۇپ، بۇ كىشى ئەنجاندىن كەلگەن، كېيىن ئاقسۇ دارىلمۇئەللىمىندە دەرس بېرىۋاتقان مەزگىلدە شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، ئۈرۈمچىدە يوقىتىلغان)، موللا ئابلىز داموللام... قاتارلىق كىشىلەر مۇددەرىس بولغان. كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئورۇن ئاتۇش يېڭى مائارىپىنىڭ سەركەردىسى مەمتىلى ئەپەندى يېتەكچىلىكىدىكى ئاتۇش يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان.

## 20. خانىقالار

«ھەبىب ئەجەم تەزكىرىسى»دە ئېيتىلىشىچە، ئاتۇش رايونىدىكى تۇنجى خانىقا ھىجرىيىنىڭ 629- يىلى (مىلادىيە 1231-، 1232- يىللىرى) ئىراقتىن 40 سوپىسى بىلەن قېچىپ كەلگەن شەيخ ھەبىب ئەجەم تەرىپىدىن XIII ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا ئېكىساقتىكى «سۇلتان ئەجەم مەدرىسەسى» يېنىغا سېلىنغان. خانىقا قۇرۇلۇشىغا شەيخ ھەبىب ئەجەمنىڭ 40 سوپىسى قاتناشقان بولۇپ، خانىقا ياغاچلىرىنى قومۇشلۇق دېگەن جايدىن قارا پالۋان ئىسىملىك سوپى باش بولۇپ ئەكەلگەن. بۇ خانىقادا ھەبىب ئەجەمگە مۇرىت بولغان كىشى 1002 نەپەر. بۇلاردىن 10 كىشى ۋايىغا يەتكەن، ئىككى كىشى خەلىپە بولغان. ھەبىب ئەجەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بۇ خانىقانى كىمنىڭ باشقۇرغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئاتۇش خەلقى خانىقادىكى پائالىيەتلەرگە ئانچە قىزىقماي، ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن بولغان. ھازىر بۇ خانىقانىڭ ئەسكى تاملىرى بار.

## 21. «ئەنگە مىڭبېگى ئۆرۈكى» ھەققىدە چۈشەنچە

كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان «ئەنگە مىڭبېگى ئۆرۈكى» ئاتۇش تارىخىدىكى بىر مەزمۇن. ئالتىن ئاتۇش تۆركۆل كەنتىدە «ئەنگە مىڭبېگى ئۆرۈكى» دېگەن تارىخىي نام ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ نامنى شۇ ئۆرۈكقا تەۋە كىشىلەر ھازىرغىچە ئېسىدە ساقلاپ كەلگەن. تۆركۆلدىكى پېشقەدەملەر بۇ ئۆرۈكنى «ۋەلەتلىكلەر» دەيدۇ. بۇ سۆز ئەرەبچە «ئۇلۇغ ئۆرۈك»، «نەسەبى يۇقىرى، غوللۇق ئۆرۈك» دېگەن مەنىنى بېرىدىكەن.

مەن (ئاپتور) 2002- يىلى يازدا تۇغقان يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن غۇلجا، سۈيدۈڭ، توققۇز تارا ناھىيىلىرىدىكى تۆركۆللۈك تۇغقانلارنىڭ ئۆيىدە ئائىلە نەسەبنامىسى توغرىسىدا سۆزلىشىپ قالدىم. توققۇزتارادىكى تۇغقانلاردىن نۇرمۇھەممەت: «بىزنىڭ ئەجدادىمىز ‹ئەنگە مىڭبېگى› ئۆرۈكىدىن ئىكەن. ئاتامنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بۇ ئۆرۈك خان ئەۋلادى ئۆرۈكى بولۇپ، ئەزەلدىن تۆركۆلگە ئورۇنلىشىپ، يۇرت سورىغان ئۆرۈككەن. لېكىن، ‹ئەنگە› دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى بىلمەيمەن» دېدى. سۈيدۈڭدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان تۆركۆللۈك تۇغقىنىمىز، مەشھۇر چېلىشچى ئابلىز كاللىچى: «ئۇكام، بىز ‹ئەنگە مىڭبېگى› ئۆرۈكىدىن بولۇپ، تۆركۆلگە جايلاشقان پادىشاھ ئۆرۈكى. تۆركۆلدىكى ‹ساراي بويى› ئەسلىدە پادىشاھلارنىڭ سارىيى، ئوردىسى بولغان. بۇ يەردە يەنە قەدىمكى بىر مەسچىت بار. ‹ساراي بويى›نىڭ جەنۇبىدا ‹يەر قورغان› دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئورۇن بار» دېدى.

مەن يۇقىرىقى مەلۇماتقا ئاساسەن، ئاتۇش تۆركۆلگە كېلىپ، پېشقەدەم كىشىلەردىن بۇ ھەقتە سوراپ كۆرسەم، ئۇلار-

ھۇ، ئاللاھۇ!» دەپ، مېيىتنىڭ ئىككى تەرىپىدە جەرە ـ ساما سېلىپ ماڭغاندا، بىر كىشى مەشھۇر ئۆلىما، شائىر ئەمەت داموللامدىن: «تەقسىر، بۇ قانداق ئىش؟» دەپ سورىغان. ئەمەت داموللام: «بۇلار ئىسلام دۇنياسىنىڭ سەنئەتچىلىرى، قىزىتقۇچىلىرى بولۇپ، مېيىت ئىگىسىدىن كۆپرەك پۇل ئۈندۈرۈۋېلىش كويىدا «ھۇ، ئاللا» دەيدۇ» دەپ جاۋاب بەرگەن.

ئاتۇشتا سوپىزمنىڭ باش كۆتۈرەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبلىرى كۆپ تەرەپلىمە بولۇپ، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسەسى»دە ئوقۇپ چىققان كىشىلەردىن بىر بۆلىكى مەشھۇر ئالىم بولغاچقا، سوپىزملىق ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ زىيانلىق تەرەپلىرىنى تەشۋىق قىلىپ، خەلقنى بۇ ئىشتىن توسقان. «ئۆلمەيدىغاندەك تىجارەت قىل، ئەتە ئۆلىدىغاندەك ئىبادەت قىل» دېگەن تەمسىل ئاتۇش خەلقىنىڭ ھايات پىسخىكىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئاتۇشتا يەر ئاز، ئادەم كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى ئاتۇش خەلقى يەرگىلا تايىنىۋالماي، تىجارەت قىلىشتەك چىقىش يولىنى تاللىۋالغان. ئۇلار ئاتۇشتىن باشقا رايونلارغا، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئوتتۇرا شەرق ۋە ياۋروپا... قاتارلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى رايونلىرىغا چىقىپ تىجارەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۇ جايلاردىكى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى كۆرگەچكە، سوپىزملىق ئىدىيىۋى خاھىشنىڭ تەركىدۇنياچىلىققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى سەزگۈرلۈك بىلەن تونۇپ يەتكەن. شۇڭا، ئاتۇش خەلقىدە سوپىلارنى ياخشى كۆرمەيدىغان، ئۇلارغا مەسخىرە كۆزى بىلەن قارايدىغان پىسخىكا شەكىللەنگەن. شۇنداقتىمۇ يېقىنقى يىللارغىچە ئاتۇشتىكى خانىقالاردا سوپىلىق پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاز ساندىكى كىشىلەر بولغان. بۈگۈنكى كۈندە ئاتۇشتىكى خانىقالار يوقىلىپ، سوپىلار تارقاپ كەتتى.

سۆز گەرچە يۋەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئەمەل ئاتالغۇسى بولسىمۇ، بۇ ئۇرۇق قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پادىشاھلار ئۇرۇقىدىن ئىبارەت. قاراخانىيلار سۇلالىسى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، قاراخانىيلار دۆلەت ھاكىمىيىتىدە ئىشلىگەن نۇرغۇن تالانتلىق سەركەردە، ئالىم، دۆلەت ئەربابلىرى تۈرلۈك سەۋەبلەرگە كۆرە چىڭگىزخان ھاكىمىيىتى (يۋەن سۇلالىسى)دە ئىشلىتىلگەن، بۇ كىشىلەر «ئەنگە مىڭبېگى ئۇرۇقى» نامى بىلەن ئاتالغان.

## 22. ئوچا بازىرى

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بىرقانچە ئورۇنلار ھازىرغىچە ئوچا نامى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، ئالتىن ئاتۇش مەشھەد كەنتىنىڭ شەرقىدە ئوچا ناملىق يېزا، ئۈستۈن ئاتۇشتا ئوچا كەنتى، يېڭىسار ناھىيىسىدە ئوچا يېزىسى، كوچا ناھىيىسىدە ئوچا كەنتى... بار.

«ئوچا»نىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسى ئۇيغۇر تىلىدا «بازار» دېگەنلىك. جانلىق سۆزىمىزدە «بازار - ئوچا» دېگەن سۆز بار. ئالتىن ئاتۇش مەشھەد كەنتىنىڭ شەرقىدىكى ئوچا ناملىق يېزىدا قاچان بازار بولغانلىق ھەققىدە تارىخىي ھۆججەت يوق. مەشھۇر تارىخچى قۇربان ئەلى ھاجى خالىدىنىڭ 1903- يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان «تارىخى خەمسە شەرقى» (شەرقنىڭ بەش تارىخى) ناملىق ئەسىرىدە، ھىجرىيىنىڭ 842- يىلى (1438-، 1439- يىللىرى) قاتتىق يەر تەۋرەپ، ساغۇن شەھىرى پۈتۈنلەي خاراب بولغان. ھىجرىيە 900- يىلى (1494-، 1495- يىللىرى) بۇ خارابىگە يېقىن يەردە بىر شەھەر بەرپا قىلىنىپ، نامى ‹ئارتۇچ شەھىرى› دەپ ئاتالغانلىقى ئېيتىلغان. «ساغۇن» شەھىرى ئۆزى-

مۇ ئوخشاش جاۋاب بەردى. مەشھەد كەنتىگە تۆركۆلدىن ياتلىق بولغان تۇغقىنىمىز خان ھاجىم دېگەن ئايالدىن بۇ مەسىلىنى تەپسىلىيرەك سۈرۈشتۈرۈپ كۆردۇم. خان ھاجىم يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى تەستىقلاش بىلەن يەنە «بوۋىلىرىمىزنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، بىز خان ئۇرۇقى ئىكەنمىز، باشقىلار بىزدىن قىز ئالسا ياكى بىزگە قىز بەرسە ‹بۇلار خان ئۇرۇقى تۇرسا، بىز قىز بېرىپ - قىز ئېلىپ، بۇلار بىلەن قانداق تەڭ تۇرارمىز› دەپ غەم - ئەندىشە قىلىشىدىكەن» دەپ سۆزلەپ كېلىپ، «بىزنىڭ ئۇرۇقتىكىلەرنىڭ قىز - ئوغۇللىرى تاكى كېيىنكى ئەسىرلەرگىچە پېشانىسىگە ئوتىغات (تاج) تاقاپ يۈرىدىكەن» دېدى.

مەن «ئەنگە مىڭبېگى»نىڭ تەپسىلىي ئۇقۇمى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2002- يىللىق 5- سانىغا بېسىلغان يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامنىڭ «ئاقسۇ ئايكۆلدىكى قەدىمكى ئىزلار» ناملىق ماقالىسىنى ئوقۇدۇم. مەزكۇر ماقالىدە «‹ئەنگە› — موڭغۇلچە ‹تارمىقى›، ‹بىر قىسمى›، ‹قوشۇن› دېگەن سۆز بولۇپ، پادىشاھ ۋارىسىنىڭ قول ئاستىدا بولىدۇ ۋە پادىشاھ ۋارىسىنىڭ يەر - زېمىنلىرىنى باشقۇرىدۇ. ئۇرۇش ۋاقتىدا 1000 كىشىلىك قوشۇننىڭ باشلىقى بولىدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، «گۈلەمخان» درامىسىدا مۇنداق خەلق قوشىقى ئېيتىلغان:

گۈلەمخاننىڭ ئەسلىي يۇرتى ئويمان بۇلاقتۇر،
گۈلەمخاننى زورلاپ ئالغان ئەنگە چولاقتۇر.

ئەنگە ئۇرۇقىدىن مۇھىم خىزمەت قىلغانلار يۈەن سۇلالىسى دەۋرى (1206—1368)دە بار بولۇپ، «ئەنگە مىڭبېگى» دېگەن

كۈنى، سۇمبۇل 8- ئاينىڭ 14- كۈنى يەكشەنبە پېشىن ۋاقتىدا قەشقەر ۋە ئاتۇش رايونلىرىدا قاتتىق يەر تەۋرەپ، مەھمۇد ھېكىمبەگ ئالتىن ئاتۇشتىكى ئۆيىدە يەر تەۋرەش سەۋەبىدىن تام بېسىۋېلىپ قازا قىلغان. ئاتۇش رايونىدا نۇرغۇن ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، نۇرغۇن كىشىلەر ھالاك بولغان. يەر تەۋرەشنىڭ تەسىرىدە قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىنىڭ ئىككى مۇنارىغا ئېغىر چاك كەتكەن.

شۇ قېتىمقى يەر تەۋرىگەندە، چوڭ ئانام ھەلىمەخېنىم (ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سىڭلىسى) 16 ياشتا ئىكەن. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، قاتتىق زىلزىلە تۆپەيلىدىن تېرەكنىڭ ئۇچى يەرگە تەگكەن، يەر چاك كېتىپ، بەزى جايلار يېرىلىپ كەتكەن. نۇرغۇن كىشىلەر، ھەتتا تۆگمەنگە بارغانلار ئېشەك بىلەنلا يېرىلغان يەر ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن. يەر تەۋرەش توختىغاندا، كىشىلەر يەر ئىچىگە كىرىپ كەتكەن كىشىلەرگە ئارغامچا تاشلاپ قۇتقۇزۇۋالغانكەن. بەزى پېشقەدەملەر «يەر تەۋرىگەن يىلى مەن ×× ياشتا ئىدىم» دەپ، ئاشۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارنى ئەسلەپ كەلمەكتە.

### 24 . كەلكۈن ئاپىتى

ئىشەنچلىك تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، XI ئەسىردىكى دەھشەتلىك كەلكۈندە ئالتىن ئاتۇش رايونى پۈتۈنلەي ۋەيران بولغان. مەرھۇم ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىمنىڭ «تارىخى ئەسەر ۋاقىئەئى كاشىغەر» ناملىق ئەسىرىدە: «... تارىخى ھىجرىيىنىڭ 670- يىلى (مىلادىيە 1270-، 1271- يىللىرى) چاغاتاي خانىنىڭ قەشقەردىكى ھۆكۈمدارى قۇرخان دەۋرىدە ئالتىن ئارتۇچ مەشھەدكە شىمالدىكى ئارغۇ تاغى ئېغىزىدىن دەھشەتلىك سەل سۇ كېلىپ، 35 كۈن داۋام قىلغان... بۇ

ـنىڭ جۇغراپىيىلىك مەۋجۇدىيىتىنى يوقىتىپ 56 يىلدىن كېيىن، قۇرۇلغان «ئارتۇچ شەھىرى» مەشھەد كەنتىدە بەرپا بولۇپ، شەھەرنىڭ بازىرى ھازىر «ئوچا» دەپ ئاتىلىۋاتقان ئورۇندا بولغان دېسەك، ئوچا بازىرىنىڭ تارىخىغا 510 يىل بولىدۇ. بۇ بازار ئەتراپىدا ھازىر ئىسمى بار، جىسمى يوق ئورۇنلاردىن «كونا لەڭگەر»، «لەڭگەر»، «ھاسا باغ» (ھېسار باغ)، «چىنىباغ» قاتارلىق تارىخىيناملار ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئوچا بازىرى ئۆزىنىڭ جۇغراپىيىلىك مەۋجۇدىيىتىنى ئاللىقاچان يوقاتقان بولۇپ، كېيىنكى ئەسىرلەردە بۇ بازار مەشھەد كەنتىنىڭ ئىچىگە يۆتكەلگەن. مەشھەد بازىرى 1953- يىلىغىچە داۋام قىلىپ، كېيىن ھۆكۈمەت تەختىيۇن سايلىقىغا يېڭى شەھەر قۇرۇپ، بازارنى يۆتكىگەن. شۇنىڭ بىلەن مەشھەد بازىرى ئۆزىنىڭ تارىخىي رولىنى ئاخىرلاشتۇرغان.

## 23. يەر تەۋرەش ۋەقەسى

تارىخچى قۇربان ئەلى ھاجى خالىدىنىڭ «تارىخى خەمسە شەرقى» ناملىق ئەسىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، ھىجرىيىنىڭ 842- يىلى (1438-، 1439- يىللىرى) ئاتۇش رايونىدا دەھشەتلىك يەر تەۋرەپ، «ساغۇن شەھىرى» پۈتۈنلەي خاراب بولۇپ، نۇرغۇن كىشى ھالاك بولغان. سۇلتانلارنىڭ گۈمبەزلىرى يىقىلىپ، بۇ خارابە شۇ پېتى 60 يىل تۇرغان.

ئاتۇشتا ئىككىنچى قېتىملىق ئەڭ ئېغىر يەر تەۋرەش ھىجرىيىنىڭ 1319- يىلى (1901-، 1902- يىللىرى) بولغان. مەرھۇم ئىمىرھۈسەيىن قازىھاجىمنىڭ «تارىخى ئەسەر ۋاقىئەئى كاشغەر» ناملىق كىتابىدا قەيت قىلىنىشىچە، ھىجرىيىنىڭ 1319- يىلى (1901-، 1902- يىللىرى) زۇلقەھدەدى ئېيىنىڭ 16-

كۆرۈلمىگەن پاجىئە يۈز بەردى. ئەتىسى ئورنۇمدىن تۇرۇپ، بوغاز دەرياسىنىڭ كەلكۈن سۈيى مەھەللىمىز ئالدىدىن ئېقىۋاتقانلىقى، ئۆركەشنىڭ ئېگىزلىكى 3 — 4 مېتىر كېلىدىغانلىقىنى كۆردۈم. بىزنىڭ ئۆي ئېگىزرەكتە بولۇپ، سۇ قاپساپ كەلگەندە، ئۆينىڭ ئالدى - كەينىدىكى تاملارنى چېقىپ كەتكەن، ئۆيىمىز خۇددى سۇ ئىچىدىكى ئارالدەك قالغان ئىكەن. ئاسماندىكى قارا بۇلۇتتىن تۆكۈلۈۋاتقان يامغۇر خۇددى چېلەكتىن تۆكۈلگەن سۇدەك كۆپ، ئېقىۋاتقان سۇ ئۆركەش ياساپ خەلقنىڭ ئېتىزلىرى، ئۆي ۋاقىلىرىنى بېسىپ ۋەيران قىلىۋەتكەن. كەلكۈن سۇ تاغلاردىكى قوي - پادىلارنىڭ گەندىلىرىنى ئېقىتىپ كەلگەچكە، ناھايىتى قاڭسىق بەتبۇي پۇرايتتى. كۆز ئالدىمدا ئېقىپ كېلىۋاتقان قوي - كالا، خەلقنىڭ ئۆيلىرىدىكى مال - مۈلۈك، ياغاچ - تاش، سۇدا ئېقىپ، سۇدىن چىقالماي ۋارقىرىغان ئەر - ئاياللارنىڭ ئاۋازى، بۆشۈكتىكى بوۋاقلارنىڭ سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقانلىقىدەك پاجىئە- لىك مەنزىرىلەر ھازىرمۇ ئېسىمدە.

ئۇ ۋاقىتلاردا ئالتىن ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ بازىرى دۈشەنبە كۈنىدە مەشھەدتىكى كونا بازاردا بولۇپ، بازارغا قەشقەر، بەشكېرەم، پەيزاۋات، كاتتا يايلاق، تۇگۇرمىتى، كۆكتامدىن كىشىلەر كېلىشتىن باشقا، ئاتۇشقا قارايدىغان 24 كەنتتىن مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشىلەر بازارغا يىغىلىپ سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللىناتتى. دۈشەنبە كەچتە يېقىن ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۆيلىرىگە قايتقان بولسىمۇ، يىراق رايوندىن كەلگەن كىشىلەر مەشھەد كونا بازاردىكى دەڭ - سارايلاردا قونۇپ قالغان. شۇ قېتىمقى دەھشەتلىك كەلكۈندە، مەشھەد بازىرىدا قونۇپ قالغان كىشىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى سۇ ئەكېتىپ ھالاك بولغان. مەشھەد بازىرى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان، بازارلىق ھۆكۈمەت

رايوندىكى بارلىق ئۆي ـ ئىمارەت، شەھەر سېپىللىرى سۇ ئاستىدا غەرق بولۇپ، دەل ـ دەرەخلەردىن ئەسەر قالماي سايغا ئايلىنىپ كەتكەن...» دەپ يېزىلغان.

يەرلىك تەزكىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە، XIII ئەسىردىكى ئاتۇشقا كەلگەن دەھشەتلىك كەلكۈندە، بوغاز دەرياسىنىڭ ئەسلىي ئېقىنى بولغان «باچاق ساي»دىن دەريا ئېقىنى يۆتكىلىپ، مەشھەد كەنتى بىلەن تېجەن كەنتى ئارلىقىدىكى ئېقىن ساي، تېجەن كەنتى بىلەن بويامەت كەنتى ئارىسىدىكى ئېقىن ساي شەكىللەنگەن. ئاھالىلەرنىڭ ئولتۇراق يۇرت شەكىللىرى ئۆزگىرىپ، بۈگۈنكى ھالەتكە كەلگەن. دەھشەتلىك كەلكۈندىن ئامان قالغان «ساغۇن»لۇقلار ئالتىن ئاتۇشتىكى «ئوكتېرىق كەنتى» دەپ ئاتالغان ماكانغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان؛ يەنە بىر قىسىم كىشىلەر قاغىلىقنىڭ تاغارچى رايونىغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقان بولسىمۇ، كېيىن ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەن.

1944- يىل 6- ئاينىڭ 12- كۈنى (دۈشەنبە چىقار، سەيشەنبە كىرەر كېچىسى) ئالتىن ئاتۇشقا دەھشەتلىك كەلكۈن كېلىپ، مىسلى كۆرۈلمىگەن پاجىئە يۈز بېرىپ، ئالتىن ئاتۇش زور تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغان. مېنىڭ ئالتە ياش ۋاقتىلىرىم ئىدى. ناھايىتى ئېنىق ئېسىمدىكى، شۇ كۈنلەردە بۇغدايلار سارغىيىپ پىشقان بولۇپ، پىشقان بۇغدايلار ئورۇلغان پېتى ئېتىزدا ئىدى. ھاۋا بىردىنلا تۇتۇلۇپ، قاپقارا قېلىن بۇلۇتلار ئالتىن ئاتۇش ئاسمىنىنى قاپلاپ كەتتى. كۈن ئولتۇرۇپ، جاھان قاراڭغۇ لىباسىنى كىيگەن پەيتتە دەھشەتلىك چاقماق چېقىپ، ھاۋا گۈلدۈرلەپ، قاتتىق يامغۇر يېغىشقا باشلىدى. تەخمىنەن سەھەر سائەت ئۈچ ئەتراپىدا ئالتىن ئاتۇشنىڭ شىمالىدىكى تاغ ئېغىزىدىكى بوغاز دەرياسىغا دەھشەتلىك كەلكۈن كېلىپ، مىسلى

ئاللا، ئاللا ئامىنەم،
لايغا پاتقان ئامىنەم.
لايغا پېتىپ ياتقاندا،
ئاللا دېگەن ئامىنەم.

ئوتتا قويدۇق ئامىنەم،
چوغدا قويدۇق ئامىنەم،
مەن مۇساپىر ئاناڭنى
دەردتە قويدۇق ئامىنەم.

سەلەپ كەلدى شارقىراپ،
ئامىنەم كەتتى ۋارقىراپ.
سۇدا ئاققان ئامىنەم،
لايغا پاتقان ئامىنەم.

خەلق قوشاقچىسى مۇھەممەت ناپىر ( 1910— 1975) دەھشەتلىك كەلكۈن توغرىسىدا مۇنداق قوشاق توقۇغان:

قىرىق تۆتىنچى يىلى
سەل سۇ كەلدى ئاتۇشقا.
مۇنبەت يەرلەر ئايلاندى
گىياھ ئۈنمەس تاشلىققا.

ئېكىن يەرنى ئەپقاچتى،
ئاش - ئوزۇقنى لاي باستى.

ئورگانلىرى ئاساسەن ۋەيران بولغان.

يەتتە كۈن داۋاملاشقان كەلكۈندىن ئامان قالغانلار ئۆز قېرىنداشلىرىنى نەدىن تاپىدىغانلىقىنى بىلمەي يىغا - زار قىلىشقان، ھەممە ئادەم بىلىگە ماتەم بەلۋېغى باغلىغان. بەزىلەر دەريا لېۋىدىكى لاي - لاتقىلارنى، بەزىلەر ئالتىن ئاتۇشنىڭ جەنۇبىدىكى ئورمان ئارىسىنى ئاختۇرۇپ، قازا قىلغان قېرىنداشلىرىنى تېپىپ، يەرلىكتە قويغان. بەزىلەر قازا قىلغان قېرىنداشلىرىنى تاپالماي يىغا - زار قىلىشقان. ئازغان يېزا ئۆجمىلىك كەنتىدە ئۇلتۇرۇشلۇق ئەمەت ئىمىننىڭ ئايالى ئامىنەم شورۇقلۇق ھەسەن ھاجىمنىڭ قىزى بولۇپ، قورسىقىدىكى ئالتە يېرىم ئايلىق بالىسى بىلەن كەلكۈندە ئېقىپ كەتكەن. كەلكۈن توختاپ ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئائىلىدە ئامان قالغان كىشىلەر ئۇنىڭ جەسىتىنى خېلى يىراق جايدىكى لاي ئاستىدىن تېپىپ، يەرلىكىدە قويغان. ئامىنەمنىڭ ئانىسى توقۇغان مۇسىبەت قوشىقى ئاتۇشتا ھازىرغىچە يادلىنىپ كەلمەكتە. مەسىلەن:

ئانا دېدىڭمۇ ئامىنەم،
دادا دېدىڭمۇ ئامىنەم.
لاينىڭ تېگىدە يېتىپ،
خۇدا دېدىڭمۇ ئامىنەم.

ئامىنەمنىڭ ساچىنى
ئاق ناۋاتتا پاتلىغان.
ئامىنەم چىرايلىقنى
ئەمەت ئىمىنگە ساقلىغان.

باستى زۇلۇم قاتمۇقات،
مىندى خەلق ئۈستىگە.

گومىنداڭنىڭ ئوردىسى
مەشھەد ئىدى ئەسلىدە.
ۋەيران بولغان ئۆيەرمۇ،
سەل سۇ كەلگەن پەسلىدە.

پاتپاراق بولۇشۇپ،
قىلدى ئۆزىنىڭ غېمىنى.
ئالۋان قويدى يۇرت - يۇرتقا،
تەيىنلەپ ئۆز بېگىنى.

مەشھۇر دىنىي ئالىم ۋە شائىر سەلەي داموللاھاجىم[1] يازغان «كەلكۈن» ناملىق نەزمىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

كەلكۈن

زامان تۈرلى جاپا ۋە زۇلم، مېھنەتلەر قىلار ئولدى،
يۈرەكلەر قان بولۇپ، دەريا كەبى ياشلار ئاقار ئولدى.

---

[1] سەلەي داموللاھاجىم 1894- يىلى ئالتىن ئاتۇشنىڭ تەختيۇن كەنتىدە تۇغۇلغان، 1957- يىلى 63 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئەرەب تىلى ۋە گىراماتىكىسىغا دائىر يازغان «ئۇنۋانىۇ سەرپ»، «تەجۋىد تۈركىي»، «مىشكات راۋىيلارنىڭ تەرجىمھالى»؛ نەزمىي ئۇسلۇبتا يازغان «ئىقدۇل مەرجان»، ئەرەب تىلىدا يازغان «دىۋان ئەرەبى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار. ئۇنىڭ «ۋادەرىخا» ناملىق شېئىرى 1947- يىلى «ئاتۇش» ناملىق گېزىتتە ئېلان قىلىنغان. «كەلكۈن» ناملىق بۇ نەزمنى مەرھۇمنىڭ ئوغلى مۇھەممەد سالىھ داموللاھاجىم «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 1984- يىل 13- سانىدا ئېلان قىلغان.

تېجەن، مەشھەد خەلقىنى
تۇگىمەس ـ پۈتمەس غەم باستى.

ئاقتى لاي سۇ لەك ئۇرۇپ،
قورقۇنچلۇق ھەيۋىسى.
كەتتى دەريا ياقىسى،
ئۆي ـ ماكانىنىڭ ھەممىسى.

ئۆلدى ھەم ياردار بولۇپ،
شۇ قېتىم ئۈچ يۈز كىشى.
كۆچتى خەلقىم نائىلاج،
ياقىغا مىڭلاپ كىشى.

ئېيتسا خەلقىم داد ئۇرۇپ،
كىم ئاڭلار پەريادىنى.
ئېچىنار ئاق دىل كىشى،
قايىنتار ۋىجدانىنى.

كۆرسە كۆرمەسكە سېلىپ
شۇل خەلقىنىڭ ھالىنى.
قىلدى شۇملۇقلارنى ئۇ،
بەلكى ئەستى قارنىنى.

شېڭدىن[1] كېيىن گومىنداڭ،
چىققان ئىدى تەختىگە.

---

[1] شېڭ — شېڭ شىسەي 1933—1943- يىللىغىچە شىنجاڭ ئۆلكىسىنى باشقۇرغان.

تەئەججۇپ سەددى ئىسكەندەر[1] كەبى مەھكەم ئىمارەتلەر،
گۇرۇلدەپ تاغ مەسەللىك مەۋج ئۇرغاندا غۇبار ئولدى.
قىيامەت بولدى يا توپان بالاسى كەلدى دەپ ئويلاب،
بۇ تىللەر لال ئولۇپ قورقۇب، يۈرەكلەر بىقارار ئولدى.
ھۇجۇم راسلاپ سەھەردە ئاھ غەفلەت پەردىسىن قاپلاپ،
تۇيۇقسىز شارقىراپ ئاھىستە يۇرتلەرنى باسار ئولدى.
بۇلار پاچچەن، تىجەن، قۇمباغ، ئازغان، ئۆجمىلىك، شالا،
تۇقايۇ تەختىيۇن، ئارغۇ، بۇيامەت ھەم مازار ئولدى.
ئىتارچى، كۆنچى، ئاچچىق ھەمدە مەشھەد بەزى ئۈستۈن تاغ،
بازار، ئوتتۇراغ، ئۆستەڭ بويى، باغىرىق ھەم ئۇچار ئولدى.
يىگىرمە بىر مۇبارەك كەنتلەردە كۆن تۇتۇپ سىلەب،
داۋام ئون يەتتە سائەت مەۋج ئۇرۇپ بىردەك ئاقار ئولدى.
ئىغىر بىر ھادىسە بولدى كۆتەرمەكدىن قىرىنداشلار،
سۆڭەكلەر ئۈشتۈلۈپ ئى داغ بەل پۈشتلەر دۇتار ئولدى.
ئىقىپ سۇ ئىچرە كۆزدە غەرق بولغانلار ئامىن دەپ،
ئەلەبھىم رەھمەتۇللاھى[2] تەرەپلەردىن چىقار ئولدى.
بىرىنى تام باسىب ئۆلدى، بىرىدە ئاھۇ ۋاۋەيلا،
دەرەخ ئۈستىگە قاچىپ رەببى يەسسىرنى[3] ئوقار ئولدى.
غەرق ئولدى خەبەرسىز ئەل ئەجەل دەپ بەزى مەرھۇملار،
بىرى ئۆزىن ئىلاج ئولماي دۇغاپ سۇغا ئاتار ئولدى.
ئارالۇ دەڭدە ئۆلدى ھەم دەرەخلەر بەزىلەر جۇتدىن،
قاچىب سۇدىن يەنە سۇدا غەرق ئولغانلار بار ئولدى.

---

[1] سەددى ئىسكەندەر — ئىسكەندەر سېپىلى.
[2] ئەلەبھىم رەھمەتۇللاھى — ئاللا ئۇلارغا رەھمەت قىلسۇن.
[3] رەببى يەسسىر — خۇدا ئاسان قىلغىن.

گۈلىستانى ئامانىنى ئەيلەبان دائىم خازان بەلكىم،
غەمۇ سەدگۇنە[1] ئەندۇھ ئېتەكلىرىن ئاچار ئۇلدى.
مۇكەددەر[2] قىلدى ھەر ئەيشى مۇسەففانى[3] ئەجىبا ئۇل،
تامامى ھەسرەتى داغۇ بالالارغا مادار[4] ئۇلدى.
ئەجەب دەھشەتلى سىلەب ئالتىن ئاتۇشتا زۇھۇر ئەيلەب،
ھەمە كىشىلەردە ھەسرەتتىن فىغانۇ ئاھ - زار ئۇلدى.
بۇغازدىن چىقتى بۇ سىلەب[5] ئەجدەردەك ئۇرۇپ ئاھەڭ.
سەھەر ۋەختىدە قۇۋۋەتلىك ساداسى شار - شار ئۇلدى.
پۇتۇن ساي جىلغە، ۋادىلەر تولۇپ ساھىلغا دەم ئۇردى،
تېشىپ يۇرت ئىچرە كىردى ئۇل زامان خەقلەر قاچار ئۇلدى.
لىغىلداپ ئاقتى ئۈچ مىڭ گەز ئورۇندا قورشاپ ئالدى ۋاھ،
ئۇشۇل دەم تەۋبە يارەببى ساداسى سەدھەزار ئۇلدى.
يۇلۇپ كەتكەن دەرەخلەر سانى بىر ئاللاغا مەلۇمدۇر،
ئېرىق، كۆۋرۈك، توما، ئۆستەڭ، تىگەن، تۇغلار بىكار ئۇلدى.
ئەجەل بايراقىنى قولىدا تۇتتى ئۆركەشلەپ،
دەرىخا، مۇردىلەر ئەلھۆكمىلىللاھ بىشۇمار ئۇلدى.
ھاۋانىڭ گۈلدىرى سۇنىڭ ئۇشۇ كۈن گۈر- گۈرى ئۆرلەپ،
پەلەك ئەۋجىگە ھەيۋەتلىك ھەمەنى قورقۇتار ئۇلدى.
كېلەردى ئىلگىرى ئازراق مۇنداق سەيل[6] ۋەھشەتلى،
ھۇجۇم قىلماس ئىدى، ئەفسۇس ئەجەب بۇ زۇلمىدار ئۇلدى.

---

[1] سەدگۇنە — يۈز تۈرلۈك.
[2] مۇكەددەر — دۇغ.
[3] ئەيشى مۇسەففا — كۆڭۈللۈك تۇرمۇش.
[4] مادار — مەركىزىي نۇقتا.
[5] سىلەب — كەلكۈن.
[6] سەيل — كەلكۈن.

ئۆلارگە خەتمىقۇرئان ھەم دۇئا خوش يادىكار ئولدى.
كۆزۈ يازلىق ئېكىنلەر خوش ھاۋالىق بوستانلەر ھەم،
گۆزەل باغۇ چەمەن، ئالىي ئىمارەت تارمار ئولدى.
يېشىم قاندەك ئېقىپ، باغرىم كەۋاب بولدى ئەيا ھەسرەت،
ۋۇجۇدۇم قىل مەسەللىك بۇ مۇسىبەتتىن نىزار[1] ئولدى.
تۇماندەك دۇدى ئاھۇ داغ- ھەسرەتلەر ھەۋاغا ئۆرلەب،
ھەۋا ھەتتا قارا تونىنى مۇسىبەتتىن كىيەر ئولدى.
كېيىن بۇ مۇردىلەرنى ھەر تەرەپتىن تاپتى خىشاۋەند[2]،
بۇ گىج - گىج قۇم ئىچىپ ئۆلگەن شىھىتلەر ئاشكار ئولدى.
بىز ئاتۇش ئەھلى ھەسرەتتىن پانا بولساق ئەيىب قىلماڭ،
بۇ يەڭلىغ زور مۇسىبەتكە قايۇ كىملەر چىدار ئولدى.
قاراسەيلۇلئەرەم[3] نىدۇر بۇنىڭ ئالدىدا ئى ساھىب،
قارا كۆنلەر، قارا سۇلار، قارا ماتەم قارار ئولدى.
قىلىڭلار ئەھلى ئاتۇش يېڭى تەمىر[4] نائۇمىد ئولماي،
كى ئاتۇش شەۋكىتىگە بۇ مۇسىبەت كۆز تۇمار ئولدى.
كىمەرسە ئۆلمىگەن، جايۇ ئىمارەت يەردىن ئايرىلغان،
زەئىپ بىچارىلەرگە قىلسا ياردەم نىكسار[5] ئولدى.
قازا دەفتەرنى قاتلاپ، سەيلە ئاتلاپ، بەلكى تاقلاپ،
ھۇجۇم ئەسكەرلىرىنى كاتتا يايلاقدا يايار ئولدى.
بېرىب ئاندا خاراب ئەتتى پۈتۈن جاي ۋە ئېكىنلەرنى،

[1] نىزار — ئورۇق، زەئىپ.
[2] خىشاۋەند — ئۇرۇق - تۇغقان.
[3] سەيلۇلئەرەم — قەدىمكى زامانىدا ئەرەبىستاندا يۈز بەرگەن تارىختا مەشھۇر سۇ ئاپىتى.
[4] تەمىر — قۇرۇلۇش، بىناكارلىق، ئىسلاھات.
[5] نىكسار — ياخشىلىقى كۆپ.

نىدائى ئەشەدۇ ئۆرلەپ ھاۋاغا، ئەلۋىدائ ئەيتىپ،
شېھىت ئولماققا مۇندا ئەينى رەغبەت ئىختىيار ئولدى.
بۇلارنىڭ مۇندا چۇنكى تۇرماقى ئانداق مۇھال ئولسا،
شەھادەت رۇتبىسىدا[1] كەتمىكى خوپ ئېتىبار ئولدى.
چىرىمداندىن كەبەن[2] ئەيلەب ئۆزى غەمسال[3] ئولۇب سىلەب،
قارا قۇمدىن قېزىب قەۋرى ئۆزى دەفنى قىلار ئولدى.
ئەجەب ماھىز ئالىپتۇر ئۇ بىرىنچى ئۇستىدىن تەلىم،
تۆمۈردەك تارمار ئىلمىدا شەكسىز ئىشتاھار[4] ئولدى.
كۆرۈڭ تېخى ئەجەل ئىلكىدە ئول جاللادى بىرەھمەت،
تەرەھھۇمسىز بۆشۈكدە چوق[5] گۆدەكلەرنى چاقار ئولدى.
تەئەججۇب قىل تومۇزدا بادى سەرسەر بىرلە كۆب يامغۇر،
سوغۇق پەسلى زىمىستاندەك تەرەپلەردىن ئۇرار ئولدى.
بىرى جاندىن، بىرى مالدىن، بىرى ئاش ۋە ئوزۇقلاردىن،
بىرى ئەسبابى خانە جاي، زېمىندىن ئايرىلار ئولدى.
بىرى ۋەيران، بىرى ھەيران، بىرىدە قالمىدى ھەيۋان،
بىرىدە بولمىغاچ نەرسە پەقىرۇ خاكىسار ئولدى.
بۇلەر ھازىر تالادا، جايى بولماي ئەينى سەرگەردان،
ئولۇب، كەففە، باراگدا قىينىلىب ئۆيلەر تۇتار ئولدى.
بۇلارنىڭ بەزىسى ئالدى بېرىب جاننى بۆيۈك ئارام،
ۋەتەنسىز بەزىلەر ئاشۇ ئوزۇقتىن قىينىلار ئولدى.
ئۆلار كەتتى، بۇلار قالدى، بۇلاردىن ھال سوراش لازىم،

---

[1] شەھادەت رۇتبىسىدا — شېھىتلىك دەرىجىسى.
[2] كەبەن — كېپەن.
[3] غەمسال — ئۆلۈك يۇغۇچى.
[4] ئىشتاھار — مەشھۇر.
[5] چوق — كۆپ، جىق، نۇرغۇن.

ئىلاھى مەغفىرەت قىل بۇ غەرقلەرگە[1] ۋە رەھمەت قىل،
كى ئانلار بۇ ۋافاتىدا شەھىدى بەختىيار ئولدى.
ئۇ يەردە ئەيلەب سىراپ ئەفۇ ئەيلەب ئابى كەۋسەردىن،
بۇ يەردە دۇغ ـ دۇغاب سۇدىن بۇلەردە سىنە تار ئولدى.
يۈز ئۆرۈب بۇ شەھىدلەر بىباقا دۇنيادا تۇرماقتىن،
شەھۇدۇ كەربالاغە جەننەتۇل مەئۋادا يار ئولدى.
ئەمەل قىلماي شەرىئەتكە ئويۇن، كۇلكە، تاماشالەر،
تولا بىزلەرنى غەفلەت كۆرپىسىدە ئۇخلىتار ئولدى.
خۇراپات ئىچرە چۆمدۇق، ئول سەلەفلار[2] يولىدىن ئازدۇق،
زالالەت زۇلمىتى ئىچرە جاھالەت ئىنتىشار[3] ئولدى.
شارابۇ پاھىشەبازلىق ئىشىمىز غەدرە[4]، غەممازلىق،
ھەسەت، كىنە، ئاداۋەت، بىنامازلىق ھەم قىمار ئولدى.
بۇلاردىن كۆز يۇمۇپ لەھۋۇ لەئىبلەرنى[5] ھىجاب ئەيلەب،
چوقۇر، ئازغۇن، ئۇزۇن ئۇيقۇ، قىلىن غەفلەت شوئار ئولدى.
بۇ ھەقدە ئەمرىمەرۇپ نەھى مۇنكەر بىتتى بىزلەردىن،
سۇكۇت ئەتمەك گۇناھتىن ئالىمى ئىسلامدا ئار ئولدى.
سەن ئى نازىم ئۆزۈڭنى پاك قىلماي ئىيتقىنىڭ نەسۇد،
ئەمەل يوق كىمسە ئۇقبادا زەبۇن ھال خار ـ زار ئولدى.
قالۇر دەپ يازدى سالھ بۇ جاھاندا كاتتا تارىخى،
كى ئالەم ئىچرە بۇ قىسسە ئەجەبمۇ نامۇدار ئولدى.
مىڭ ئۈچيۈز ئاتمىش ئۈچ ھىجرى جەمادىيە سانى[6] ئاي،
ئىدى قۇدرەت قولى بىزگە بۇ تەقدىرنى سىزار ئولدى.

---

[1] غەرقلەر — سۇدا غەرق بولغانلار.
[2] سەلەفلار — ئەجدادلار.
[3] ئىنتىشار — تارقىلىش.
[4] غەدرى — خىيانەت.
[5] لەھۋۇ لەئىب — ھاۋايى ھەۋەس.
[6] جەمادىيە سانى — ھىجرىيە كالىندارىدا 6- ئاي.

ئۇشۇنداق كاتتا يايلاق يەرلىرىگە قۇم تىقار ئۇلدى.
ئېكىن جاي ئاندا تۇرسۇن، بۇ قارا سۇ نەچە يىللاردىن،
بۇ زەيناك ئەمدى تۆزگەن كۆپ زېمىنلەرنى بۇزار ئۇلدى.
كېرەكتىن چىقتى بۇ يەرلەر سالاھ[1] تاپماس نەچە يىللار،
تامام زەي، شور، قارا لايدىن خارابلىققا دۇچار ئۇلدى.
ئەدەتسىز چارپايلار تەلمۆرۈپ مەيداندا مۆ ـ مۆ دەپ،
تىرەن پاتقاققا پاتىپ ھېچ چىقالماستىن ئۆلەر ئۇلدى.
ۋەتەن ئەھلى سۆيۈملۈك يەرلىرىن ھەم يۇرتلىرىن تاشلاپ،
قوپۇب كۆچمەن بولۇب، ئاھ دەپ، تەرەپلەرگە كېتەر ئۇلدى.
ۋەتەندىن ئايرىلىب ئاللاغا يىغلاب يۇرتلىرىن ئەسلەپ،
بۇلارنىڭ باشى ئۆي بولماي، تالادا قاينىقار[2] ئۇلدى.
كۆرۈك، بۇ سۇ قاراگۇلۇق، مارالبېشى ھەمدە ئۆردەكلىك[3]،
قارا قىلچىنگە[4] بارىپ كاتتا ئاپەت تۇغدۇرار ئۇلدى.
قىلىڭلار كاتتا ياردەم بۇ خۇسۇستا ئى قېرىنداشلار،
ۋەتەن سۆيگەن جۇۋانمەرد بۇ جاھاندا ھوشيار ئۇلدى.
كىشىكىم قىلسا ياردەم تاقىتىچە، ئۇل كىشى بىشەك،
خۇدانىڭ رەھمىتىنىڭ سايىسىدا سايىدار ئۇلدى.
بۇ يولدا قەھرىمانلىق كۆرسىتىپ غەيرەتلى باتۇرلار،
تولا كىشلەرنى ساھىلغا ئېلىپ بىردىن چىقار ئۇلدى.
كىرىپ سۇ ئىچرە يانماستىن، ئۆزى ئات بىرلە قالماستىن،
بۇلارنى زادى قورقماستىن بۇ سۇدىن قۇتقۇزار ئۇلدى.

---

[1] سالاھ ــ تۈزۈلۈش.
[2] قاينىقار ــ بېشى ئايلىنىش، بېشى چۆرگىلەش.
[3] ئۆردەكلىك ــ پەيزاۋات ناھىيىسىگە قاراشلىق يەر نامى.
[4] قارا قىلچىن ــ پەيزاۋات ناھىيىسىگە قاراشلىق يەر نامى.

ئىقتىسادىي زىيان كەلتۈرگەن. كەلكۈن كېلىدىغان چاغ دەريانىڭ ئىككى تەرىپى ھازىر مۇستەھكەم قاشالار بىلەن ئېتىلىپ تىزگىنلەندى.

## 25. ئازاق سېپىلىنىڭ قورۇلۇشى

1944- يىلى قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى جەنۇبىي شىنجاڭغا كېڭىيىپ، تاشقورغان، تاشمىلىق، ئوپال، قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلار- غىچە تەسىر كۆرسىتىپ، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىنى پالەچ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان. گومىنداڭنىڭ قەشقەردىكى گارنىزون قوماندانلىق شتابى ۋە قورچاق ۋالىي مەھكىمىسىدىكى ئەمەلدارلار ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى تەسىرىنى توسۇش ئارقىلىق ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەم- لەش ئۈچۈن، ئاتۇش ناھىيىلىك قورچاق ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئازاق كەنتىنىڭ غەربىدىكى كەڭ كەتكەن «ئاق يەر» دېگەن ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇپ، سېپىل ئىچىگە ئېلىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن مۇداپىئە كۆرۈشنى قارار قىلغان.

1945- يىلى ئەتىيازدا خەلق ئارىسىدا، «ئازاقتىكى ‹ئاق يەر›گە سېپىل سېلىپ، مەشھەدتىكى بازارنى ‹ئاق يەر›گە يۆتكەيدىكەن» دېگەن گەپ - سۆز تارقالغان. شۇ يىلى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ شەھەر سېلىش ئېلانى جاكارلىنىپ «... پۈتكۈل ئاتۇش خەلقى ئازاقتىكى ‹ئاق يەر›گە يىغىلسۇن. سېپىل قورۇ- لۇشى ھەققىدە دوكلات بېرىلىدۇ ۋە ئاممىنىڭ پىكرى ئېلىنىدۇ...» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىنغان. گومىنداڭنىڭ قەشقەر يىغىنشەھەردە تۇرۇشلۇق سىلىگبۇسىنىڭ باشلىقى ۋە قەشقەرنىڭ قورچاق

شۇ قېتىمقى كەلكۈندە نۇرغۇن ئەر - ئايال، ئۇششاق باللار ئېقىپ كەتكەن. كەلكۈن توختىغاندىن كېيىن، ھايات قالغان كىشىلەر كەلكۈندە ئېقىپ كەتكەنلەرنى ئىزدەپ، دەسلەپكى قەدەمدە 365 جەسەتنى تېپىپ ۋە بىر يەرگە جەملەپ نامىزىنى چۈشۈرۈپ، يەرلىكىدە قويغان. بۇ كەلكۈن تۇيۇقسىز كەلگەچكە، نۇرغۇن كىشىلەر ھالاك بولغان، بىر قىسمى دەرەخكە، ئۆگزىگە چىقىۋالغان بولسىمۇ، كۆپ قىسمىنى كەلكۈن سۇ ئەكەتكەن.

زور تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن ئالتىن ئاتۇشتىكى ئېكىنزارلىقلار، بۇغدايلار لاي ئاستىدا قالغان. ئەكسىيەتچى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى كەلكۈن كېلىدىغان دەريا قاشلىرىنى مۇستەھكەملەشكە پەقەت ئېتىبار بەرمىگەنلىكى ئۈستىگە خەلقنىڭ ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىغان. ئېغىر مۇسىبەت، ئاچارچىلىق ئالتىن ئاتۇشنى قاپلاپ كەتكەن مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە، سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى قەشقەردىكى كونسۇلى ئارقىلىق ئالتىن ئاتۇشقا ئۈچ ئاپتوموبىل رەخت ئەۋەتكەن. گومىنداڭنىڭ ئالتىن ئاتۇشتىكى يەرلىك دائىرىلىرى بۇ ياردەمنى قوبۇل قىلمىغان. ئاپتوموبىللار مەشھەدنىڭ شىمالىدىكى كەنتلەردە توختاپ، رەختلەرنى خەلققە تارقىتىپ قايتىپ كەتكەن. باشقا رايونلاردىكى كىشىلەر قەشقەردىن ئېلىپ كەلگەن نۇرغۇن ناننى ئالتىن ئاتۇش ساقچى ئىدارىسىنىڭ ئىچىگە چۈشۈرۈپ، دەرۋازىنىڭ ئوك تەرىپىدىكى تامدىن تۆشۈك ئېچىپ، خەلقنى قاتار قىلىپ تىزىپ، بىردىن نان بەرگەن، شۇ قاتاردا مەنمۇ بىر نان ئالغان.

دېمەك، بۇ دەھشەتلىك كەلكۈن ئالتىن ئاتۇشتىكى نۇرغۇن ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولۇشتىن باشقا، ئۇلارنىڭ ئۆي - ۋاقا، چارۋا مال، ئېكىنزارلىقلىرىنى ۋەيران قىلىپ، زور دەرىجىدە

شۇڭا، سېپىل سىلىشقا قارشى چىقىشقا بولمايدۇ» دېگەن.

ئەينى چاغدىكى دىنىي ئۆلىما، مەشھەدلىك ئابدۇكېرىم ئاخۇن خەلپىتىم شۇ مەيداندا بۇ قورچاق ۋالىيغا سوئال قويۇپ: «سېپىلنى ئاتۇش خەلقى يالغۇز سالامدۇق ياكى قەشقەر خەلقى بىلەن بىرگە سالامدۇق؟» دېگەندە، ۋالىي قاتتىق خاپا بولۇپ، ئابدۇكېرىم ئاخۇن خەلپىتىمنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويۇپ: «نېمە ئادەمسەن، نېمە ئىش قىلىسەن؟» دېگەن. خەلقنى قورقۇتۇش ئۈچۈن ئابدۇكېرىم ئاخۇن خەلپىتىمگە قورال تەڭلەپ: «سېنىڭ مەقسىتىڭ نېمە، سەن بىزگە قارشى چىقىپ، ئۈچ ۋىلايەت ئۇغرىلىرىغا ياردەم بەرمەكچىمۇ؟ سەن ئوغرىلار تەرەپتىكى ئادەممۇيا؟» دەپ تەھدىت سالغان. ئابدۇكېرىم ئاخۇن خەلپىتىم مۇنداق دېگەن: «مەن يېشىمنى ياشاپ بولغان ئادەم، مېنى مۇشۇ مەيداندىلا ئېتىۋەتسەڭمۇ ئاتۇش خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان ئېغىر ئەمگەكنىڭ زۇلمى ئالدىدا تۈت ئېغىز گەپ قىلماي بولمايدۇ. ئاتۇش زېمىنى ئاز، سايلىق، سازلىق، تاغلىق رايون. ئاتۇش خەلقىنىڭ يېرىمى جان بېقىش ئۈچۈن باشقا شەھەرلەرگە چىقىپ كېتىدۇ، قالغانلىرىمىز ھەمىشە ئاسمانغا قاراپ جان باقىمىز. يامغۇر ياغمىسا، بىزگە كېلىدىغان ھوسۇل بەزى يىللاردا ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ يېيىشىگە ئاران يېتىدۇ. ئاتۇشتىكى نەچچە مىڭ ئادەم بۇ چوڭ سېپىلنى سالىمىز دېسەك، دېھقانچىلىقىمىزنى كىم قىلىدۇ؟ جانابلىرى بىزگە ئىچ ئاغرىتىپ قويسىلا».

ۋالىي بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئاچچىقلاپ، ئابدۇكېرىم ئاخۇن خەلپىتىمگە قورال تەڭلەپ ماڭغاندا، بىرەيلەن: «تەقسىر، خاپا بولمىسىلا، سېپىلنى قاچان دېسىلە شۇ چاغدا ياسايلى» دېگەن. بۇ جىددىي ھالەتنى كۆرۈپ قېچىشقا باشلىغان خەلقنى بەگ ـ بوجاڭلار توسۇپ يىغىن مەيدانىنى تىنچلاندۇرغان. يىغىندا، دۈشەنبە بازاردىن يېنىپ ئەتىسى سېپىل سوقۇشنى

ۋالىي [illegible] لار ئاتۇشقا چىقىپ، مەركۇر جايغا يىغىلغان خەلققە ئالدى بىلەن قورچاق ۋالىي بۇ ھەقتە نۇتۇق سۆزلىگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ جايغا سېلىنىدىغان سېپىلنىڭ ئۇلىنى تۇزلەپ شېغىل تۆكۈپ، ھەربىر بەگلىك تەۋەسىنى ئالدىن ئايرىپ قويغان ئىكەن. سېپىل لايىھەسىدە تۆت دەرۋازا بېكىتىلىپ، بۇ تۆت دەرۋازىنى مەشھەد دەرۋازىسى، ئوڭئېرىق دەرۋازىسى، ئارغۇ دەرۋازىسى، ئۇستۇن ئاتۇش دەرۋازىسى دەپ ئاتايدىغان بولغان.

قورچاق ۋالىي دوكلاتىدا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن سېپىل سالماي بولمايدىغانلىقىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئاممىنى قورقۇتۇش مەزمۇنىدىكى سۆزلەرنى قىلغان. «ئۈچ ۋىلايەتتىكى قىزىل پاچاق ئوغرىلار يېقىندىن بۇيان تاشقورغان، تاشمىلىق خەلقىنى ۋەھشىيلەرچە بۇلاپ - تالاۋاتىدۇ. بۇ خىل بۇلاڭچىلىق ئاتۇش خەلقىنىڭ بېشىغا كېلىشتىن ئاللا ساقلىغاي، ئىنشائاللا. ئۇلار بېسىپ كېلىپ قالسا، كىرىۋېلىش ئۈچۈن سېپىل لازىم بولىدۇ. ھەرگىز قورقماي سېپىلنى ياسىشىمىز لازىم، ئاللا بىزگە يار - يۆلەك بولىدۇ. ئاتۇشتا ئوغرىلارغا قايتۇرما ھۇجۇم قىلىغۇدەك نۇرغۇن ئەسكەرلىرىمىز بار. سىلەر ئوغرىلارغا ھېچقانداق ياردەم بەرمەيمىز دەپ، يېقىندا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم[1] بەردىڭلار. ھۆكۈمەت سىلەردىن كۆپ خۇرسەن.

---

[1] قەسەم — ئازاقا سېپىل سېلىشنىڭ ئالدىدا، گومىنداڭنىڭ مەخپىي يولىيورۇقى بويىچە ئاتۇش 24 كەنتتىكى ھەر مەھەللىنىڭ خەتىپلىرى «14 ياشتىن 70 ياشقىچە ئەر - ئاياللار تەرەت ئېلىپ، مەھەللىدىكى مەكتەپلەرگە كەلسۇن» دەپ يىغىپ، خەلقنى غەرب تەرەپكە قارىتىپ، ئالا قويماي قۇرئان تۇتقۇزۇپ قەسەم ئىچۈرۈپ، دۇئادىن كېيىن پۇقرالىق كىنىشكىسى تارقىتىپ بېرىلگەن (بۇ مەلۇماتنى ئاتۇش تېتىرلىق، مۇشۇ ۋەقەنىڭ شاھىتى، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇ-تىدىن پېنسىيىگە چىققان 80 ياشلىق ئابدۇقادىر مۇھەممەت بەردى).

ئوسمان بۇرۇتنىڭ سېپىلى[1]
بوراندا قالغان شويلىدەك.
پالتاجىنىڭ سېپىلى
رەندە سالغان تاختىدەك.

ئازاق سېپىل قۇرۇلۇشىغا بىۋاسىتە قاتناشقان ئۇستۇن ئاتۇشلۇق خەلق قوشاقچىسى مۇھەممەت ناپىر سېپىل قۇرۇلۇشى توغرىسىدا مۇنداق قوشاق توقۇغان:

زۇلۇم سېلىپ گومىنداڭ،
سېپىل سوقتى ئازاقتا.
جان باقماقمۇ تەس بولدى،
چۇشتۇق ۋەيلۇن دوزاختا.

يىغدى مەندەك كۆپلىگەن
ياغاچچىنى، تامچىنى.
تۇرۇپ قالساق دوغىلار
سالدى باشقا قامچىنى.

ئارام ئالماي سېپىلدا،
شۇنچە چاپسام كەتمەننى.
ھەق بەرمىدى كاززاپلار،
ئېزىپ مەندەك دەردمەننى.

[1] ئوسمان بۇرۇت — ئازاق سېپىلىنىڭ ئۆزى مەسئۇل بولغان دائىرىگە سېپىل سوقتۇرغان.

باشلاشقا ۋەدە بېرىلگەن. 1946- يىلى ئازاق سېپىلى پۈتۈپ، ئىچىگە ساقچى ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ قورۇلۇشى چۈشۈپ، دەرۋازىلىرى پۈتمىگەن. سېپىلنىڭ شەرق تەرەپ دەرۋازا ئورنىنىڭ يان تەرىپىدىكى ئابىدە تاشقا «بۇ سېپىل ئاتۇشنىڭ هاكىمى گويالىڭ[1] رەھبەرلىكىدە سالدۇرۇلدى» دېگەن خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە خەت ئويۇلغان. ئازاق سېپىلىنى سالغۇچىلارنىڭ زۇلۇم ئاستىدا ئىشلىگەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قوشاقلار بار.

ئازاقتا سېپىل سالدۇق،
تۆت چاسا بولۇڭ قىلماي.
ئىشلىتىدىكەن پۇقرانى،
قىلچىمۇ رەھىم قىلماي.

ئازاقتا سېپىل سالدۇق،
ئۆزىمىزگە زۇلۇملۇق.
بۇ سېپىلنى سوقتۇرغان
نىزام[2] دېگەن بورۇتلۇق.

سەككىز كۈندە بىر بازار[3]،
يېتىم ھەتتاردا ھاۋانچى.
ئازاقتا سېپىل سالغان
ئوسمان دېگەن پىلانچى.

---

[1] گويالىڭ — ئاتۇشنىڭ شۇ چاغدىكى ھاكىمى.
[2] نىزامىددىن — گومىنداڭ ئەمەلدارى بولۇپ، ئازادلىقتىن كېيىن باستۇرۇلغان.
[3] ئاتۇش مەشھەدتە ھەپتىدە بىر كۈن (دۈشەنبە) بازار بولاتتى.

ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە،
ئەمدى چىقتۇق ئازادقا.

## 26. ئاتۇشتىكى 24 كەنت ۋە ئۇنىڭ ئەسلىي مەنىسى

مەن ھەر قېتىم ئاتۇشقا بارغاندا، بەزى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ: «سىلەرنىڭ كەنتنىڭ ئەسلىي مەنىسى نېمە؟» دەپ سورۇشتۇرگىنىمدە، ئۇلار جاۋاب بېرەلمەيتتى ياكى خاتا جاۋاب بېرەتتى.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان ماكانىنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى بىلىشى مەجبۇرىيەت بولغاندىن سىرت، شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ تارىخىي مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى باشقا مىللەت كىشىلىرى باھالايدىغان بىر مۇھىم تەرەپ. ھازىر ئىسلاھات ـ ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلۇپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن نۇرغۇن ساياھەتچىلەر قەشقەر، ئاتۇشتىكى تارىخىي مەدەنىيەت يادىكارلىق ئورۇنلىرىنى ئېكسكۇرسىيە، ساياھەت ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۈچۈن كەلمەكتە. بۇنىڭدىن كېيىن، ساياھەتچىلەر تېخىمۇ كۆپىيىشى مۇمكىن. شۇڭا، بىز مەدەنىيەت ساپايىمىزنى، تارىخىي ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ياخشى ئوبراز تىكلىشىمىز كېرەك.

يەرلىك كىشىلەر ئاتۇشنى «24 كەنت» دەپ ئاتايدۇ. ئىبراھىم ئىمىن يازغان، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003- يىل نەشر قىلغان «ئۇيغۇر يېگى مائارىپىنىڭ بۆشۈكى ئوستۇن ئاتۇش» ناملىق كىتابتا، ئوستۇن ئاتۇش يېزىسىدىكى تاقۇت، ئېكساق، بەيساق، قايراق، ئوچا، يولچىلار، دېھقانلار قاتارلىق يەتتە كەنتنىڭ ئىسمى ۋە ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسى توغرىسىدا مۇلاھىزە

شۇ دەۋردە خەلقنىڭ ئاھۇپەريادى تۆۋەندىكى قوشاقلاردا بايان قىلىنغان:

هەرگىز كارى بولمىدى،
ئاپەت كەلسە خەلققە.
قوغداش ئۈچۈن ئۆزىنى،
سېپىل سوقتى ئازاققا.

يىغدى مىڭلاپ تامچىنى،
ياغاچچىدىن قانچىنى.
ئىشلىمىسە مەدىكار،
دورغا ئالۇر قامچىنى.

نىزام بېگىم ئازاقلىق،
ئاسىپ قاتىل مەشھەدلىك.
سېپىل ئالۋىنى سېلىپ،
قىينىۋەتكەن دەھشەتلىك.

گومىنداڭنىڭ بازىسى
بوغاز دەريا قېشىدا.
كىچىككىنە چازىسى
ئېگىز تاغنىڭ بېشىدا.

گومىنداڭ زۇلۇم سېلىپ،
شەھەر سالدۇرغان ئازاققا.

نامى توغرىسىدا بىر بۆلۈك تارىخچىلار «شىھىتلەر ماكانى» دەپ تەبىر بېرىشكەن. بۇ خىل تەبىرنىڭ ئاساسى شۇكى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان جامەسىنىڭ ئالدىدىكى ئۇچ مو دائىرىدە قاراخانىيلار دەۋرىگە ئائىت بىر قەبرىستانلىق بولۇپ، بۇ قەبرىستانلىقتا قاراخانىيلارنىڭ مۇھىم دۆلەت ئەربابلىرىدىن شېھىت بولغان ۋە ئۆز ئەجىلى بىلەن ۋاپات بولغانلار قويۇلغان.

مەرھۇم دىنىي ئالىم زەينىل ئابىدىننىڭ مەۋلەۋى داموللا ھاجىم ھايات ۋاقتىدا ماڭا مۇنداق دېگەن: «مەشھەدنىڭ مەنىسى توغرىسىدا تارىخچىلار شېھىتلەر ماكانى دەپ تەبىر بېرىشنىڭ ئاساسى بار. مەن ھىندىستاندا ئوقۇۋاتقاندا، قەشقەر ھەققىدىكى بىر تارىخىي ئەسەرنى كۆرگەن. ئۇنىڭدە قېلىشىچە، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھاكىمىيەتكە چىققاندىن كېيىن، قاراخانىيلارنىڭ زېمىن دائىرىسى بولغان مەۋارە ئۇننەھردىن تاكى خوتەنگىچە بولغان ئورۇنلارنىڭ ھاكىملىرى مەشھەدكە كېلىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئوردىسىدا دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى توغرىسىدا كېڭەش ئۆتكۈزگەن ۋە بۇغراخاننىڭ ئەمر ـ پەرمانلىرىنى ئاڭلىغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تاج كىيگەن ھالدا ئالتۇن كەمەرنى باغلاپ (ھازىر غوجا ئەۋلادلىرىنىڭ قولىدا بىر ئالتۇن كەمەرنىڭ پارچىسى بار. بۇ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان باغلىغان كەمەرمۇ ـ ئەمەسمۇ، دەلىللەنمىدى)، ھەيۋەتلىك سۇپەتتە ئوردىغا كىرىدىكەن. كېچىلىرى سەلتەنەتلىك ئوردا ئىچىدىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھۇجرىسىغا ئالتۇن چىراغ يېقىلغان. مەشھەد X ئەسىرنىڭ باشلىرىدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كاتتا كېڭەش ئورنى بولغان. شۇڭا، ‹ھەممە يىغىلىدىغان ئورۇن› مەنىسىگىمۇ ئىگە»».

يۇرگۈزۈلگەن. شۇڭا، بۇ ھەقتە توختىلىش ھاجەتسىز. مەن ئالتىن ئاتۇشتىكى 17 كەنتنىڭ ئەسلىي مەنىسى ۋە تارىخىي مەنبەلەردە كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغان «تۆركۆل» توغرىسىدا توختىلىمەن.

### 1. مەشھەد

مەشھەد X ئەسىردىن بۇرۇن «تۇنجى كەنت»، «مۇقەددەس كەنت»، «ئۇلۇغ كەنت» دەپ ئاتالغان. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان خاقان ئوغۇلچاقتىن ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىنكى تارىخىي مەزگىللەردە «مەشھەد» دەپ ئاتالغان.

مەشھەد (تۆت كوچا مەشھەد دەپمۇ ئاتىلىدۇ)تىكى تۆت كوچىنىڭ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىگاھىغا كېلىدىغان تۆت دوقمۇشىغا تۆت مەسچىت سېلىنغان. شەرق تەرەپتىكىسى «ئوچا مەسچىت»، جەنۇب تەرەپتىكىسى «كۆل بېشى مەسچىت»، غەرب تەرەپتىكىسى «چىلان مەسچىت» (يەرلىك كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ مەسچىتكە ئۆز دەۋرىدىكى ئەمەلدارلار كۆپرەك كېلىپ ناماز ئوقۇغاچقا، ئەمەلدارلار مەسچىتى دەپمۇ ئاتىلىدىكەن)، شىمال تەرەپتىكىسى «ئوي كوچا مەسچىت» دەپ ئاتالغان. مەشھەدكە تەۋە باغئېرىق كەنتىدىكى «شەيخ ئەۋلىيا» دەپ ئاتىلىدىغان قەبرىگاھتا ياتقان كىشى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنىڭ باغئېرىقتىكى ۋەخپە يەرلىرىگە مەسئۇل كىشى. شەيخ ئەۋلىيا قەبرىگاھى يېنىدا قەدىمدىن تارتىپ دىنىي مەكتەپ بولۇپ، بۇ مەكتەپتە قارىي تەربىيىلىنەتتى. بۇ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئابدۇرېھىم قارىي، ياسىنئاخۇن خەلپىتىم، موللا ئېسا خەلپىتىم، ئابدۇرېشىت قارىملار بار ئىدى.

مەشھەد نامىدا ئىككى ئورۇن بار. بىرى ئىراندىكى مەشھەد، ئىككىنچىسى ئالتىن ئاتۇشتىكى مەشھەد. مەشھەدنىڭ ئەسلىي

پەيدا بولۇپ، سىنى كۆككە ئېلىپ چىقىدۇ. 7- نوم ئالدى بىلەن مەن ئۈچ دانە ئەرش ئىشىكى كۆردۈم. بارلىق ئىلاھلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىيالايدىغان بولدۇم.

3- بەت. ياخشىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاق كۆڭۈللەر ئەمەلدار قىلىپ ئۆستۈرۈلسۇن، يامانلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى ياۋۇزلارنىڭ نەسلى قۇرۇسۇن. سىنىڭ تۆھپەڭ دەررۇ زاھىر بولۇپ كۆرۈلسىمۇ، بىراق تەڭرى ئاق - قارىنى پەرق ئېتىپ مۇكاپاتلايدۇ ياكى جازالايدۇ. بەخت - سائادەت بىلەن بالايىئاپەت كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يۈز بېرىدۇ. تەڭرىنى كۆز - قۇلىقى يوق دەپ قارىما. سەن پىنھاندا تۇرۇپ ئالدامچىلىق (كۆز بويامچىلىق) قىلساڭمۇ - قىلمىساڭمۇ، كەڭرى جاھان سىنى سىزىۋالىدۇ. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، بەيئەت قىلىشتا يەڭگىلتەكلىك بىلەن ئىلاھنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ئىش قىلما.

4- بەت. بەش بارماقنىڭ ھەممىسى تەڭ ئەمەس. ئۆز ئىشىڭغا ئۆزۈڭ ئىگە بول. يامانلىق قىلغۇچى جازاسىنى تارتىدۇ. بۇنىڭدا قىلچىمۇ شەك يوق. شەھۋەتپەرەسلىك — بارلىق جىنايەتنىڭ مەنبەسى. ۋاپادار بولۇش — بارلىق ھەرىكەتنىڭ ئاساسى. ئادەتتىكى (ئەقەللىي) قائىدىلەرگە خىلاپلىق قىلىنسا، ئادەم ئۆزلۈكىدىن خىجىل بولىدۇ (ئىچ - ئىچىگىدىن خىجالەتتە قالىسەن). شۇڭا، ئىچ - ئىچىگىدىن خىجىل بولىدىغان ئىشلارنى خۇشاللىق ئىش دەپ قىلىپ قالما. ئەگەر مېنىڭ نەسىھىتىمنى ئاڭلىمىساڭ، قولۇمدىكى پىچاقنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆر.

مېنىڭچە، يۇقىرىدىكى خەتلەر يەن سۇلالىسى دەۋرىگە ئائىت بۇددا نوم پارچىلىرىدۇر. تۆۋەندە، موڭغۇل يېزىقىدىكى بۇ تۆت بەت خەتنىڭ كۆچۈرمە نۇسخىسى قوشۇمچە قىلىندى.

كلاسسىك شائىر زەلىلى (1668- يىلى ياكى 1676- يىلى تۇغۇلغان) مەشھەد توغرىسىدا تۆۋەندىكىچە نەزم ئوقۇغان:

كاشغەر زېمىنى ئىچرە سەپەر يارا،
بارغىلى زەھى مەشھەد، تۇرغىلى تېجەن ياخشى.

مەن يېقىندا، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان جامەسى»نىڭ خاتىپى مەرھۇم ئابدۇرېشىت قارىھاجىمنىڭ مەشھەد كەنتىنىڭ ئازغان مەھەللىسىدىكى ئۆيىگە كىرىپ، مەرھۇمنىڭ كىتابلىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. مەلۇم دىنىي كىتابنىڭ ئىچىدىن كونا موڭغۇل يېزىقىدىكى تۆت بەت خەتنى ئۇچراتتىم. بۇ خەتنى ئاپتونوم رايونلۇق كونا ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش ئىشخانىسىغا ئەۋەتسەم، ئۇلار تۆۋەندىكىچە تەرجىمە قىلىپ بەردى.

1- بەت. يەر - ئاسمانغا ھۆرمەت قىلىش، ئىلاھىي نۇرغا (ئىلاھقا) چوقۇنۇش، ئەجدادقا ئەگىشىش، ئاتا - ئانىغا مېھرىبان بولۇش، قائىدە - يوسۇنلۇق بولۇش، ئۇستازلارنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، ئاكا - ئۇكىلار ئىناق بولۇش، دوستلۇقتا ئىشىنىش، جەمەتداشلارغا يېقىن، يۇرت ئىچىدە ئىناق ياشاش، ئەر - ئايال ئاجراشماسلىق، پەرزەنتلىرىنى ئوبداق بېقىش، ئىزگۈلۈك قىلىش، ئەدەپ - ئەخلاقلىق بولغاندا، ئۇ دۇنيادا سورىقى بولمايدۇ. كەمبەغەللەرگە خەير - ئېھسان قىلىش.

2- بەت. ئىلاھىي نۇر (ئىلاھ) مۇقەددەس. يالغانچى، ساختىپەز بولماسلىق، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كىچىكلەرنى ئىززەتلەش — ئادەمنىڭ ماھىيىتى، ئەدەپ - قائىدىلىك بولۇش — ئادەم بولۇشنىڭ يىلتىزى. سەن ئەجدادىڭغا ئوخشاش ماڭا ئەگىشىپ، ئىزگۈ ئىشلارنى قىلساڭ، تاپىنىڭدا رەڭگارەڭ بولۇتلار



(2- بەت)



(1- بەت)



(4- بەت)

## ئاتۇش (1)



(3- بەت)

6. ئارغۇ

«تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ 1- توم 172- بېتىدە: «... ئارغۇ — ئىككى تاغ ئارىسى، بۇنىڭدىن ئېلىنىپ تىراز (تالاس) بىلەن بالاساغۇن ئارىسىدىكى شەھەرلەرمۇ ئارغۇ دېيىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ يەرلەر ئىككى تاغ ئارىسىدا» دېيىلگەن. دېمەك، ئارغۇ — «تاغ ئارىسىدىكى يۇرت» دېگەن مەنىگە ئىگە. قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىدە ئارغۇ ناملىق جاي بار. ئەسئەت سۇلايمان يازغان «ئۇيغۇر تۇتىم مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسەرنىڭ 139- بېتىدە، فرانسىيە ئالىمى هاملتوننىڭ «بەش دەۋر ئۇيغۇر تارىخي ماتېرىياللىرى»[1] ناملىق ئەسىرىدىن ئالغان نەقىلدە: «غەربىي تۈرك خانلىقى تۆۋەندىكى قەبىلىلەردىن تەركىب تاپقان. ئون قانات سادا قىلىقلار قەبىلىلىرى ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ تەركىبىدىكى قەبىلىلەر — قۇشۇ، ئاسكىل، بارسقان، چۇبى، ياغما، كەڭگۇ، قاز، ئارغۇ، قاسار...» دېيىلگەن. بۇ يەردە ئارغۇ — تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ نامى قاتارىدا كۆرسىتىلگەن.

7. ئىشتارچى

ئىشتارچى خەلقى ئۆز يېزىسى نامىنىڭ مەنىسى توغرىسىدا «ئىشتارچى — ئىپتارچى دېگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، ئىشتارچى خەلقى رامىزان ئايلىرىدا داستىخاننى كەڭ سېلىش بىلەن ئىپتارچىلارنى رازى قىلىدىكەن. دېمەك، ‹مېهماندوست، داستىخىنى كەڭ خەلق مەنىسىگە ئىگە›» دەپ رىۋايەت قىلىدۇ. مېنىڭچە، بۇ سۈپەت ئىشتارچى خەلقىنىڭ ياخشى

[1] شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982- يىلى خەنزۇچە نەشرى 2-، 3- بەتلەر.

2. مەييى

يەرلىك كىشىلەرنىڭ ئاغزاكى رىۋايىتىدە، مەيىنىڭ ئەسلىي مەنىسى ماهى ـ ئاي دېگەن سۆزدىن كەلگەن. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بۇ يۇرتقا يىراقتىن سەپسېلىپ، خۇددى ئايدەك ئېگىلگەن گۈزەل ئوبرازىنى كۆرۈپ «ماهى ـ ئايدەك ئۆز يۇرتكەن» دېگەن ئىكەن. دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «ماهى ـ ئاي» مەييى دەپ تەلەپپۇز قىلىنغان. بۇ يۇرتتا «ئۈچ قەبىلە غوجام گۈمبىزى»، «قىلىچ بۇغراخان مازىرى» ناملىق تارىخىي ئىزلار بولۇپ، بۇ هەقتە تېخى تەتقىقات ئېلىپ بېرىلمىدى.

3. تېتىر

«تۈركىي تىللار دىۋانى»دا تېتىر هەققىدە تەبىر بېرىلىپ: «تېتىر— هېچ نەرسە ئۈنمەيدىغان يەر» دېيىلگەن. ئۇيغۇر خەلقى مىڭ يىللاپ تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش جەريانىدا، بۇ قاقاس ئورۇننى هازىر تولىمۇ ئۆز يۇرت قىلىپ قۇرۇپ چىقتى.

4. لەڭگەر

بۇ، كارۋانلار چۈشۈپ ئۆتىدىغان قونالغۇ دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، قەدىمكى دەۋرلەردە كارۋانلار بۇ ئورۇنغا چۈشۈپ ئۆتكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

5. كۆكۆلە

بۇ، ياپپېشىل، كۆكۆل ـ مەيدانلىق يۇرت دېگەن مەنىگە ئىگە.

كەنت ئەسلىي يار بويىغا قۇرۇلغان بولۇپ، بويامەت دەپ ئاتالغان» دەپ تەبىر بەرگەن. مەن بۇ يۇرتتىن چىققان بىر بۆلەك تارىخىي ئاسار ئەتىقىلەر ھەققىدە توختىلىمەن.



80- يىللاردا بويامەت كەنتىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان بويلا يېزىسىدىكى بىر دېھقان ئۆز ئېتىزىغا سۇ ئېچىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز بىر ئورۇنغا سۇنىڭ كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ سۇنى توختىتىپ، ئۇ ئورۇننى كولىغان، ئۈچ مېتىر يەر ئاستىدىن بىر ساپال بۇت ۋە بىر قىسىم مىس پۇل تېپىۋالغان. بۇ ئەھۋال ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىغا ئاڭلانغاندىن كېيىن، دەرھال ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ تارىخىي ئاسار ئەتىقىلەرنى يىغىۋالغان.

10. تېجەن

ئاتۇشتا تېجەن نامىلىق ئۈچ ئورۇن بار: (1) ئازاق يېزىسىغا قاراشلىق تېجەن (بۇ چوڭ تېجەن)، (2) تېجەنلىكلەر كۆچۈپ بارغان ئورۇنلاردىن كاتتا يايلاق يېزىسىدىكى تېجەن، (3) سۇنتاغقا كۆچۈپ بارغانلارنىڭ «پاچچەن» (پارچە تېجەن) دىن ئىبارەت. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ نام تاجىكىستاندا ئۇچرايدۇ. «ئۆزبېكىستان س. س. س. ر تارىخى» (ئۆزبېكچە) 83-، 84- بەتتە مۇنداق مەلۇمات يېزىلغان: «يۇنان تارىخچىسى سترابۇنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، تېجەن دەرياسىنىڭ قىرغاقلىرىنى بويلاپ يۈرگەن پەرنە دەپ ئاتىلىدىغان داخ خەلقلىرىدىن بىرىنىڭ

سۇپىتى بولسىمۇ، لېكىن تارىخىي مەنبەلەردە ئىشتارچى «ئىتارچى» قەبىلىسىنىڭ نامى بولۇپ، ئۇلار پەرغانىدىن كۆچۈپ كەلگەن خەلق دېيىلگەن. موللا مىرسالىھ يازغان «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ 44- بېتىدىكى: «تەبەقە ئىتارچى پىتكە مىرزا 100 نەۋكىرى بىلەن...»، 91- بېتىدىكى: «مىرزايى ئىتارچى توبرە نويغۇت ھەممە ئىستىقبال قىلىپ، ئەنجانغا ئەلىپ كىرىپ خان كۆتۈردىلەر...» دېگەن مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، ئىتارچى — تەبىقە، قەبىلە نامى بىلەن ئۇخشاش ئورۇندا قويۇلغان.

## 8. ئازاق

بۇ كەنت توغرىسىدا بىرقانچە خىل رىۋايەت بولۇپ، يەرلىك كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بۇ ئورۇنغا ئاۋۋال پۇلدار ئائىلىلەر ئولتۇراقلىشىپ «ئاز ئاق» دەپ ئاتالغان. زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ ئورۇن ئەتراپىغا كۆپلىگەن كىشىلەر كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، ھازىرقى يۇرت شەكىللەنگەن. بۇ بىر خىل رىۋايەت. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- توم 90- بەتتە «ئازاق — ئوغۇز بەگلىرىدىن بىر چوڭنىڭ ئىسمى» دەپ كۆرسىتىلگەن. «ھۇدۇدۇل ئالەم» ناملىق ئەسەردە ئاتۇش رايونىدا ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ ياشىغانلىقى بايان قىلىنغان. يۇقىرىدىكى ئىككى نوپۇزلۇق مەنبەگە ئاساسەن ئازاق نامىنى تەھلىل قىلغاندا، مەھمۇد قەشقەرى ئېيتقاندەك، بۇ يۇرتقا ئوغۇز بەگلىرىدىن بىر چوڭ بەگنىڭ ئىسمى نام بولۇپ قويۇلغان.

## 9. بويامەت

بويامەتتە ئۆتكەن دىنىي ئالىم ۋە شائىر ئابدۇكېرىم مەخسۇ- دى «بويامەت يۇرتى ھەققىدە» ناملىق نەزمىنىڭ ئىزاھاتىدا «بۇ

13. قۇمسېغىر

بۇ، ئالتىن ئاتۇشنىڭ ئەڭ جەنۇبىدىكى يېزا بولۇپ، بۇ ھەقتە يېزىلغان تارىخىي خاتىرىلەر «ساغۇن» خاتىرىلىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن. ئۇ «ساغۇن» شەھىرىنىڭ بىر قىسمى.

قۇمسېغىرنىڭ ئېتىمولوگىيىلىك مەنىسى ھەققىدە تۆۋەندىكى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىمەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم 471- بەتتە: «سېغىر خانلارنىڭ كۆپ ئادەم بىلەن قىلىدىغان بىر خىل ئوۋى. بۇنىڭدا، خاننىڭ ئادەملىرى ئورمان ۋە قىرلارغا تارقىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنى خان تۇرغان يەرگە قوغلاپ كېلىدۇ. خان ئالدىغا كەلگەن ياۋايى ھايۋانلارنى ھېچ ئاۋارە بولماستىن ئوۋلاۋېرىدۇ» دەپ چۈشەندۈرۈلگەن. قۇمسېغىر ناملىق يېزىنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار ئىلگىرى ئورمان ـ ئوتلاقلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ تەدرىجىي قۇرغاقلىششى بىلەن ئورمانلار يوقىلىپ، بۇ رايوننى شور ۋە قۇم بېسىپ كەتكەن. كېيىنكى كىشىلەر بۇ رايوننىڭ تەبىئىي مۇھىتىغا قاراپ «قۇمسېغىر» دەپ ئاتىغان.

ئىككىنچى خىل كۆز قاراش. بۇ ئورۇنغا سۈرىيىنىڭ دەمەشق شەھىرىدىن كەلگەن «شامپاششا» (ئابدۇرەھمان)نىڭ سەغىرە باللىرىدىن سۇلتان زوھۇر، سۇلتان تاھۇر دادىسىنىڭ قەبرىگاھىنى كۆرگىلى كېلىپ، نېمە سەۋەبتىندۇر بۇ جايغا دەپنە قىلىنغان. «قۇمسېغىر»دىكى «قۇم» ئۇيغۇر تىلىدا ھازىرمۇ «قۇم» دېيىلىدۇ، «سېغىر» — سەغىر (ئەرەبچە «كىچىك»)، «سەخىرە باللار» — «كىچىك باللار» مەنىسىگە ئىگە) دېگەنلىك بولۇپ، «سەخىرە باللار كۆمۈلگەن جاي» مەنىسىگە ئىگە. بۇ، ئۇيغۇر تىلىدا «قۇمسېغىر» دەپ ئاتالغان.

كىشىلەر يېقىندا سۇلتان تاھۇر، سۇلتان زوھۇر قەبرىگاھى

داھىيسى نەسلى ـ نەسەب جەھەتتىن ساك، ئارشاك، ئىرانغا باستۇرۇپ كىردى ۋە ئۇنى بويسۇندۇردى». بۇ يەردە تىجەن ناملىق بىر دەريانىڭ قەدىمكى ئاسىيا تارىخىدا مەۋجۇت بولغانلىقىدىن بىشارەت بېرىلگەن.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئارغۇدىن قايتىپ تىجەندە ياخشى ئارام ئالغاندىن كېيىن، «ئەجەب تىنچ ئەنكەن» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ. تىجەن خەلقىنىڭ پىسخىك خاراكتېرى جەھەتتىن قارىغاندىمۇ تىنچ خەلق. جۇغراپىيىلىك نۇقتىدىن قارىغاندا، تىجەن ئىككى ساي (مەشھەد سېيى بىلەن بويامەت ۋە تىجەن ئارىسىدىكى ساي) ئارىسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇرۇن تىجەننىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىدىكى ئىككى سايدا سۇ ئاقاتتى. ئالتىن ئاتۇشتىكى بوغاز دەرياسىغا كەلگەن دەھشەتلىك كەلكۈن ئارىسىدا قالسىمۇ كەلكۈندىن ئامان ـ ئېسەن قالاتتى. شۇڭا، «تىنچ ئەن» دەپ ئاتالغان. «ئەن» سۆزى سۇ ئاقىدىغان پەس (چوڭقۇر) يەر ياكى كەڭلىك (ئېنى) دېگەن مەنىگە ئىگە.

### 11. بۆگەن (بۆلۈنگەن)

ئالتىن ئاتۇشقا كۆپ قېتىم كەلكۈن كېلىپ، ئەسلىدە بۆگەن ئۆزىگە قوشنا بولغان مەشھەد، تىجەن، ئوگئىرىقلاردىن بۆلۈنۈپ كەتكەن. شۇڭا، بۆگەن «بۆلۈنگەن يۇرت» مەنىسىگە ئىگە.

### 12. ئوگئىرىق

بۇ كەنت ئالتىن ئاتۇشنىڭ جەنۇبىدىكى قۇمالتاغ باغرىغا جايلاشقان. كەنت نامىنىڭ مەنىسى «ئوڭ ئېرىق» دېگەنلىك بولۇپ، كىشىلەر ئادەتتە «ئوگرۇق» دەپمۇ ئاتايدۇ.

1000 مودىن كۆپرەك كېلىدۇ. بۇ رايون ئىچىدە «تەختىيۇن» نامىدىكى بىر كەنت بولۇپ، دەۋرىمىزدىكى مەشھۇر دىنىي ئالىم مۇھەممەد سالىھ قارىيھاجىمنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىدۇر.

ئاتۇش شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە غەربتىن شەرققە قاراپ سوزۇلغان تەختىيۇن تاغلىرى بولۇپ، بۇ تاغنىڭ شەرقىي يان باغرىنى ئۈرۈمچى - قەشقەر تاشيولى كېسىپ ئۆتىدۇ. تاشيولنىڭ جەنۇبىدا «تەختىيۇن» كەنتى بولۇپ، ئەزەلدىن ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان. ئاتۇشتىكى ھونلار تەختى توغرىسىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخشۇناسلىرى تېخى قولىغا قەلەم ئېلىپ بىرنەرسە يازمىدى. مەرھۇم ئېمىرھۇسەيىن قازىھاجىم «تارىخىي ئەسەر ۋاقىئەئى كاشغەر» ناملىق ئەسىرىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ، «تەختى ھون» شەھىرىنىڭ مەركىزىنى مەشھەدتە دەپ ئاتىغان. «تەختى ھون» مەيلى مەشھەد كەنتىدە بولسۇن، بۇ رايوندا ھون شەھىرىنىڭ بولغانلىقى ھەققىدىكى تارىخىي مەلۇماتنى تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ھونلارنىڭ ئاتۇشتىكى تەختى توغرىسىدا يەرلىك كىشىلەر بىلىدىغان ئاز - تولا مەلۇماتنىڭ تارىخ بېتىدىن ئۆچۈپ كەتمەسلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزەمنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

تەختىيۇن تاغلىرى ئېتىكىدە تۇرۇپ، قىران دەريا سۈيى كېلىۋاتقان شىمالدىكى قاتمۇقات تاغ جىلغىلىرىغا كۆز تىككەندە، شىنجاڭدىكى ئىلىم ساھەسىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن «ئاتۇش تاش ئادىمى» تېپىلغان ئورۇننىڭ تەختىيۇن تاغلىرىنىڭ شىمالىي يان باغرىدا ئىكەنلىكى، كىشىگە نەچچە ئون مىڭ يىللاردىن بۇيان ئەجدادلىرىمىزنىڭ بۇ رايوندا ياشاپ، كۆپىيىپ كۈرەش قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

تەختىيۇن رايونى ئۆزىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك ئەۋزەل

يېنىدىكى كونا جامەنى چېقىپ، ئۇلىغا بېسىلغان بىر دانە پىششىق خىشنىڭ يۈزىگە چېكىلگەن خەتنى بايقاپ، ماڭا كۆرسەتتى. رۇسچە xe (x— خ، e — ئې، قوشۇپ ئوقۇغاندا خې) ئىككى ھەرپتىن تۈزۈلگەن خەت چېكىلگەن پىششىق خىشنىڭ مەسچىتتىن تېپىلىشى مېنى ئەجەبلەندۈردى. مەن شۇ يەرلىك 81 ياشقا كىرگەن ئابدۇقادىر نىياز ئىسىملىك بوۋاي بىلەن سۆھبەتلىشىپ قالدىم. ئۇ كىشى «...چوڭ دادام 1958-يىلى 98 ياشتا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە، بۇ جامە بەدەۋلەت (ياقۇپبەگ) زامانىدا سېلىنغان. چوڭ دادام 10 ياش ۋاقتىدا جامە قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىپ، تۆتتىن خىشنى دومبىسىگە ئېلىپ توشۇۋاتسا، بەدەۋلەت قۇرۇلۇش ئورنىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كېلىپ، چوڭ دادامغا كۆزى چۈشۈپ، يېنىغا چاقىرىپ، چوڭ دادامنىڭ دومبىسىنى بېسىپ كۆرۈپ: «سەن كىچىكلا ئىكەنسەن. كېلەچەكتە پالۋان بولىسەن» دېگەن.

دېمەك، بۇ جامە بەدەۋلەت ( 1820—1877) جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىنى بېسىۋالغان مەزگىل (1865 — 1877)لەردە سېلىنغان. ئۇز دەۋرىدە قەشقەر رايونىدىكى نۇرغۇن مازارلارنى ياسىتىشتا، بەدەۋلەت ھاكىمىيىتى ئۆلچەملىك خىش قېلىپىنى ئۆزبېكىستان تەۋەسىدىكى مەلۇم خىش كارخانىسىدا ياسىتىپ ئەكەلگەن بولسا كېرەك. رۇسچە خەت بېسىلغان بۇنداق پىششىق خىش ئاتۇش ئوكچىرىق كەنتىگە تەۋە غوجى ئالاۋۇددىن قەبرىگاھىدىمۇ ئۇچرىدى. بۇ خىش ھازىر مەندە ساقلاقلىق.

14. تەختىيون (تەختى ھون)

ئاتۇش شەھىرى تۇرۇشلۇق دائىرىنى بۇرۇن يەرلىك كىشىلەر «تەختىيون» دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇ دائىرە تەخمىنەن

رايونىدىكى پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىشتا «يېشىل چىراغ»لىق رولىنى ئوينىغۇسى.

15. سۇنتاغ

ئالتىن ئاتۇش «سۇنتاغ» كەنتىنىڭ ئەسلىي مەنىسى توغرىسىدا بىرقانچە خىل تەبىر بار. ئالتىن ئاتۇش تىپچەنلىك مەرھۇم ئابدۇقادىر ھاجىمنىڭ دەپ بېرىشىچە، «‹سۇنتاغ›نىڭ ئەسلىي مەنىسى ‹سۇن تەخت› (ئاخىرقى ئۇستۇن تەخت) دېگەنلىك ئىكەن». تۈركىي تىللىق لۇغەتتىمۇ «سۇن» دېگەن «ئاخىر» دېگەن ئۇقۇمغا ئىگە. يەنە بىر رىۋايەتتە «ساغۇن» شەھرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تەخت بولغان دېيىلگەن. بۇ جايدىن بەزى ئاسار ئەتىقىلەر تېپىلغان.

16. كېچىگىز

ئالتىن ئاتۇشنىڭ شەرقىي تەرىپىدە «كېچىگىز» ناملىق يېزا بولۇپ، كاتتا يايلاقتا ئۆتۈشتە بۇ يېزىدا بىر كىچىك يار بولۇپ، ئات - ئۇلاغ كېچىپ ئۆتىدىغان ئورۇن بولغاچقا، بۇ جاي نامىغا بۇ يېزا «كېچىگىز» دەپ ئاتالغان. «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1- توم 479- بەتتە: «كېچىش — دەريا ۋە ئېقىنىدىن ئۆتىدىغان كېچىك» دەپ كۆرسىتىلگەن.

«كېچىگىز» ھەققىدە رىۋايەت قىلغۇچىلار مۇنداق بايان قىلىدۇ: «... قەدىمكى زاماندا ئاتۇش رايونىدا بولغان ئۇرۇشتا، قارشى تەرەپ ئاتۇشنىڭ غەربىدىن شەرققە چېكىنىپ، ھازىرقى ‹كېچىگىز› دېگەن مەلۇم ئورۇنغا كېلىپ قونۇپتۇ. ئەتىسى شەرققە قاراپ يولغا چىقىپ كاتتا يايلاق تەۋەسىگە كەلگەندە، قوشۇن باشلىقى ئۆز يېنىدا ئېلىپ ماڭىدىغان مۇھىم نەرسىنى ئېسىگە

شەرت ـ شارائىتى ۋە بۈيۈك كارۋان يولىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقى جەھەتتە مۇناسىپ جاي. چۈنكى، بۇ رايون ئاتۇشتىكى ئەڭ ئېگىز، ھاۋالىق رايون بولۇپ، يېنىدىن قىران دەرياسى ئېقىپ ئۆتىدۇ. كېيىنكى ئەسىرلەردە قۇرۇلغان ئۇيغۇر شەھەر خارابىلىرىدىن «ساغۇن» خارابىسى، «قارا دۆڭ» خارابىسى (لەڭگەر بىلەن ئازاق ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، باققۇنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ باغرىدىكى بۇ جايدىن نۇرغۇنلىغان ساپال بۇيۇم ۋە پۇللار چىققان) قاتارلىقلار ئەزەلدىن بۇ رايوننىڭ چوڭقۇر مەدەنىيەت قاتلىمىغا ئىگە ئىكەنلىكىگە شاھىت بولماقتا.

تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، باتۇر تەڭرىقۇت (ئوغۇزخان) ۋاقتىدا ھونلارنىڭ ئەمەلدارلىق دەرىجىسى 24 دەرىجىگە بۆلۈنگەن. بۇ دەرىجىلەرنىڭ ئىچىدە «باتىسخان» مەنسىپىدىكى ئەمەلدار ھونلار تېررىتورىيىسىنىڭ غەربىنى باشقۇرغان. قەشقەر، ئاتۇش... قاتارلىق رايونلار باتىسخان باشقۇرۇشىدا بولغان. كېيىن غەربىي ھونلارنىڭ تەختى (مىلادىيە 90— 150- يىللارغىچە) ھازىرقى كۆچانىڭ شىمالىدىكى كۆنەس، تېكەس ئەتراپىدا بولغان. ھونلار ئۆز تەختىنى پەيدىنپەي شەرقتىن غەربكە يۆتكىگەن.

غەربىي ھونلار مىلادىيەنىڭ 150 -- 216- يىلىغىچە بولغان 66 يىل ئىچىدە ئۆز پايتەختىنى نەگە قۇرغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ھونلارنىڭ ئاتۇشنى پايتەخت قىلغىنىغا 2000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولغىنى كۆندە پەقەت «تەختىيون» (تەختى ھون) دېگەن قىممەتلىك بىر سۆزلا قالغان. جۇغراپىيىلىك مەۋجۇدىيىتىنى ئاللىقاچان يوقاتقان بۇ پايتەخت بۇنىڭدىن كېيىنكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ۋە تارىخىي جەھەتتىن دەلىللەشتە «ئىش ئورنى ۋېۋىسكىسى» بولۇشتا، ھونلارنىڭ بۇ

هازىرقى «كۆل» مەنىسىگە ئىگە بولماستىن، بەلكى «چوڭقۇر بىلىمگە ئىگە» دېگەنلىك. «كۆل» سۆزى تاكى XVI ئەسىرگىچە ئۇيغۇرلاردا ئىستېمال قىلىنىپ كەلگەن. ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى يازغان «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى» ناملىق ئەسەرنىڭ 159-بېتىدە بۇ ھەقتە مەلۇمات بار. يەنە «كۆلتېگىن مەڭگۇ تېشى» قاتارلىق مەڭگۇ تاشلاردا «كۆل» سۆزى ئىشلىتىلگەن. بۇ، ئاشۇ دەۋردە ئۇلۇغ كىشىلەرگە، ئالىملارغا قارىتىپ ئېيتىلغان، كېيىن يۇرت نامى بولۇپ قالغان.

«تۆركۆل»نىڭ توغرا تەلەپپۇزى «تۇركۆل». «تۇر» — تۇرك سۆزىدىكى «تۇر»، «كۆل» — «كۆلتېگىن» نامىدىكى «كۆل»[1] بولۇپ، «تۇرك كۆلتېگىنلىرى» (ئۇيغۇر كۆلتېگىنلىرى) جايلاشقان يۇرت مەنىسىگە ئىگە. تېگىننىڭ ئەسلىي مەنىسى «قۇل»، ئۆزگەرگەن مەنىسى «شاھزادە» دېگەنلىك.



[1] كۆل — قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كۆلدەك، دېڭىزدەك ئىلىمگە ئىگە» دېگەن مەنىگە ئىگە.

ئېلىپ ئىزدىسە تاپالماپتۇ. قوشۇن باشلىقى يېنىدىكى كىشىلەردىن سورۇشتۇرسە، ئۇلار «كىچىككى ئىگىزدا قالغان بولسا كېرەك» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ جاي زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەلەپپۇزدا ئۆزگىرىش بولۇپ، «كىچىگىز» دەپ ئاتالغان».

17. شورۇق

بۇنىڭدىن 188 يىل ئىلگىرىكى، يەنى ھىجرىيە 1232- يىلى (1815-، 1816- يىللىرى)دىكى مەشھەد «ئالمۇتا مەدرىسە» نىڭ ۋەخپىنامىسىدە «... شور ئارىق بىرلە ئورتاڭ ساق يولىنىڭ تۆبى يانى...» دېيىلگەن مەلۇماتتا «شور ئېرىق» دەپ يېزىلغان. دېمەك، شورۇق — «شور ئېرىق» نامىدىن كەلگەن. ھازىرغىچە يېزىلىپ كەلگەن تارىخىي ھۆججەتلەردىمۇ يۇقىرىقىدەك «شور ئېرىق» دېيىلگەن. بۇ يۇرت نامىنى «سول ئېرىق» دەپ تەبىر بەرگۈچى كىشىلەرنىڭ قايسى تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغانلىقىنى بىلگىلى بولمايدۇ، بەلكى جۇغراپىيىلىك نۇقتىئىنەزەردىن شۇنداق ئېيتقان بولسا كېرەك. بۇ بىر خىل قىياسەن كۆزقاراش بولۇپ، يۇرت تارىخىي ناملىرىنى قىياس ئۈستىگە دەسسىتىپ بېكىتىش ئىلمىي كۆزقاراش ئەمەس.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «تۆركۆل» نامى ھازىرچە ئۈچ ئورۇندا بار: (1) سۇنتاغقا تەۋە تۆركۆل كەنتى، (2) كاتتا يايلاق يېزا تۆركۆل كەنتى، (3) ئۆزبېكىستاندىكى تۆركۆل رايونى. بەزى رىۋايەتچىلەرنىڭ تەبىرىچە، «تۆركۆل»نىڭ مەنىسى «تۆت كۆل» دېگەنلىك بولىدىكەن. بۇ قەدىمكى يۇرتنىڭ رىۋايەت ئاساسىدىكى مەنىسى كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ. «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسەرنىڭ 87- بېتىدە: «سۇلتان مەھمۇدخان، شايبەگخانىنى كۆل تەربىيەت قىلىپ...» دېيىلگەن. بۇنىڭدىكى «كۆل» —

خاراب بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، مىرزا ئۆمەربەگ ھاكىم بەگلىكىگە ئېيتقان ئىدۇق. مىرزا ئۆمەربەگ ھاكىم ھۇزۇرىدا، قازانكۆلدىكى[1] يەتتە پاتمانلىق يەرنىڭ ھوسۇلىدىن بىر قىسمى مەزكۇر بۇزرۇكۋارغا ۋە مەسچىتلىرىگە ئىشلىتىشكە بۇيرۇلدى...»

بۇ ۋەخپىنامە ھۆججىتى كېيىن يېڭىلىنىپ، ھىجرىيىنىڭ 1357- يىلى (1938-، 1939- يىللىرى) قەشقەر مەھكىمە شەرئىيدىكى قازى شاھ نىيسىپ ئاخۇنۇم، قازى داموللا، مۇپتى تاھىر مەخسۇم قاتارلىق تۆت قازىنىڭ مۆھرى بېسىلىشى بىلەن كۈچكە ئىگە بولغان. بۇ ۋەخپىنامىگە ئاساسەن مەن غوجى ئالاۋۇددىنىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ كۆردۇم. ئۇنىڭ قەبرىسى قەدىمكى ئاتۇش- قەشقەر يولى (قۇمالتاغ يولى)نىڭ شەرقىدە، قۇمسېغىرغا ماڭىدىغان يولنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ ئىچىدە بولۇپ، ئاستى پىششىق خىش بىلەن ياسالغان بۇ قەبرە تاغ ئارىسىدىكى يامغۇر سۈيى ئېقىپ چىقىدىغان جىلغىنىڭ بويىغا جايلاشقان، ئەتراپى تار كەتكەن جىلغىدىن ئىبارەت. قەبرىنىڭ يان تەرىپىدە ئۆز ۋاقتىدا قۇرئان تىلاۋەت قىلىدىغان ۋە ناماز ئوقۇيدىغان مەسچىتنىڭ تاملىرى بار. بۇ جايدا باشقا ھېچقانداق قەبرە يوق. 90- يىللاردا مەن بۇ قەبرە بار ئورۇنغا بارغاندا، يامغۇر سۈيى يالاپ قەبرىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغان. ئۇگىزىقتىكى بەزى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرمۇ بۇ كىمنىڭ قەبرىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. بەزى ياشانغان كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «غوجى ئالاۋۇددىن»نىڭ قەبرىگاھىغا ھەر يىلى نورۇز كۈنى ئۇگىزىقتىكى خەلق يىغىلىپ نورۇز پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىكەن. كېيىنكى مەزگىللەردە تورلۇك سەۋەبلەر تۈپەيلى بۇ پائالىيەت

---

[1] قازانكۆل— ھازىرقى پەيزاۋات ناھىيە شاپتۇل 6- يېزىغا قاراشلىق كەنت.

# ئىككىنچى قىسىم

## ئاتۇش ۋە قەشقەردە ئۆتكەن بەزى مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر

X ئەسىرنىڭ 1- يېرىمىدىن تارتىپ ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ئاتۇش ۋە قەشقەردە ناھايىتى نۇرغۇن مەشھۇر تارىخىي شەخسلەر ياشاپ ئۆتكەن. ئاتۇش دىيارىغا تەئەللۇق تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئىسمى ۋە ھايات خاتىرىسىنى بىر- بىرلەپ بايان قىلىپ ئۆتۈش تەس. تۆۋەندە، ھازىرغىچە باشقىلار تەرىپىدىن مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنمىغان، ئۆزۈم ئىزدىنىپ ماتېرىيالىنى توپلاپ رەتلىگەن، ئاتۇش ۋە قەشقەردە ئۆتكەن بىر بۆلۈك تارىخىي شەخسلەرنى تونۇشتۇرىمەن.

### 1. غوجى ئالاۋۇددىن

يېقىندا قولۇمدىكى تارىخىي ماتېرىياللارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ، بىر پارچە ۋەخپىنامىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنىڭدا تۆۋەندىكى مەلۇمات يېزىلغان: «... ھىجرىيىنىڭ 1234- يىلى (1818-، 1819- يىللىرى) تارىخىي ئەسەرلەر ئارقىلىق بىلىنگەن ئىسلام، مۇغۇلىستان، سەۋەب ئىمان تۈركىستان، خاقان ئىبنى خاقان ئەنىي ھەزرەتىنىڭ دوستلىرىدىن غوجە ئالاۋۇددىنىنىڭ مەقبەرىسى ئالتىن ئارتۇچقا تەۋە ئوگىزىق كەنتىنىڭ ئايىغىدىكى تاغدا بولۇپ، بۇ بۇزرۇكۋارنىڭ ۋەخپە يەرلىرى بولمىغانلىقىدىن موللا ئابدۇرېھىم ۋاقىپ بولۇپ، مەقبەرىنىڭ

چوڭ ـ كىچىك گۇمبەز ۋە قەبرىلەر جايلاشقان قەبرىستانلىق بولۇپ، گۇمبەزلەرنىڭ ئۈستىگە غايەت زور قوشقار مۈڭگۈزلىرى قويۇلغان. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ ھەممىسى تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن يوقالدى. 90- يىللاردا مەشھەد يولىنى ياساش ۋە جامە چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداننى كېڭەيتىش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلى غوجى قاسىم ئەلەمدارنىڭ قەبرىگاھى تۈزلىنىپ مەيدان سەيناسىغا قوشۇۋېتىلدى. بۇنىڭ بىلەن بۇ تارىخىي شەخسنىڭ قەبرىستانلىقى يەر يۈزىدىن غايىب بولدى.

قاراخانىيلارنىڭ بايرىقى توغرىسىدا رىشاد گەنج «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 196—199- بەتلىرىدە تەپسىلىي توختالغان بولۇپ، تۆۋەندىكىچە مەلۇمات بېرىلگان: «... بايراق — قاراخانىيلاردا بايراق تېمىسىدىمۇ بىزگە مەھمۇد قەشقەرىدىن باشقا ھېچكىم مەلۇمات بەرگىنى يوق. ئۇ مۇسۇلمان قاراخانىيلار بىلەن بۇددىست ئۇيغۇرلار ئوتتۇرىسىدىكى سوقۇشلارغا دائىر قەيت قىلغان بىر داستان پارچىسىنى مىسال قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ئاغدى قىزىل بايراق، تۇغدى قارا تۇپراق،
يەتشۇ كەلىپ ئوغراق توقۇشۇپ ئانى كەشتىمىز.

ئۇنىڭ بۇ قەيتلىرىدىن ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇكى، بايراق قاراخانىيلاردىمۇ بۈگۈنكى تەلەپپۇزدا ئىشلىتىلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوشۇن سەپلىرىنىڭ ئالدىدا ‹ئەلەم باشلار ئەر› (ئەلەمدار)نىڭ بولۇشى ۋە ئەھۋالنى ياخشى بايقاپ تۇرۇش لازىملىقى ئۈستىدە توختالغان. ئۇنىڭ بۇ قەيتىدىن شۇ دەۋردىكى قاراخانىيلارنىڭ ‹بايراق› سۆزى بىللە ‹ئەلەم›

توختاپ قالغان. ۋەخپىنامە ھۆججىتىدىكى «خاقان ئىبنى خاقان» دېگەن سۆزدىن قارىغاندا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئورنىغا ئولتۇرغان چوڭ ئوغلى مۇسا بۇغراخان دەۋرىدە ياشاپ، ئۇنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىگە قاتناشقان بۇ شەخسنىڭ ھايات پائالىيىتى ھەققىدە ھازىرچە ھېچقانداق تارىخىي مەلۇمات يوق. بۇ كىشى ئۆز ۋاقتىدىكى «ساغۇن»لۇق بولۇپ، كەلكۈن سۈدىن كېيىن ساغۇنلۇقلارنىڭ بىر قىسمى، جۈملىدىن غوجى ئالاۋۇددىن ئائىلىسىدىكىلەر ھازىر ئوگىتېرىق دەپ ئاتالغان يۇرتقا ماكانلىشىپ، بۇ جايغا دەپنە قىلىنغان بولۇشى ئېھتىمال.

دېمەك، غوجى ئالاۋۇددىن مۇھىم تارىخىي شەخس بولۇپ، ئۇنىڭ تەپسىلىي ھايات خاتىرىسى توغرىسىدا ئىزدىنىپ كۆرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## 2. غوجى قاسىم ئەلەمدار

ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىدا مۇنداق بىر كۇپلېت قوشاق بار:

ھەسسۇلتاندا بىر ئەلەم،
خۇدانىڭ قولىدا قەلەم.
ھېچ بەندىگە كەلمىسۇن،
ماڭا كەلگەن دەرد ـ ئەلەم.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تۇغ ـ ئەلىمىنى تۇتۇپ جەڭگە كىرگەن غوجى قاسىم ئەلەمدار ھازىرقى سۇتۇق بۇغراخان جامەسى چوڭ دەرۋازا ئالدىدىكى مەيداننىڭ شەرقىي شىمالىي تەرىپىگە دەپنە قىلىنغان. بۇ جايدا تەخمىنەن بەش مو يەر دائىرىسىدە

چاسا شەكىلدە بولغان. كېيىنكى كىشىلەر بۇ تۈغ - ئەلەملەرنى «لەۋھە» دەپ ئاتىغان، شۇنىڭ بىلەن يېڭىسار ناھىيە بازىرىنىڭ نامى «لەۋھە» تەلەپپۇزىدىكى «لاۋا»غا ئۆزگەرگەن. ھازىرمۇ يېڭىسار ناھىيە بازىرىدىكى ئاھالىلەر «لاۋالىق» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەرقايسى يېزىلاردىكى كىشىلەر ناھىيە بازىرىغا كىرمەكچى بولسا، ئەجدادلىرى ئاتاپ كەلگىنى بويىچە «لاۋاغا كىرىمىز» دەيدۇ.

2) يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەلۇماتىغا كۆرە، ئەلەمدار — قوشۇن سەپلىرىنىڭ ئالدىدا «ئەلەم كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان يول باشچى» دېگەنلىك. بۇنىڭدىن، ئەلەمدار — غوجى قاسىمغا بېرىلگەن لەشكىرىي نام ئىكەنلىكىنى بىلىمىز. لېكىن، قاراخانىيلار تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلار بايراق - ئەلەم ھەققىدە توختالغاندا، غوجى قاسىم ئەلەمدارنىڭ قاراخانىيلار قوشۇنى ئالدىدا ئەلەم كۆتۈرۈپ ماڭغانلىقىدەك كونكرېت تارىخىي پاكىتنى ئېغىزغا ئالمىغان. شۇڭا، بۇ تارىخىي شەخس تارىخ بېتىگە يېزىلىشى لازىم.

### 3. غوجى نەجمىددىن قەلەمدار

غوجى نەجمىددىن قەلەمدار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان جامەسى چوڭ دەرۋازا ئالدىدىكى مەشھەد چوڭ يولىنىڭ لېۋىگە دەپنە قىلىنغان. بۇ كىشى دۆلەت ئىشلىرىنى قەلەم بىلەن باشقۇرۇشتا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىشەنچلىك سىرداشى ۋە يارۆلەكچىسى ئىكەنلىكى، ئېھتىمالغا ئەڭ يېقىن.

رېشاد گەنج «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» ناملىق ئەسىرىنىڭ 338- بېتىدىكى «ئىنشا ئىشلىرى» ماۋزۇسى ئاستىدا بەرگەن مەلۇماتىدا مۇنداق يازغان: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇناسىۋەتلىك يېزىق ئىشلىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان خىزمەتچىنى

سۆزنىمۇ ئىشلەتكەنلىكى، ھەتتا بۇنىڭ ھەربىي ئۇنۋان سۈپىتىدە لەشكەرلەرگە بېرىلگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. مەسىلەن، مىلادىيە 1024- يىلى تەختكە چىققان يۈسۈپ قادىرخان دەۋرىدە خوتەندىن تېپىلغان قاراخانىيلارنىڭ ئەلىمىدىكى[1] خەتتە «مەلىكۇل مەشرىق» (شەرق ئەللىرىنىڭ ئىگىسى) دەپ يېزىلغان بۇ پەخرىي نامنى يۈسۈپ قادىرخانغا بەرگەن. مەھمۇد قەشقەرىمۇ بايراقنىڭ ئەرەبچە ۋارىئانتىنى «ئەلەم» دەپ يازغان».

رىشاد گەنجىنىڭ بۇ مەلۇماتىغا قارىغاندا، بايراق - ئەلەم — قاراخانىيلاردا ئوخشاش مەنىدە ئىشلىتىلگەن. بايراق - ئەلەمنى ھازىر تۇغ - ئەلەم دەپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئېيتقۇم كېلىدۇكى، قاراخانىيلار تارىخىنى تەتقىق قىلغان تەتقىقاتچىلار قاراخانىيلارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىگە دائىر بەزى كونكرېت مەسىلىلەرنى كۆرسەتمىگەن. مەسىلەن:



1) قاراخانىيلارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىنىڭ شەكلى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات بېرىلمىدى. تارىخىي مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا، مىلادىيە 977— 997- يىللىرىغىچە قاراخانىيلارنىڭ تەختىدە ئولتۇرغان ئەلى ئارسلانخان باشچىلىقىدىكى قوشۇن بىلەن خوتەن ئۇيغۇر بۇددىستلىرى ئوتتۇرىسىدا كۆپ جەڭلەر بولغان. ئاشۇ جەڭلەردە ھازىرقى يېڭىسار ناھىيىسىگە بارغان قاراخانىيلار لەشكەرلىرى كۆتۈرگەن تۇغ - ئەلەملەرنىڭ بەزىلىرى ئۈچ بۇلۇڭ، بەزىلىرى

[1] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى» 683- بەت.

ـىنىشى ئۈچۈن بۈيۈك خىزمەتلەرنى قىلغان. ئاسار ئەتىقە سۆپىتىدە 1000 يىللاردىن بېرى تۇرغان بۇ تارىخىي شەخسنىڭ قەبرىستانلىقى 90- يىللاردا مەشھەد يولىنى ياساش ۋە جامە چوڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى مەيداننى كېڭەيتىش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلى، تۈزلىنىپ مەيدان سەھنىسىگە قوشۇۋېتىلدى. غوجى نەجمىددىن قەلەمدار — قاراخانىيلارنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى تارىخىي شەخسلەرنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 4. قەشقەر شەھىرىنىڭ XI ئەسىردىكى شەھەر باشلىقى ھۈسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرى

قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسىغا بارىدىغان يولنى بويلاپ تۆمەن دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، جەنۇب تەرەپكە كۆز تىككەندە، قەشقەر شەھەرلىك سۇلياۋ زاۋۇتىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى قەدىمكى جامەنىڭ غەربىدە بىر مو ئەتراپىدا كېلىدىغان قەبرىستانلىق كۆزگە چېلىقىدۇ. قەدىمكى دەۋردە «بارىگاھ» دەپ ئاتالغان «ئەسكى ھېسار»[1] قەلئەسىنىڭ شىمالىدىكى پايناپ (كېيىنكى ئاتىلىشى) كەنتىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇشۇ قەبرىستانلىقتا ھۈسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرى دەپنە قىلىنغان.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»دا تىلغا ئالغان قەشقەرلىك ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرى، تەقۋادار ئىمام ئۇستاز

[1] ئەسكى ھېسار — ئابلىمىت روزى: «ئالىم مەھمۇد قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ماقالىسىدىن. «مەھمۇد قەشقەرى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى1985-يىل نەشرى130- بەت ئاستى ئىزاھات.

«بىتىگچى ئىلىمگاھ» دەپ تىلغا ئالغان... «بىتىگچى ئىلىمگاھ» شۇ ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئىدارىنىڭ رەئىسى بولۇپ، قول ئاستىدا باشقا بىتىگچىلەر ۋە تامغىچىلار بولۇشى مۇمكىن... «بىتىگچى ئىلىمگاھ» ھۆكۈمدارنىڭ سىرلىرىنى بىلگۈچى، سىرداش ئادىمى ھېسابلانغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدە «بەزى ھۆكۈمدار ئۆز سىرلىرىنى ئېيتىدىغان كاتىپنى ئىلىمگاھ بولىدۇ. ئەگەر سەن بىتىگچى ئىلىمگاھ بولساڭ، كۆڭۈل سىرىڭنى ياخشى ساقلا، ئاغزىڭدىن سۆزنى قاچۇرۇپ قويما» دېگەن. XII ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن تارىخچى نىزام ئارۇزى «... مۇھەممەت ئابدۇھ ئەلكاتىپ ئىسىملىك بىرى بۇغراخان ھارۇننىڭ شەخسىي خەت - چەكلىرىنى يازىدىغان، ئوقۇپ بېرىدىغان ئەلكاتىپ بولغان» لىقىنى يازغان»[1].

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئىككىنچى ئوغلى سۇلايمان ئارسلانخان مىلادىيە 977- يىلى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، قاراخانىيلارغا ئەلى ئارسلانخان خان بولغان. بۇ دەۋردە سۇلايمان ئارسلانخاننىڭ ئوغلى ھارۇن بۇغراخان ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئورۇن باسارى ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە ھۆكۈمدارنىڭ دۆلەتنى ياخشى باشقۇرۇشى ئۈچۈن، يېزىق ئىشىغا ئەھمىيەت بەرگەندەكلا، كاتىپلارغا بولغان ئېھتىياجىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى؛ ياخشى كاتىپ سىر ساقلاشنى بىلىشى، خېتى چىرايلىق ۋە مەزمۇنلۇق بولۇشىنى تەكىتلىگەن.

خۇلاسە قىلغاندا، غوجى نەجمىددىن قەلەمدار سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا ئەڭ يېقىن دۆلەت ئەربابى بولۇپ، ھەر جەھەتتە توشقان ئالىم. ئۇ قاراخانىيلار ھاكىمىيىتىنىڭ مۇستەھكەملى

[1] رېشاد گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»نىڭ 342- بېتىدە كەلتۈرۈلگەن نەقىل.

تىلغا ئالغان. تارىختىي مەنبەلەردە بولسا «ھۆسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ» دەپ تىلغا ئېلىنغان. ھەدىسشۇناس ئالىملارنىڭ تەرجىمىھالىدا يېزىلغان ۋە ئىشەنچلىك دەپ قارالغان «مىزانۇل ئىيتىدال» (ھەدىسشۇناسلارنىڭ تەرجىمىھالى)دا ئۇ «ئەڭ زىرەك ھۆسەيىن ئىبن ئەلى كاشغەرى» دەپ ئېلىنغان... جامال قارشى «سۇرراھ لۇغىتىنىڭ مۇل ھەقاتى» (قوشۇمچىسى)دا «ھۆسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرى» دېگەن.

دېمەك، «دىۋان»دا ھۆسەيىن دادىسى بولغان «ئەلى» سۆزى چۈشۈپ قېلىپ، ھۆسەيىن بوۋىسى ئۇنىڭ دادىسى قىلىپ قويۇلغان... ھۆسەيىننىڭ ئوغلى ئابدۇغاپپار ئاتتىن يىقىلىپ قازا قىلغاندا، ئۇنىڭ جەسىتى قەشقەر شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى «يەتتە قىبلە» دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. ئابدۇغاپپارنىڭ ئاتىسى ھۆسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپمۇ «يەتتە قىبلە» دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن...»

بۇنىڭدىن شۇنى چۈشەنگىلى بولىدۇكى، ھۆسەيىن قەشقەر-لىك ئەلى ئىسىملىك كىشىنىڭ ئوغلى. ئىسا غوجا ئىسىملىك ئاپتور يازغان «ئۆۋەيسلەر تەزكىرىسى» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى)نىڭ 665 — 667- بەتلىرىدە ئۇ ئۆز دەۋرىدە «ھامىدىيە» مەدرىسەسى يېنىدىكى جامەنىڭ ئىمامى، شۇنداقلا ئۆز دەۋرىدىكى خوتەن ئۇيغۇر بۇددىست قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭدە قاراخانىيلار پادىشاھىنىڭ قەشقەر شەھىرىگە تەيىنلىگەن ھاكىمى، قەشقەر شەھەر مۇداپىئەسىنىڭ باش قوماندانى بولغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇستازى بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرى زور ئىلمىي مەسىلىلەردە ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلغان.

ھۆسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرىنىڭ قەبرىگاھىغا قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش-

ھۈسەيىن توغرىسىدا بىرەر ـ ئىككى پارچە ماقالىدىن باشقا تەتقىقات ماقالىلىرىنىڭ ئېلان قىلىنغانلىقى بوگوڭگىچە بايقالمىدى. شۇڭا، بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىم ئاساسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزەمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرى تەخمىنەن ھىجرىيىنىڭ 398- يىلى (مىلادىيە 1007-، 1008- يىللىرى) قەشقەر شەھىرىدىكى ئەلى ئىسىملىك ئوقۇمۇشلۇق زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ھىجرىيىنىڭ 485- يىلى (مىلادىيە 1093- يىلى) ماھى رەجەپنىڭ بىر پەيشەنبە كۈنلۈكى نامازدىگەر ۋاقتىدا باقىي ئالەمگە سەپەر قىلغان. كىشىلەر بۇ زاتنى «ھۈسەيىن پەيزۇللا غوجام» نامى بىلەن بوگوڭگىچە ياد ئېتىپ، ئۇنىڭ مەقبەرىسىگە دۇئا ـ تەكبىر، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ كەلمەكتە. ھۈسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرى توغرىسىدا ئەڭ بۇرۇن يازما مەلۇمات قالدۇرغان كىشى ئۇنىڭ شاگىرتى مەھمۇد قەشقەرى بولۇپ، ئۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى»1- توم 456- بەتتە: «قەشقەرلىك خەلەپ ئوغلى تەقۋادار ئىمام ئۇستاز ھۈسەيىننىڭ ئىبنۇل غەرقى دېگەن كىشىدىن ئاڭلاپ، ماڭا ئېيتىپ بېرىشىچە....» دەپ يازغان.

مەشھۇر دىنىي ئالىم مۇھەممەت سالىھ قارىيھاجىم « ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›نىڭ مۇقەددىمىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»[1] ناملىق ماقالىسىدە بۇ ھەقتە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازغان: «... مەھمۇد قەشقەرى ‹دىۋان›دا ‹ھۈسەيىن بىن كاشغەرى›، يەنى ‹قەشقەرلىك خەلەپ ئوغلى ھۈسەيىن› دەپ

[1] مۇھەممەت سالىھ داموللاھاجى: « ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›نىڭ مۇقەددىمىسى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 2004- يىل 1- سان.

خەزىنىسى» دىكى دىنىي، تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى زور ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ ئۆزلەشتۈرگەن ھەمدە «مەدرىسەئى ساجىيە» ئالىملىرىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۆزى ئوقۇغان بۇ مەدرىسەدە مۇدەررىسلىك قىلغان.

ئۇزاق مۇددەت مۇدەررىسلىك ۋە مەمۇرىي خىزمەت بىلەن مەشغۇل بولغان ھۇسەيىن ئۆيلىنىش يېشىدىن ئاللىقاچان ئۆتۈپ كېتىپ، ئوتتۇرا ياشلىق كىشىگە ئايلانغان. بۇ ھال قەشقەردىكى ئەربابلار ۋە ئالىملارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ، ئۇلار ھۇسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرىگە ئۆيلىنىش تەكلىپىنى بەرگەن، ئۆز بىلىمىنى پەرزەنتلىرىگە مىراس قالدۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بايان قىلىشقان. شۇنىڭ بىلەن ھۇسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرى ھىجرىيىنىڭ 439- يىلى (مىلادىيە 1047-، 1048- يىللىرى) تەخمىنەن 40 يېشىدا ئۆيلىنىپ، بەش يىلدىن كېيىن پەرزەنت يۈزى كۆرگەن.

تارىخىي مەنبەلەردە كۆرسىتىلىشىچە، ھۇسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرى «ساجىيە»دە ئۇزاق يىل مۇدەررىسلىك قىلىپ، ياشانغان ۋاقتىدا ھەج سەپىرىگە تەرەددۇت قىلغان. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قاراخانىيلارنىڭ پادىشاھى ئەبۇل ھەسەن تاۋغاچ بۇغراخان (مىلادىيە 1075 — 1102- يىللىرىغىچە تەختتە ئولتۇرغان) ئوردا ئالىملىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئىززەت - ھۆرمەت يۈزىسىدىن ھۇسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرىنى 80 نەپەر شاگىرتى بىلەن ھەجگە ئۇزاتقان. ھۇسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرى ھەجنىڭ ئالدى - كەينىدە مىسىرنى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلغان. ئۇ ھەجنى تاماملاپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندە، يېشى 80دىن ھالقىغان ۋە كۈچ - قۇدرەت، ئەقىل - ئىقتىدار جەھەتتە ئاجىزلىغان. شۇڭا،

باشقۇرۇش ئورنى تەرىپىدىن ئورنىتىلغان تاختايدا، ھۈسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشىغەرى XI ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان مەشھۇر ئەللامە (دوكتور)، پېداگوگ بولۇپ، ئۆز ھاياتىدا قەشقەر شەھەر مۇداپىئە قوماندانلىق ئورنىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، شەھەر باشلىقى، ئوردىنىڭ ئىلمىي ئىشلار مەسلىھەتچىسى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۆتىگەنلىكى تونۇشتۇرۇلغان.

ئىپسا غوجا «ئۇۋەيسىلەر تەزكىرىسى» ناملىق كىتابىدا، ھۈسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ ھەققىدە قىسقىچە خەۋەر بەرگەن. مەزكۇر ئاپتور ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن شەمئانى يازغان «كىتابۇل ئەنساب»تىن پايدىلانغان بولۇشى مۇمكىن. «كىتابۇل ئەنساب»تا قاراخانىيلار دەۋرىگە تەئەللۇق قارىلىق، مۇدەررىسلىك، خاتىپلىق، ھەتتا شاھلارغا ئۇستازلىق قىلغان ئالىملار تونۇشتۇرۇلغان. قەيت قىلىنىشىچە، ھۈسەيىن پەيزۇللانىڭ دادىسى ئەلى قەشقەردىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىدىن بىرىنىڭ قىزى بولغان سەلىمەگە ئۆيلىنىپ، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي مەلۇم سەۋەب بىلەن سۈرىيىگە چىقىپ كەتكەن. بۇ كىشىنىڭ ئەجدادى سۈرىيىنىڭ ھەلەپ شەھرىدىن بولۇشى مۇمكىن. ھۈسەيىن دادىسى كېتىپ، ئۈچ ئايدىن كېيىن تۇغۇلغان. ئانىسى ئۇنى ياخشى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە، قەشقەردىكى دىنىي مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە قۇرئان ساۋاتىنى چىقارغان، كېيىن ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى مەشھۇر بىلىم يۇرتى «مەدرىسەئى ساجىيە»دە ئوقۇتقان. XIV ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخچىسى جامال قارشىنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «مەدرىسەئى ساجىيە» شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ كاتتا ئىلىم خەزىنىسى بولۇپ، ھۈسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشىغەرى ئۆز ئۇستازلىرىدىن دەرس ئېلىشتىن سىرت، يەنە «ئىلىم

يۈتكەپ دەپنە قىلىنغان.

ھۇسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرى مىلادىيە 1008— 1093- يىللارغىچە 85 يىل ياشىغاچقا، قاراخانىيلارنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدىكى تۈرلۈك ۋەقەلەرنى ئۆزى كۆرگەن ۋە بىۋاسىتە ئاڭلىغان، مەھمۇد قەشقەرى ۋە باشقا تارىخىي شەخسلەر بىلەن زامانداش بولغان. ئۇ مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇستازى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ دەۋردىكى نۇرغۇنلىغان دۆلەت ئەربابلىرى ۋە ئىلىم پېشىۋالىرىنىڭمۇ ئۇستازى بولغان.

## 5. قاراخانىيلار تارىخچىسى ئۇبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھۇسەيىن كاشغەرى

ئۇبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھۇسەيىن كاشغەرى يازغان «قەشقەر تارىخى» ۋە «ئۇستازلارنىڭ توپلانغان يېرى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرلەر شەمئانى ۋە XIV ئەسىردىكى مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى جامال قارشىنىڭ ئەسەرلىرى ئارقىلىق بايقالدى.

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان ئىككى بۈيۈك ئەسەر، يەنى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشكەن چەت ئەل ئالىملىرى ۋ. ۋ. رادلوۋ (1837— 1918)، ئا. ئا. ۋالىتوۋا، رېشاد گەنج، كاپسوغلۇ، ئەمىر نەجىپ، ر. ئارات، شۇنىڭدەك ئېلىمىز ئالىملىرىدىن فىڭ جياشېڭ، ۋېي لياڭتاۋ، ليۇ زىيشاۋ، ھاجى نۇرھاجى... قاتارلىقلار ئۆز تەتقىقاتىغا XIV ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخچىسى جامال قارشىنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان «سۇرراھ لۇغىتىنىڭ تولۇقلىمىسى» ناملىق ئەسىرىدىن مەلۇمات ئېلىپ، بۇ ئەسەردە

مۇدەررىسلىكنى توختىتىپ، تۆت يىل ئىبادەت بىلەن شۇغۇللانغان.

«ئۇۋەيسلەر تەزكىرىسى»نىڭ 660- بېتىدە ئېيتىلىشىچە، قەشقەردىكى ئۆلىمالار ھۆسەيىن ئىبىن ئەلى ئىبىن خەلەپ كاشغەرىگە تەكلىپ بېرىپ: «... سىزگە ئاللا ئاتا قىلغان بىلىمنى باشقىلارغا ئۆگىتىڭ. سىزنىڭ شاگىرتلىرىڭىز ئىلىم ۋارىسلىرىدىن بولۇپ، باشقىلارغا ئۆگەتسۇن. بۇنىڭ ساۋابى تاكى قىيامەتكىچە بولىدۇ» دېگەن. ئۇ: «مەن قېرىپ قالدىم، ھالىم - كۈچۈم بۇرۇنقىدەك ئەمەس، شۇڭا ھەپتىدە بىر كۈنلا دەرس بېرەي. دەرس ئالغۇچىلار ھەر ھەپتىنىڭ پەيشەنبە كۈنى ھۇزۇرۇمغا كىرسۇن» دېگەن. سۆھبەت سورۇنىدىكى بىرەيلەن دەرس بېرىشكە نېمە ئۈچۈن پەيشەنبە كۈنىنى تاللىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «مېنىڭ ۋاپاتىمدىن كېيىن، كىمدەكىم 48 پەيشەنبە قەبرەمگە كېلىپ ‹سۈرە ياسىن›نى ئوقۇپ مېنىڭ روھىمغا دۇئا قىلسا، ئاللاتائالا ئۇ كىشىگە ئىلىم ئاتا قىلغاي. شۇڭا، بۇ كۈننى دەرس ئۆتىدىغان كۈن قىلدىم» دېگەن. شۇنىڭ بىلەن سۆھبەت ئەھلى ئۇنىڭغا ئۇزاق ئۆمۈر تىلەپ دۇئا قىلغان.

ھەرقايسى دەۋردىكى ياش ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار قەشقەر ئالىملىرىنىڭ كامالەتكە يەتكەن پېشۋاسى ھۆسەيىن ئىبىن ئەلى ئىبىن خەلەف كاشغەرىنىڭ قەبرىگاھىنى «ھۆسەيىن پەيزۇللا غوجام» دەپ ئاتاپ، قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ كەلگەن. بۇ قەبرىگاھ ئازادلىقتىن كېيىن بىكتۇەن مۇستەقىل 3- ئاپتوموبىل ئەترىتى قۇرۇلۇش قىلغان دائىرىدە بولغانلىقتىن، 80 - يىللاردا ھۆسەيىن پەيزۇللا غوجام جامەسىنىڭ خاتىپى ×× نىڭ تەشەببۇسى بىلەن ھۆسەيىن ئىبىن ئەلى ئىبىن خەلەف كاشغەرىنىڭ قەبرىسى ئېچىلىپ، سۆڭەك جەسىتى «ئاپپاق خوجا» قەبرىستانلىقىغا

تۇتۇپ، ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھۈسەيىن كاشغەرىنىڭ ھايات پائالىيىتىگە ئائىت يۈزە تەتقىقاتىمنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنىمەن.

«ئۆۋەيسلەر تەزكىرىسى»دە كۆرسىتىلىشىچە، XI ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن تارىخچى ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھۈسەيىن كاشغەرى مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇستازى ھۈسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. دادىسى ئۇنى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە دىنىي مەكتەپكە بەرگەن ۋە قۇرئان ساۋاتىنى چىقارغان. دادىسى ئۇنىڭ ئىلىمگە زور ئىشتىياق باغلىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، «ئوبۇل پۇتۇھ» دېگەن تەخەللۇسنى قويغان ۋە «ساجىيە مەدرىسەسى»گە ئوقۇشقا بەرگەن. ئابدۇغاپپار ئىبن ھۈسەيىن كاشغەرى «ساجىيە مەدرىسە»دە ئوقۇتۇلىدىغان بارلىق دەرسلەرنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۇستازلىرىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىغان، بولۇپمۇ تارىخ بىلىملىرىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلاپ، ئۆز دەۋرىدىكى نوپۇزلۇق تارىخىي كىتابلارنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن. ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھۈسەيىن كاشغەرىنىڭ ھەر كۈنلۈكى دىنىي كىتابلارنى كۆرۈش ۋاقتىدىن تارىخ كىتابلىرىنى كۆرۈش ۋاقتى ئۇزاق بولغان. ئۇ «ساجىيە مەدرىسەسى»دىكى تارىخقا ئائىت بارلىق كىتابلارنى كۆرۈشتىن سىرت، دادىسى ئارقىلىق نۇرغۇن تارىخىي بىلىملەرنى بىۋاسىتە ئۆگەنگەن ۋە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋە ئۆتۈۋاتقان زور تارىخىي ۋەقەلەرنى خاتىرىلەپ ماڭغان. كۆپلىگەن تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، دىنىي ئالىملارنىڭ ئەھۋالى يېزىلغان كىتابلارنى جىددىي توپلىغان، ئاخىرىدا تارىخ يېزىش ئىستىكى بارلىققا كەلگەن. يېقىنقى ۋە ھازىرقى زامان تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ

تىلغا ئېلىنغان «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسەردىكى ئۆزگىچە خاراكتېرلىك تارىخىي مەلۇماتلاردىن پايدىلىنىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ تارىخىغا ئائىت ئەسەرلىرىنى مەيدانغا چىقارغان.

ئۇيغۇر تارىخچىسى جامال قارشىنىڭ ئەرەب تىلىدا يازغان «سۇرراھ لۇغىتىنىڭ تولۇقلىمىسى» ناملىق ئەسىرىنىڭ تارىخىي چىنلىق جەھەتتىن بەك يۇقىرى بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، XI ئەسىردە قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىجتىمائىي مۇھىتىدا ياشاپ، نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبىن ھۇسەيىن كاشىغەرىنىڭ تارىخىي چىنلىق جەھەتتىن يۇقىرى بولغان «قەشقەر تارىخى» دىكى ئاساسىي مەلۇماتلارنى، جامال قارشى ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن. جامال قارشىنىڭ ئەسلىي ئىسمى ئوبۇل پەزلى ئىبىن مۇھەممەد بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىسى بالاساغۇنلۇق. جامال قارشى ئالمالىقتا (ئىلىدا) تۇغۇلۇپ، ئىجادىي پائالىيىتىنى قەشقەردە ئۆتكۈزگەن. ئۇ قەشقەردە تۇرغان مەزگىلىدە «ساجىيە مەدرىسەسى»دە كۆپلىگەن ئالىملار، ئەدىبلەر، تارىخچىلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولغان، جۈملىدىن «قەشقەر تارىخى» ناملىق ئەسەرنى قولغا كەلتۈرگەن.

شەمئانى ئىسىملىك تارىخچى ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبىن ھۇسەيىن كاشىغەرىنىڭ «مۇجەممەئۇششۇرىخ» (ئۇستازلارنىڭ توپلانغان يېرى) ناملىق ئەسىرىنى تاپقان. ئەپسۇسكى، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى بۈيۈك تارىخىي ئەسەر تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھازىرقى دەۋرگە يېتىپ كېلەلمىدى، ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبىن ھۇسەيىن كاشىغەرىنىڭ ھايات پائالىيىتىنى تونۇشتۇرغان بىرەر پارچە ئىلمىي ماقالىمۇ كۆزگە چېلىقمىدى. مەن بۇ ھەقتىكى تارىخىي مەلۇماتلارنىڭ ئىنتايىن كەملىكىنى نەزەردە

توغرۇل قاراخان يۇسۇپنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلگەن. ئۇ: «بۇ پادىشاھنىڭ قىزىكەن، ماڭا تەگمەسلىكى مۇمكىن. لېكىن، نائۇمىد بولمىغىنىم تۈزۈك» دەپ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ قايتقان. كۆڭلەر ئۆتكەنسېرى، بۇ قىزنىڭ ئوبرازى كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئاخىر بۇ سىرنى يېقىن ساۋاقداشلىرىغا ئېيتىپ، ئۇلاردىن مەسلىھەت سورىغان. ساۋاقداشلىرىنىڭ بەزىسى «بۇ قىز پادىشاھنىڭ قىزىكەن، سىلىگە نېسىپ بولماسمىكىن» دېگەن. ئارىدىن بىرسى «بۇرادەرلەر، ماڭا بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ. توغرۇل قاراخان يۇسۇپ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ پۇشتى. شۇڭا، ئۆزلىرى ئاتۇشقا بېرىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ تونەپ، بۇ مەقسەت يۈزىسىدىن ئاللاغا قول كۆتۈرۈپ ئىلتىجا قىلىپ باقسىلا، ئاللا دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلسا ئوڭايلىق بولارمىكىن» دېگەن.

بۇ پىكىر ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبنى ھۇسەيىن كاشغەرىگە مۇۋاپىق كېلىپ، دادىسىدىن رۇخسەت ئېلىپ، ئاتۇشتىكى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ مەقبەرىسىدە ئۈچ كۈن تونەپ، ئاللاغا ئىلتىجا قىلغان. تۆتىنچى كۈنى كېچىدە كۆرگەن چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ساھابىلەر بىلەن كېلىپ توغرۇل قاراخان يۇسۇپنىڭ قىزىنى ئابدۇغاپپارغا نىكاھ قىلىپ قويۇپ غايىب بولغان، ئويغىنىپ قارىسا چۈشىكەن.

ئاشۇ كېچىسى ئوخشاشلا شاھنىڭ قىزىمۇ چۈش كۆرگەن. چۈشىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ساھابىلەر بىلەن كېلىپ، بۇ قىزنى ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبنى ھۇسەيىن كاشغەرىگە نىكاھ قىلىپ، بېشىدىن بىر چاڭگال خورمىنى چېچىپ غايىب بولغان، قىز ئويغىنىپ قارىسا چۈشى ئىكەن. قىز دەرھال شاھ دادىسىغا كىشى ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كەلگەن. شاھ

ئەسەرلىرىدە قەيت قىلىنغان قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە خانلارنىڭ ئائىلە نەسەبنامىسى ھەققىدىكى مەلۇماتلارنىڭ كۆپچىلىكى «قەشقەر تارىخى»دىكى مەلۇماتلارنىڭ تەكرارلىنىشىدىن ئىبارەت. ئوبۇل پۇتوھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھوسەيىن كاشغەرىدىنىي، ئەدەبىي ۋە تارىخىي بىلىملەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، كۆپ مەلۇماتلارنى توپلىغان مەزگىلدە ئۆيلىنىش يېشىغا يېتىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ قەشقەردىكى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان يوسۇپ قادىرخاننىڭ چوڭ ئوغلى توغرۇل قاراخان يوسۇپ (1059— 1075- يىللىرى تەختكە ئولتۇرغان)نىڭ قىزىغا ئۆيلەنگەن[1]. ئۇ شاھ كۈيئوغلى سۈپىتىدە ئۆزىنىڭ ئىلمىي ئەمگىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملاشتا زور شەرت - شارائىتقا ئېرىشكەن. «ئۈۋەيسلەر تەزكىرىسى»نىڭ 660- بېتىدە، ئوبۇل پۇتوھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھوسەيىن كاشغەرى توغرۇل قاراخان يوسۇپنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش جەريانى توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت بار:

ئوبۇل پۇتوھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھوسەيىن كاشغەرى يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، باشقا تالىپلار بىلەن بىرلىكتە دادىسى ھوسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشغەرىدىن دەرس ئېلىپ بولۇپ، تالىپلار بىلەن بىرلىكتە سەيلە قىلىپ كېلىش ئۈچۈن مەدرىسەدىن چىقىپ تۈمەن دەرياسىنى بويلاپ سەيلە قىلىۋېتىپ، توغرۇل قاراخان يوسۇپنىڭ تەختى ئورۇنلاشقان قەشقەر شەھىرى ئىچىدىكى، بۈگۈنكى كۈندە «كونا ئوردا» دەپ ئاتالغان ئوردا يېنىغا كېلىپ قالغان. ئۇ ئوردىنىڭ دەرۋازىسى ئىچىدىكى گۈللۈك باغدا بىر ساھىبجامال قىزنىڭ سەيلە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، باشقىلاردىن سوراشتۇرۇپ، بۇ قىزنىڭ

---

[1] لى جىنشىن: «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003- يىل نەشرى 40- بەت.

«ئۇۋەيسلەر تەزكىرىسى»نىڭ 667- بېتىدە ئېيتىلىشىچە، ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھۇسەيىن كاشىغەرى ئۇزاق ئۆمۈر كۆرەلمىگەن، بۇنىڭغا مۇنداق بىر ھادىسە سەۋەب بولغان. بىر كۈنى ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھۇسەيىن كاشىغەرى دادىسى ھۇسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشىغەرىدىن دەرس ئېلىۋاتقاندا، شاھ توغرۇل قاراخان يۇسۇپتىن خەۋەرچى كەلگەن. ئۇ ھۇسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشىغەرىگە سالام بەرگەندىن كېيىن: «شاھ بۈگۈن ئوۋ ئوۋلىغىلى چىقىدىكەن، شۇڭا ئوغلىڭىز ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپارنى چاقىرىپ كېلىڭ، بىرلىكتە ئوۋغا چىقايلى» دېگەن، دەيدۇ. ھۇسەيىن ئىبن ئەلى ئىبن خەلەپ كاشىغەرى ئۇ كىشىگە: «بالامنىڭ ئوقۇيدىغان دەرسى تۈگىمىدى، شاھقا ئېيتىڭ، بارالمايدۇ» دېگەن. ئۇ خەۋەرچى كېتىپ ئارقا-ئارقىدىن ئىككى خەۋەرچى كېلىپ، يۇقىرىقى گەپنى تەكرارلىغان. ئوبۇل پۇتۇھ «مەن شاھنىڭ كۈيئوغلى تۇرسام، شاھ چاقىرسا بارمىسام بولمىغۇدەك» دەپ، كىتابنى ياپقان. دادىسى: «ئوغلۇم، شاھ ئۈچ قېتىم چاقىردى، سىز بېرىڭ» دېگەن. ئۇ دەرھال شاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ سالام بېرىپ، شاھ بىلەن بىرلىكتە ئات مىنىپ ئوۋغا چىققان. ئوۋ ئوۋلاۋېتىپ ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھۇسەيىن كاشىغەرى ئاتتىن يىقىلىپ جان ئۈزگەن ۋە «ئەسكى ھېسار»نىڭ شىمالىدىكى «خانلىق قەبرىستانلىقى» دىكى «يەتتە قىبلە» دېگەن جايغا دەپنە قىلىنغان. كىشىلەر ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھۇسەيىن كاشىغەرىنىڭ قەبرىگاھىنى «ئىلمى ئاتا غوجام» نامى بىلەن ئەسلەپ كەلمەكتە. «ئۇۋەيسلەر تەزكىرىسى»گە ئاساسلانغاندا، بۇ قەبرىگاھ ھازىرقى قەشقەر شەھەرلىك مۇھىت ئاسراش ئىدارىسىنىڭ ئورنىغا توغرا كېلىدۇ.

قىزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، قىزى بۇ چۆشنى دادىسىغا ئېيتقان. شاھ توغرۇل قاراخان يۈسۈپ بۇ چۈشتىن ھەيرانلىق ھېس قىلىپ، ئەتىسى ئوردىغا قەشقەردىكى ئاتاقلىق دىنىي ئالىم، چۈش ئۆرۈگۈچىلەرنى چاقىرتىپ كېلىپ، بۇ چۈشنى ئېيتىپ مەسلىھەت سورىغان. ئوردىدا قىزغىن مۇنازىرە بولۇپ، بەزى ئالىملار «بۇ نىكاھ ھېساب» دېسە، بەزى ئالىملار «ھېساب ئەمەس» دېگەن. ھېساب دېگۈچىلەر بىلەن ھېساب ئەمەس دېگۈچىلەر مۇنازىرىلىشىپ، ئاخىر قايتا نىكاھ قىلىش پىكرىگە كەلگەن ۋە قايتا نىكاھ ئەھدىسىنى ئوقۇتۇپ، قەشقەر خەلقىگە ئۈچ كېچە - كۈندۈز كاتتا خانقىز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ، مەرىكىدە «بۇغرا ئاش» بېرىلگەن.

بۇ رىۋايەت دىنىي تۈسكە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھۈسەيىن كاشغەرىنىڭ توغرۇل قاراخان يۈسۈپنىڭ قىزىنى ئالغانلىقى تارىخىي چىنلىققا يېقىن. ئۇ شاھ قىزىغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئوردا ئىچىگە ئەركىن كىرىپ - چىقالايدىغان، ئوردا ئىچىدىكى كۆتۈپخانىدا ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك تارىخىي ھۆججەت ۋە باشقا ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولغان. ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن ھۈسەيىن كاشغەرى كۆپ يىللار ئىزدىنىپ توپلىغان ماتېرىياللىرى ۋە ئوردا ئىچىدىكى ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، تارىخىي چىنلىقى يۇقىرى بولغان «قەشقەر تارىخى» ۋە «ئۇستازلارنىڭ توپلانغان يېرى» ناملىق ئىككى بۈيۈك ئەسەرنى ۋە بىزگە مەلۇم بولمىغان باشقا ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان. بۇ ئىككى ئەسەر يېزىلىپ تاماملانغاندىن كېيىن، ئۆز دەۋرىدىكى ئىلىم نوپۇزلۇقلىرى تەرىپىدىن يۇقىرى باھالىنىپ، ئۇ قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلۇپ، ئۆز زامانىسىدىكى زىيالىيلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان.

‹خانى شەھىد›نى تۇتۇپ، شۇ جايدا بوغۇزلاپ ئۆلتۈردى».

دېمەك، غوجى مۇزەپپەر ئارتۇچى سەئىدىيە خانلىقىنىڭ سۇلتانى ئەخمەتخان ئوردىسىدا يۇقىرى مەنسەپ تۇتقانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭ هايات خاتىرىسى ھەققىدە داۋاملىق ئىزدىنىش زۆرۈر.

## 7. ئالىمبەگ ئارتۇچ

«چىڭگىزنامە»نىڭ 130- بېتىدە مۇنداق يېزىلغان: «ئەخمەتخان شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى ئابدۇللەتىپخان تەختكە چىققاندا، قەشقەرگە قارى مىرمۇھەممەت رىزا ساداتنى يەكەن خانلىقىغا بويسۇنۇش توغرىسىدا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. قەشقەردە ئاپاقخان خان ئىدى. بۇلار يىغىن ئاچتى، يىغىنغا مۇھەممەت يۇسۇپ مىرزا، بارلاس مىرزا، ئالىمبەگ ئارتۇچ... قاتارلىق كىشىلەر قاتناشتى...»

يۇقىرىقى باياندىن ئالىمبەگ ئارتۇچنىڭ قەشقەردە خىزمەت قىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. بۇ تارىخىي شەخس توغرىسىدا يەنىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىش زۆرۈر.

## 8. ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇرېھىم ئېكىساقى ۋە ئۇنىڭ بىر پارچە نەزمى

شائىر ئابدۇرېھىم ئېكىساقىنىڭ قەشقەردىكى ياقۇپبەگ تۈرمىسىگە قامىلىپ، تۈرمىدە يازغان ياقۇپبەگنىڭ زۇلمى توغرىسىدىكى نەزمىسى ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، بەزى زىيالىيلار «خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ» دېگەچكە، بۇ نەزم توغرىسىدا بىر مەزگىل جىمىپ كېتىشتەك

تارىخ تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن هۇسەيىن كاشغەرىنىڭ دادىسىدىن بۇرۇن ياكى كېيىن ۋاپات بولغانلىقى توغرىسىدىكى قارىشى ئوخشاش ئەمەس. مەسىلەن، هاجى نۇرهاجى «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 125- بېتىدە: «ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن هۇسەيىن كاشغەرى مىلادىيە 1098- يىلى ۋاپات بولغان» دەپ كۆرسەتكەن. ۋېي لياڭتاۋ «قاراخانىيلار سۇلالىسى تارىخىدىن بايان» دېگەن ئەسىرىدە: «ئوبۇل پۇتۇھ ئابدۇغاپپار ئىبن هۇسەيىن كاشغەرى دادىسىدىن بۇرۇن ۋاپات بولغان» دەپ يازغان.

## 6. غوجى مۇزەپپەر ئارتۇچى

سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى (1514— 1682) گە ئائىت موللا مىرسالىه كاشغەرىنىڭ «چىڭگىزنامە» ناملىق ئەسىرىدە، غوجى مۇزەپپەر ئارتۇچى ھەققىدە تۆۋەندىكى قىسقا مەلۇمات بېرىلگەن: «سەئىدىيە سۇلتانلىقىنىڭ سۇلتانى ئابدۇرېشىتخاننىڭ 5- ئوغلى مۇھەممەتخان ھىجرىيە 1018- يىلى (1609-، 1610- يىللىرى) ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى ئەخمەتخان تەختكە ئولتۇردى. ئەخمەتخان‹خانى شەھىد› دەپ ئاتالغان. ئۇ شىكارغا چىقىپ، بارچۇق (مارالبېشى) دىكى ئوتۇنچىلىقنىڭ ئايىغىدا قونۇپ قالدى. غوجى مۇزەپپەر ئارتۇچى خان قېشىدا بولۇپ، خانغا مەخسۇس قاراۋاتاتتى. كېچىدە ‹خانى شەھىد›كە قارشى كۆچلەر-دىن ئوبۇل مۇئانى گۇمراھ ۋە شاھ مۇھەممەت قاسىم باشلىق 100 نەپەر قوراللىق كىشى بۇ يەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى. ئوق ئېتىلىپ كۆپ كىشى يارىلاندى، غوجى مۇزەپپەر ئارتۇچىمۇ يارىلاندى...

كېيىن ئېكىساقتىكى مەھەللە مەدرىسەسىدە ئوقۇپ، كېيىن قەشقەر «لايپەشتاق مەدرىسەسى»دە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە ئىسيانكار نەزم يېزىپ تارقاتقاچقا، مەدرىسەدىن ھەيدەلگەن. ئابدۇ. رېھىم موللا قەشقەر شەھىرى تاربوغوزلۇق بىر قىزنى ئەمرىگە ئېلىپ، ئۆي - ئوچاقلىق بولغان، جەمئىيەتتىكى تەڭسىزلىككە، بەدۆلەت (ياقۇپبەگ)نىڭ زۇلمىغا قارشى نۇرغۇن نەزم يازغان، بەدۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئېكىساقتىكى مەھەللە مەدرىسەسىگە مۇدەررىس بولغان ۋە شۇ جايدا ۋاپات بولغان» دېگەن».

3) 1983 - يىلى قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن مەن مەرھۇم ئىمىرھۇسەيىن قارىھاجىمنىڭ ئۆيىگە پەتىگە كىردىم. ھېيتلىق داستىخان ئۈستىدە ئىمىرھۇسەيىن قارىھاجىم بىلەن ئولتۇرۇپ، ياقۇپبەگنىڭ زۇلمى ھەققىدە پاراڭلىشىپ قالدۇق. ئۇ ماڭا مۇنداق دېگەن: «ياقۇپبەگ زامانىدا ئۇستۇن ئارتۇچ ئېكىساقلىق ئابدۇرېھىم دېگەن شائىر قانداقتۇر بىر سەۋەب بىلەن تۈرمىگە تاشلانغان. ئۇ بىگۇناھ قامالغانلىقىغا غەزەپلىنىپ، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاخىر گۇمران بولىدىغانلىقى ھەققىدە مۇنداق نەزم يازغان ئىكەن» دەپ، ئوقۇپ بەرگەن نەزمنى مەن خاتىرىلىۋالغان.

دېمەك، ئابدۇرېھىم ئېكىساقنىڭ بىر بۆلۈك نەسرىي ۋە نەزمىي ئەسەرلىرى ئىمىرھۇسەيىن قارىھاجىمدا ساقلىنىۋاتقانلىقىنى قىياس قىلالايمىز. ئابدۇرېھىم ئېكىساقى تەخمىنەن 50 يېشىدا بەدۆلەتنىڭ تۈرمىسىگە تاشلانغان دەپ قارىساق، 1876 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ سان بويىچە ھېسابلىغاندا، 1826 - يىل تۇغۇلغان بولىدۇ. ئۇ 1896 - يىلى 76 يېشىدا ئېكىساقتا ۋاپات

ئەھۋال يۈز بەردى. مەن بۇ ھەقتە ئەھۋال بىلىدىغان مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىپ، بەزىبىر يىپ ئۇچىغا ئىگە بولدۇم. ئوقۇرمەنلەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ تېخىمۇ ئەتراپلىق ئىزدىنىشى ئۈچۈن، ئازغىنە بولسىمۇ ياردىمى بولار دېگەن ئۈمىدتە بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشىمنى بايان قىلىمەن.

1) 1980- يىللاردا ئېكساق باشلانغۇچ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە «ئېكساق مائارىپ تەزكىرىسى»نى يېزىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان. مەكتەپ مۇدىرى «يۇرتتىكى پېشقەدەم كىشىلەر ئابدۇرېھىم ئېكساقى ئىسىملىك شائىر ئېكساقتا ئۆتكەن» دېگەنلىكىنى ماڭا سۆزلەپ بەرگەن.

2) قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىنىڭ مائارىپ سېپىدە ئىشلەۋاتقان يالقۇن ئەپەندى بۇ ھەقتە تۆۋەندىكىلەرنى سۆزلەپ بەردى: «مەن 1983- يىلى كونىشەھەر مائارىپ سېپىگە خىزمەتكە چىقىپ، 1984- يىل 5- ئايلاردا ‹غوجام كۆلبېشى› دىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسام، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ كۆلنى چېپىۋاتقان ئىكەن. كۆل بېشىغا بارسام، كۆلنىڭ لېۋىدە ئولتۇرغان سەللىلىك دىنىي ئۆلىمالارغا كۆزۈم چۈشتى. مەن بىرھازا ئۇلارغا قاراپ تۇرۇپ قاپتىمەن. ئارىدىن بىر سەللىلىك كىشى ‹ھوي بالام، بېرى كەل› دېدى. مەن دەرھال ئالدىغا بېرىپ سالام قىلدىم. ئۇ كىشى جاۋاب سالام قىلىپ يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ، مەندىن ‹ئىسمىڭ نېمە› دەپ سورىدى. مەن ئىسمىمنى ئېيتىپ بەردىم. ‹سەن قەيەرلىك› دەپ سورىدى. مەن ‹ئۈستۈن ئاتۇش ئېكساقتىن› دەپ جاۋاب بەردىم. ئۇ كىشى ‹بەللى - بەللى، ئېكساقلىقمەن دە. پېقىرنىڭ ئىسمى ئېمىرھۇسەيىن. سىلەرنىڭ يۇرتتا ئابدۇرېھىم موللا ئىسىملىك شائىر ئۆتكەن ئىدى. ئۇ موزدۇز ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، ياش ۋاقتىدا مەھەللەگلەردىكى دىنىي مەكتەپتە،

كېيىن قالسا قەدەم، كالتەك ئۇرۇپ چەندان ئازاب ئەيلەپ،
...
ئون ئۈچ يىل مەشىق قىلىپ، بىر ئوق ئاتالماي قاچقان ئەنجانلىق.

تۇغۇلۇپ ئۆمرىدە خوتۇن كۆرمىگەنلەر تۆرتتىن ئالغاندۇر،
ئېلىپ مەخسۇدىغا يەتمەي، يانا ئەنجانغا يانغاندۇر،
قەدىناس روزىگارىنى ئۇرۇس، تايىپلەر ئالغاندۇر،
يېگىشەھەردە ئايىملار خىرايىن مەھرەمگە[1] قالغاندۇر،
كېلىپ ئۆمرىدە ئۆي - خوتۇنسىز ئۆتكەن ئەنجانلىق.

زىيارەتكە بارۇرمىز دەپ، خوتەن شەھرىنى ئالغاندۇر،
رەئىيەت ئەھلى - ئەۋلادى ئۇنىڭ قولىغا قالغاندۇر،
كى خەلق باشىغا ھەر خىل زۇلۇم - زۇلمەت ياغقاندۇر،
...
قەيەرگە بارسا خاكىسار، شۇم قەدەملىك ئەنجانلىق.

ئىمىرھۇسەيىن قارىھاجىم نەزمنى مۇشۇ يەرگىچە ئوقۇپ، «بۇ نەزم ناھايىتى ئۇزۇن، مۇشۇ يەردە توختىتىپ تۇراي» دېدى.

9. داموللا ئابدۇلۋاھىد يازغان «قۇتبىددىن ئەلا غوجا تەزكىرىسى»دىكى «قەشقەر» ناملىق نەزم

قەشقەرنىڭ يېقىنقى زامان تارىخى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىن مەلۇمكى دىنىي ئالىم، شائىر ھەم تەزكىرىچى داموللا ئابدۇلۋا-

[1] خىرايىن مەھرەمنىڭ تەپسىلاتى «تارىخى ھەمىدى» ناملىق ئەسەرنىڭ 543- بېتىدە كۆرۈلىدۇ.

بولۇپ، «ھەزرەت پاشايىم» مازىرىغا دەپنە قىلىنغان.

زەھى قۇدرەت[1] بىلەن ئاللەمنى قىلدى جىملى جانلىق،
ئاگاھ ھەمراھ، يەنى مۆئمىننى قىلدى بەرى ئىمانلىق،
بىرنى تائىپ قىلىپ ياراتتى خۇشمۇ ئىنساپلىق،
يەنە بىر تائىپتىن ئادەم ياراتتى نامى ئەنجانلىق[2]،
ئۇلارنىڭ شۇملۇقىدىن بولدى قەشقەر كۆپ پەرىشانلىق.

ئىبەرتكەنمىش قوقەند خانى بەدەۋلەت لۇلى ئەييارنى،
تۇرەمدىن[3] مىكرىلەر ئالدى تەجەمبۇل تەختى تەييارنى،
...
كى ئەپلاتۇندەك يۇتۇپ ھەممە مۇئەييارنى،
ئۇيغۇر مۇلكىنى دەم تارتىمەن دەپ ئۆلۈپ بەرگەن ئەنجانلىق.

كىشى ئەمگەك قىلىپ بىر تۇپ زىرائەتنى ئۆستۇردى،
كارامەت كاتىبى يەگلىغ قەلەمنى تەگلىشىپ تۇردى،
كىۋەز ئۇنمەي تۇرۇپ بەلكى تاناپىنى گەزلىشىپ تۇردى،
ئۇنىڭ كەيىندىن سۇخەندىلەر پۇلىنى ئەملىشىپ كۆردى،
بىرىڭ پۇل دەپ ھۆكۈم سۇرگەن ۋاپاسىز زالىم ئەنجانلىق.

پەرەگچى[4] مەشىق قىلۇرمىز دەپ يىگىتلەرگە ئازار ئەيلەپ،
ئەپەندىلەر ساگا باق دەپ بىرى چەندان ھىساب ئەيلەپ،

---

[1] زەھى قۇدرەت — ئاللاھنىڭ قۇدرىتى.
[2] نامى ئەنجانلىق — ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى كۆزدە تۇتۇلغان.
[3] تۆرەمدىن مىكرىلەر ئالدى — ياقۇپبەگ ھاكىمىيەتنى بۇزرۇكخان تۆرىدىن تارتىۋالدى دېمەكچى.
[4] پەرەگچى — ياۋروپا ئۇسلۇبىدا دېمەكچى. ئۇ دەۋردە قەشقەر رايونىدىكى ئۇيغۇرلار ياۋروپالىقلارنى «پەرەڭ» دەپ ئاتىغان.

قاماپ قويۇپ، 250 يامبۇ تۆلەتكەندىن كېيىن قويۇپ بەرگەن.

داموللا ئابدۇلۋاھىد مەشھۇر رەسسام غازى ئەمەتنىڭ چوڭ دادىسى بولۇپ، بىر قېتىملىق سۆھبەتتە، ئۇ: «چوڭ دادامنىڭ مۆھرىگە ‹ۋەزىپەم قارى، ئىسمىم ئابدۇلۋاھىد، خىسلىتىم پارا ئالمايدىغان› دېگەن سۆز ئويۇلغان. پېشقەدەم يۇرتداشلار چوڭ دادامنى ‹شەرىئەت ئىنشلىرىنى ئادىللىق بىلەن سورىغان ئادىل كىشى ئىدى› دەپ ئەسلەپ كەلمەكتە» دېگەن. داموللا ئابدۇلۋاھىد «تەزكىرەئى قۇتبىل ئالەم غوجام ئەھۋال كەيپىيات ۋە كەشپىي كارامەتلىرىنىڭ بايانى» ناملىق تەزكىرىنى يازغان. بۇ تەزكىرىدە قەشقەرنى مەدھىيىلىگەن تۆۋەندىكى مۇخەممەس بار.

ئەمەل قىل شەرىئەت، جىملى كارى كاشغەر،
بادىئى[1] راھى[2] تەرىقەت جىملە يارى كاشغەر،
ھامىلى[3] مەغزى ھەقىقەت، بەردى يارى كاشغەر،
…
…

شۇكرىلىللا ھەق ياراتتى كاشغەرنى سەر[4] بەلەن،
دوستلىرىغا مەسكەن ئەتتى تەگرىگە بولغاچ پىسەن،
يەتمىگەي ئاپاتى[5] ھادىس شەررىدىن سۆزى كەزەن[6]،

---

[1] بادىئى — شامال.
[2] راھى — يول.
[3] ھامىلى — كۆتۈرگۈچى.
[4] سەر — ئۇستۇن.
[5] ئاپاتى — ئاپەت.
[6] كەزەن — زەرەر يەتمىسۇن.

ھىد ھىجرىيىنىڭ 1258- يىلى (1842-، 1843- يىللىرى) قەشقەر شەھىرىنىڭ نەزەرباغ يېزا قوشكۆل كەنت 10- مەھەللە (قۇم كوچا — ئاخۇنۇم مەھەللىسى) دىكى موللائاخۇن خەلپىتىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 1342- يىلى (1923-، 1924- يىللىرى) 84 يېشىدا ۋاپات بولۇپ، ئېشىكى ئالدىدىكى «ھوجىدا (ھۇجرىدار) قەبرىستانلىقى»غا دەپنە قىلىنغان.

داموللا ئابدۇلۋاھىد ئۆز ۋاقتىدا قەشقەر شەھىرىگە تەۋە قوغان يېزىسىنىڭ قازىسى بولغان. 1902- يىلىدىكى چوڭ يەر تەۋرەشتە «ھوجىدا»دىكى چوڭ جامە بۇزۇلۇپ كەتكەن. داموللا ئابدۇلۋاھىد ئۆز پۇلى بىلەن رېمونت قىلدۇرۇپ، جامەنىڭ تورۇ- سىدىكى تاختىغا ئۆز قەلىمى بىلەن مۇنداق يازغان: «چۇ قىلدى قازى ئادىل كەرەمدە ئول ۋاھىد بولۇپ ئاگا يەنە يار ۋە مۇئەييەن شىبە ۋە شۇ باب سەرەپتە كەسىپ مىسلى مەسچىتى بەلەن بىن ياركى 1300 ئىردى ھەم يىگىرمە ئى ئەھباب». تەرجىمىسى: ۋاقتىكى ھىجرىيە 1320- يىلى ئادىل قازى، سېخىي شۇ ۋاھىد مەسچىتنى ئاۋۋالقىدىن پەرقلەنمەيدىغان ھالەتتە ياساتتى (بۇ مەسچىتنى 1902-، 1903- يىللىرى ياساتقان).

داموللا ئابدۇلۋاھىدنىڭ ئابدۇللا ئاقساقال، مامۇتھاجىم، ئەمەت قازىئاخۇنۇم، مەتمىن ئابدۇۋاھىدتىن ئىبارەت تۆت پەرزەنتى بولغان. ئۇنىڭ ئابدۇللا ئاقساقال، مامۇت ھاجىم ئىسىملىك چوڭ ئوغۇللىرى رۇسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن تىجارەت قىلىش ئۈچۈن ئەنجانغا بېرىپ، چاررۇسىيە ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، تاشكەنتتە جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ئاقساقىلى بولغان. قەشقەرگە كەلگەندە پايلاقچىلار ئۇلارنى «رۇس كوممۇنىستلىرىنىڭ جاسۇسى» دەپ ماتىتەيگە چاققان. ئۇلار بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قېچىپ كەتكەن. ماتىتەي داموللا ئابدۇلۋاھىدنى

ھەقتائەلا بەندىلەرگە لۇتۇف قىلغان چاغدا،
نەچچە تۈرلۈك كان ياراتتى كاشغەرنىڭ تاغىدا،
...
...
لەئلە ياقۇت جاۋاھىرى كۇھ ھىسارى[1] كاشغەر.

ئاززۇ ئەيلەر كېلىپ، كۆرمەك شاھى ھىندوستان،
قەيسەرى، رۇمى شەھىي، ئىرانۇمۇلكى ئىسپاھان،
قۇسرەۋى كۇچى پەرەڭ شەھرى يارى بوستان،
بولمادى كۆرمەك بىھىم[2] بۇ جۇملىگە ئى دوستان،
ھەسرەت ئەتكەيلەر، بولالماي تاجدارى كاشغەر.

كەلگەلى ھەسرەت يېگەنلەر، ھالىدۇر ئەسرى زەبۇن[3]،
ئەيلىگەي ھاسىت[1] خىيالىڭنى قىلۇر تەگرىم سەرنىگۇن[5]،
باغرى بەريان، كۆزى گىريان قەستىدۇر تۆكمەكتە خۇن،
بەرمىسۇن مەخسۇدىنى ھەرگىز خۇدايى زۇبۇنۇن[6]،
خاھى ھەركىمگە قىلماق خارى - زارى كاشغەر.

يا ئىلاھى باشلىدى ئۇزۇن ساگا بىچارە تىر،
ئاجىزۇ بىچارىگە سەن ئىرۇرسەن مۇنتەزىر،

---

[1] كوھ ھىسار — تاغ شەھەر.
[2] بىھىم — ھايۋان.
[3] ئەسرى زەبۇن — ئەسىر چۈشۈش.
[4] ھاسىت — ھەسەتخور.
[5] سەرنىگون — بېشى تۆۋەن.
[6] زۇبۇنۇن — ھەممىنى قىلالايدىغان.

شۆھرەت ئەرمىش ئابى رەھمەت جايىدۇر باغى بەلەن،
يۈز ئىرقتا جايى ئەرمىش ھەر دىيارى كاشغەر.

ئۆزگە ئىقلىملاردا بولسا، جەبرى بىدادى زۇلۇم،
ھىندۇيۇ شامۇ خۇراساندا يۈرۈر بادۇ سامۇم[1]،
بەلخ، تۈركىستان ئارا تاغدىن كېلۈر سەيلۇ ئەجۇم[2]،
دەپ ئىيتىپ تۈرلۈك بالا ۋە پىتنە بىلە نەھسەيەۋم[3]،
ھەققەتىدە كۆپ تىپىل[4] ئۇلغاچ مازارى كاشغەر.

ھەقتائالا بىزگە قىلغاي پەيزى - رەھمەت دەمەۇدەم،
پەتىھ نۇسرەت لۇتف ئىيتىپ دۇشمىنىنى زىرۇ قەدەم،
كۇپرە خارىستان بىشىنى قەتلە ئەيلىگەي مىسلى قەلەم،
يەپئە لۇللاھۇ مايائە[5] ھۆكمىنى تۇتۇپ مۇغتەنەم[6]،
مىڭ بالادىن ساقلىغاي تەگرى دىيارى كاشغەر.

جەننەت ئىر بولسا، بىبەك[7] بۇ كاشغەر ئۇستىندىدۇر،
گەر تۆۋەن بولسا بىھىش، ئىنىڭ بۇ يەر ئۇستىندىدۇر،
ۋەھمە ئەيلەپ، يەتتە دەۋزەخ بۇ خەۋەر ئۇستىندىدۇر،
تەشنەلىكتىن ئۆزگە ئىقلىملەر خەتەر ئۇستىندىدۇر،
ياغدۇرۇر رەھمەت سۇيىن ئەبرى[8] باھارى كاشغەر.

---

① بادى سامۇم — زەھەرلىك شامال.
② سەيلۇئەجۇم — سەل سۇ.
③ نەھسەيەۋم — يامان كۈنلەر.
④ تىپىل — بوۋاق.
⑤ يەپئەلۇللاھۇ مايائە — خۇدا خالىغىنىنى قىلىدۇ.
⑥ مۇغتەنەم — غەنىيمەت ئىلىش.
⑦ بىبەك — ئەگەر.
⑧ ئەبرى — باھار.

نوپۇزلۇق كىشى ئىدى. ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوغلى مىرەھمەت سىيىتنى مەمتىلى ئەپەندى ئاچقان يېڭى مەكتەپكە ئوقۇشقا بەرگەن. كېيىنكى كۈنلەردە مىرەھمەت سىيىت ئاتۇش سەنئىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا تۆھپىسى بار، ئۆزى سەھنىدە ئارتىس، ئايال ئارتىسلىق رولىنى ئېلىشتىن سىرت، داڭلىق مۇزىكانت بولۇپ يېتىشكەن. ئۇ باشقىلار بىلەن بىرلىشىپ «مەمتىلى ئەپەندى» ناملىق كىتابنى يازغان. سىيىت ھاجىم ئاتۇشتىكى مۇھىم تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھاياتى، ئاتۇشتىكى يەر تەۋرەش ۋە باشقا تەبىئىي ئاپەتلەر، يەرلىك كىسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدىغان دورا تىپلىرى ۋە تارىخىي خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. مەسىلەن، سىيىت ھاجىم مەشھەدىنىڭ خاتىرىسىدە «...سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسىنى ھىجرىيە 1246- يىلى (1830-، 1831- يىللىرى) ياسىغان بولۇپ، 1902- يىلدىكى يەر تەۋرەشتە بۇ قەبرە بۇزۇلغان. كېيىنكى كۈنلەردە تاشاخۇنۇم باشچىلىقىدا قەبرىگاھنى يېڭىلاشقا كىرىشكەندە، ئىتتىپاقسىزلىق بولۇپ ياسالماي قالغان» دېيىلگەن. بۇ خاتىرە ۋە قولىيازمىلار ھازىر سىيىت ھاجىم مەشھەدى باللىرىنىڭ قولىدا. مەن كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان بىر قىسىم خاتىرىلەردە سىيىت ھاجىم مەشھەدىنىڭ نەزمىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ شائىرلىقتىن خەۋىرى بارلىقىنى ھېس قىلدىم. مەسىلەن، مەشھۇر مۇدەررىس ھابىل ھاجىمنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان مەرسىيە، ئابدۇخالىق ھەزرىتىم، شەيخ ھەزرىتىم، ئىشان ساھىب ھەزرىتىم قاتارلىقلارغا ئاتاپ يازغان نەزم ۋە سۆيۈملۈك ئوغلى مۇھەممەت قارىينىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان مەرسىيە بۇنىڭ مىسالى. ھابىل ھاجىم 1937- يىلى قازا قىلغاندا، ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ تۆۋەندىكى مەرسىيىنى يازغان:

بەس تەۋەككۇل ئەيلەدىم لۇتفىڭدىن مەن ئاجىز پېقىر،
نەپسى شەيتان قەيدىدىن قۇتقاز مېنى، قىلما ئەسىر،
رەھمە قىلغىل ئەپرى ئېتىپ جىملە مازارى كاشغەر[1].

…

ياقۇببەگ ھاكىمىيىتى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، شىنجاڭ، جۈملىدىن قەشقەر رايونىنىڭ تىنچلىنىش دەۋرىدە يېزىلغان بۇ نەزمگە شائىرنىڭ كۆچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى سىڭگەن. قەشقەرنىڭ گۈزەل، باي، خاتىرجەم ماكان ئىكەنلىكى، ئاسىيا ۋە باشقا قىتئەلەردىكى كىشىلەرنىڭ قەشقەرنى كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، لېكىن چارروسىيە ۋە بەزى جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ قەشقەرنى بېسىۋېلىشتەك يامان غەرىزىنىڭ بارلىقى، ئۇلار ئۆز گۇماشتىلىرى ئارقىلىق ئۆزلۈكسىز پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقان بولسىمۇ، ھەممىسى مەغلۇپ بولغانلىقى كۆرسىتىلگەن.

## 10. تارىخىي شەخس سىيىت ھاجىم مەشھەدى

دېموكراتىك زات سىيىت ھاجىم مەشھەدى 1843 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1946- يىلى 103 يېشىدا مەشھەد كەنتىدىكى ئۆيىدە ۋاپات بولۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. بۇ كىشى مەشھۇر مۇدەررىس ۋە ئاتۇشنىڭ قازىسى مەرھۇم ھابىل ھاجىمنىڭ ھۇزۇرىدا بىر مەزگىل كاتىپ بولغان، ئوتتۇرا ئاسىيادا تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان.

سىيىت ھاجىم مەشھەد كەنتىدە خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە

[1] بۇ نەزمدىكى بەزى مىسرالارنى ئوقۇغىلى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ چېكىت (...) قويۇلدى — ئاپتوردىن.

نۇردەك مالاھەتلىك يۈزى، دۇردانىدۇر سۆزلىرى،
ئاتاپ يازدى بۇ بېيىتنى سىيىت ھاجىم مەشھەدى.

11. ئابدۇلئەزىز مەخسۇم يازغان «دۇررۇ مارجان» ناملىق ئەسەر

قەشقەرنىڭ كۆپ ئەسىرلىك تارىخىي مۇھىتىغا تەئەللۇق كلاسسىك ئەدەبىي ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمى تۈرلۈك سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئامىللارنىڭ كەسكىن يېمىرىش خاراكتېرلىك زىلزىلىسى تۈپەيلىدىن ھازىرقى دەۋرگىچە يېتىپ كېلەلمىدى. بۇ، تارىختىن ئاز - تولا خەۋىرى بار كىشىلەرگە ئايان. ئەمما، بىر بۆلۈك كلاسسىك ئەسەرلەر ئۇزاق مۇشەققەتلىك مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، قولدىن - قولغا يەتكۈزۈلۈپ، ئايرىم كىشىلەرنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ساقلىنىپ قېلىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. مەن تونۇشتۇرماقچى بولغان مەزكۇر «دۇررۇمارجان» (ئۈنچە - مارجان) ناملىق ئەسەر ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىقنىڭ مەھسۇلى.

«دۇررۇمارجان»— 2394 مىسرالىق نەزمىي ئەسەر بولۇپ، رۇسىيىنىڭ ئاق تىترات قەغەزگە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، 92 بەت. مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇم قەشقەر شەھىرىگە تەۋە «قىزىل دۆۋە» يېزىسىدا ئولتۇرۇشلۇق مۇھەممەد ئىمىن ھاجىم ئىسىملىك بىر زەرگەر ئائىلىسىدە 1875- يىلى تۇغۇلۇپ، 1959- يىلى 2- ئايدا (بارات ئېيىنىڭ 14- كۈنى) 84 يېشىدا ۋاپات بولۇپ، تاختىكۆۋرۈك قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان. شائىرنىڭ بۇ نەزمىي ئەسىرىدىن باشقا، يەنە بىرقانچە تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرى بولۇپ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا «ئىسيانكارلار»نىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ كەتكەن.

ئەھلى ئۆلىمالەر سۆھبىتىدە، گەۋھەرى دۇردانىدۇر،
ئەھلى ئۆلىمالەر ئىچىدە بۇلبۇلى مەستانىدۇر،
خەلق خۇشلۇق بابىدا مىسلى يوق يېگانىدۇر،
پەيزى ئەنۋارىغە زىننەت ھاجى ھابىل مەشھەدى.

قارغا ـ قۇزغۇن نە بىلۇر باغۇبوستان قەدرىنى،
ناكەسۇ نائەھلى بىلمەس ياخشىلارنىڭ قەدرىنى،
نار سالەر نە بىلۇر ياخشىلارنىڭ قەدرىنى،
ئەنجۇمەنىنىڭ بۇلبۇلى ھاجى ھابىل مەشھەدى.

...

...

ئىلمى ھال، ئەمەللەردە ئۆزى ئىدى مۇستەقىل،
نادىرى دۇردانە مۇلاھەت ھاجى ھابىل مەشھەدى.

...

پەيزى ئەنۋارىغە چۈشكەن زىپ ئىلە زىننەت ئىرۇر،
بارچە ئىلىم ئالغۇچىلەرگە بەرگەن ئىلمى ئاسان ئېرۇر،
سۆزلىرى قەندىن شېكەر ھاجى ھابىل مەشھەدى.

ئىشان ساھىب ھەزرىتىم ھەققىدە يازغان مەرسىيەدە، سىيىت ھاجىم ئۆز تەخەللۇسىنى «مەشھەدى» دەپ ئاتىغان. مەسىلەن، نەزمىنىڭ 3- كۇپلېتى مۇنداق يېزىلغان:

ئىشان ساھىب ھەزرىتىم، ساھىب ۋىلايەت مەشھەدى،
ئەھلى مەشھەدلىك ئۆزى، شەھۋەت ـ شېكەر، شېرىن سۆزى،

دېگەن مىسرالاردىمۇ كىتاب نامى تەكرار تىلغا ئېلىنغان. شائىر بۇ ئەسەرگە سىڭدۈرگەن ئەجرىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازغان:

نەچچە يىللار ئۆمرۈمنى سەرپ ئەيلىدىمەن،
قىلىپ رەھىم ئىنايەت ئەيلىگەيسەن.

شائىر ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپلا ئىلىمگە چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، قەشقەردىكى مەدرىسەلەردە تېرىشىپ ئوقۇغان. ئۇ ئوغلى مۇھەممەد قارىم بىلەن قىلىشقان بىر قېتىملىق سۆھبىتىدە: «ئوغلۇم، مېنىڭ كامالەتكە يەتكەن ئالىمدا ئوقۇسام دەيدىغان ئارزۇيۇم بار ئىدى. بىراق، ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، ئاتا كەسپى زەرگەرلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ، تىرىكچىلىك قىلىشقا مەجبۇر بولغانمەن» دېگەن. شائىر ياشلىق دەۋرىدىكى ئىنتىلىشلىرىگە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب تاپالمىغان. چۈنكى، شىنجاڭنىڭ، بولۇپمۇ قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ھاياتى بىرقەدەر قويۇق سوپىزملىق ئىدىيىۋى خاھىش بىلەن ئورالغان. شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىن ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان، خەلقنى نادانلىقتا قالدۇرۇپ، بىخۇدلۇق بىلەن تىزگىنلەش سىياسىتى يۈرگۈزگەن ۋە بۇنى «چوڭ تۆھپە» قىلىۋالغان. بىر بۆلۈك موللا ـ ئىشانلار تەركىدۇنيا-چىلىقنى ھەدەپ تەشۋىق قىلىپ، دىنىي تونغا ئورىنىۋېلىپ، ياڭ زېڭشىن ھاكىمىيىتى ئۈچۈن كەتمەن چاپقان.

«دۇررۇمارجان» ناملىق ئەسەردە مۇسۇلمان شەرق ئەدەبىيا-تى ئەنئەنىسى بويىچە ئاللاغا ھەمدۇ سانا، پەيغەمبەر، چاھاريارلارغا، ئاندىن غەۋسىل ئەزەمگە ۋە بارلىق ئەۋلىيالارغا، سوپىلارنىڭ پىرى خوجا ئەھمەد يەسەۋىيگە، نەخشبەندى بۇخارا، خوجا جاھان، ئىمام

ئابدۇلئەزىز مەخسۇم «دۇررۇمارجان»نى پۈتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئوغلى مۇھەممەد قارىيغا: «ئوغلۇم، بۇ كىتابىم پۈتتى. لېكىن، ھازىر مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىشقا شارائىت يوق. شۇڭا، ۋاقتىنچە يېنىڭىزدا چىڭ ساقلاڭ. مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، شارائىت يار بەرسە ئاندىن ئاشكارا قىلىڭ. مېنىڭ سىزگە قالدۇرىدىغان ۋەسىيىتىم مانا شۇ» دېگەن.

ئەسەرنىڭ نامى ئىككى ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان. ئەسەرنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا: «ھىجرىيىنىڭ 1345- يىلى (1926-، 1927- يىللىرى) خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن ئۇلۇغچاتقا بېرىپ، موللا ئوسمان ئەۋلىيا دېگەن داموللا ئىشان بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇ كىشىدىن بۇ كىتابنى يېزىشقا ئىجازەت سورىغان ئىدىم، ئۇ كىشى رۇخسەت بەردى. كىتابىنىڭ نامىنى ‹دۇررۇمارجان› دەپ ئاتىدى» دېيىلگەن. ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ھەرقانداق كىشى كىتاب يېزىش ئۈچۈن نوپۇزلۇق ئالىملاردىن ئىجازەت سورايدىغان ئادەت بويىچە ئىش كۆرگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتابتا سوپى - ئىشانلار-نىڭ ئالدامچىلىقىنى پاش قىلىدىغان نەزملەرمۇ خېلى سالماقنى ئىگىلەيدىغان بولغاچقا، شۇ دەۋردىكى مەشھۇر ئىشان موللا ئوسمان ئەۋلىيانىڭ رۇخسىتىنى ئالغاندا، كىشىلەرنىڭ كىتاب ھەققىدە پىتنە - ئىغۋا قىلىشىدىن ساقلانغىلى بولىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلغان.

كىتابىمىنىڭ نامىدۇر «دۇررۇمارجان»،
ئوقۇغانلارغا بولغاي راھەتى جان.
قىلۇرلەر ئارزۇ قىلغان سۆزۈمنى،
كىتاب يازدىم كېچە يۇمماي كۆزۈمنى.

قىلىپ، كىشىلەرنى تەمەخور بولماسلىققا ئۈندىگەن. ئۇنىڭ خەلقنى بۇلاپ ـ تالاشتىن كەلگەن ھارام ئولجىلارنى ئالماسلىق ۋە يېمەسلىك توغرىسىدا يازغان مۇنداق بىر نەزمىسى بار:

سېنىڭ بۇ رىزقى ئىمارىڭ ھارام رىزقى تەلەپ قىلسا،
يېمە ھەرگىز ئۇنىڭدىن، زەررىچە بولسىمۇ ھارامدىن قاچ.
ھالالدىن بەرسە رىزقى، زەررىچە بولسىمۇ ئاڭا شۈكرى ئېيت،
ھارام ھەرقانچە كۆپ بولسا خۇدادىن قورق، يېمە، يۈز ئاچ.

شائىر كىشىلەرنى ئالىملار ۋە ياخشى كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا دەۋەت قىلىپ، يەنە كۆپلىگەن نەزمىلەرنى يازغان. مەسىلەن:

نە يەردە ياخشىنى كۆرسەڭ، ئاياغىنىڭ غۇبارى بول،
پىدا قىل ياخشىغە جانىڭنى، ياماندىن قاچ، ياماندىن قاچ.
قەيەردە ئالىم بولسا، ئىزدەپ خىزمىتىدە بول دائىم،
ئەقىل ـ ھوشۇڭ بارىچە يۈرگىل، ناداندىن قاچ.

شائىر ئايرىم تەكەببۇر، پەزىلەتسىز موللا، بىر بۆلۈك ئىشان ـ سوپىلارنى، شۇنداقلا ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، «مەن ھاجى» دەپ كۆرەڭلەپ يۈرگەن بەزى كىشىلەرنى ئوبرازلىق ھالدا مەسخىرە قىلغان. مەسىلەن، ئۇنىڭ «غەلەت» ناملىق شېئىرىغا قاراپ باقايلى:

بەندە مەن دەپ ئەل ئارا تىل بىرلە ئىقرارىڭ غەلەت،
قىلمىدىڭ دىل بىرلە تەستىق تىلدا قىلغانىڭ غەلەت.

رەبباني، خەلپە ھەسەن، مىرشەھىد، داموللا ئوسمان قاتارلىقلارغا مەدھىيە ئوقۇلغان. ئەسەردە ئەيني ۋاقىتتىكى يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى ئارىسىدا كۆرۈلۈۋاتقان ناچار ئىللەتلەر رەھىمسىزلىك بىلەن پاش قىلىنىپ قاتتىق قامچىلانغان. مەسىلەن، «تەمە» ناملىق نەزمدە مۇنداق دېيىلگەن:

خۇداغا بەندە بولساڭ، بىل ئۆزۈڭنى،
تەمە دەرۋازىسىدىن يۇم كۆزۈڭنى.
تەمە ھەرقانچە شېرىن بولسا سەن قاچ،
تەمەدىن يۇم كۆزۈڭنى، باشقىغا ئاچ.
تەمە دېگەن كىشىنى قىلار گاداي، خار،
تەمە قىلغان كىشىنىڭ جايىدۇر نار[1].
تەمە ئەيلەپ، كىشىگە باغلىسا قول،
تۇشەر مەھشەردە زەنجىرگە ئول.
تەمە قىلغان كىشىنىڭ ئۆزى تويماس،
ئۆزى تويسا، باردۇر كۆزى تويماس.
تەمە بىرلە كىشى قىلسا تىرىكلىك،
ئۆلۈمدىن ياخشى ئەمەس ئول تىرىكلىك.
تەمە قىلغان كىشىنىڭ جانى بولماس،
يەي دېسە ئۆيىدە نانى بولماس.
تەمە قىلغان كىشى كۆرمەس ۋاپانى،
ۋاپا ئورنىغا كۆرگەي جاپانى.

شائىر بۇ نەزم ئارقىلىق، تەمەخورلۇقنى كەسكىن پاش

[1] نار — ئوت، دوزاخ.

## 12. شائىر ۋە ئۆتكۈر مەسخىرىچى ئەمەت داموللام



ئەمەت داموللام 1878- يىلى ئالتىن ئاتۇشنىڭ «پاچچەن»[1] كەنتىدىكى ئۆمەر شاكىيۇ ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر تىجارەتچىنىڭ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئۆمەر شاكىيۇ توختىخان دېگەن ئايالغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، مەزكۇر ئايالدىن يۇنۇس ئاخۇن، ئەمەت داموللام، مەريەمخان ئىسىملىك ئۈچ پەرزەنت كۆرگەن. ئۆمەر شاكىيۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەرقايسى ئەللەردە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغاچقا، بالىلىرىنى تەربىيىلەش ۋەزىپىسى ئۇنىڭ ئايالى توختىخان بۈۋىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن.

توختىخان بۈۋى تەقۋادار ئايال بولۇپ، ئۆز ئۆيىدە مەكتەپ ئېچىپ، مەھەللە- كويدىكى ساۋاتسىز بالىلارنى ئوقۇتقان. ئەمەت داموللام بۇ مەكتەپتە ئانىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلىشىگە مۇيەسسەر بولغان. ئوقۇشتا تېز ئىلگىرىلەپ، 14 يېشىدا، يەنى 1892- يىلى قۇرئان خەتمىسىدىن ئۆتكەن. ئۆمەر شاكىيۇ بالىسىنىڭ خەتمىدىن ئۆتكەنلىكىگە ناھايىتى خۇشال بولۇپ،

---

[1] پاچچەن — 1882- يىلى يېزىلغان «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋەخپىنامىسى»دا «پاچچەن» — پارچە تېجەن دېيىلگەن. بۇ، تېجەن كەنتىدىن بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ ئۆز كەنتىنى «پارچە تېجەن» دەپ ئاتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

خەۋەر قىلىپ ئەل ئارا قىلغان ساخاۋەتنىڭ غەلەت،
دۇنيا ئۈچۈن «ئاۋازە خوش» ئول قىرائەتنىڭ غەلەت.
«هاجى مەن»دەپ ئەل ئارا قىلدىڭ ئۆزۈڭگە كۆپ سىند[1]،
ھەجگە بارغانىڭ ئىبادەت، ھاجى بولغانىڭ غەلەت.
مەن پالانى شەيخ دەپ رەڭمۇرەڭ يىپەكلەر كىيىپ،
بولمىسا قىلچە ئىنساپ، سەللە ـ دەستارىڭ غەلەت.
ئىشق دەۋاسى قىلىپ كىيدىڭ كۇلاھۇجەندىنى،
دىن يولىغا كىرمىدىڭ، كىيگەن كۇلاھ ـ جەندەڭ غەلەت.
كىم ھەۋەس قىلدى بۇ دۇنيا ئىچرە ھەرگىز تويمىدى،
تەركىدۇنيا دەپ ئۆزۈڭگە ۋەدە قىلغانىڭ غەلەت.

شائىر ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ ئۆز دەۋرىدىكى ئادالەتسىزلىك، چىرىك، ناچار ئىللەتلەرنى دادىل پاش قىلىپ، خەلقنى ئويغىتىشنى مەقسەت قىلغانلىقى تولىمۇ قەدىرلىك. ھەرقانداق شائىر، يازغۇچى ئۆزى ياشىغان دەۋرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ئەسەردە سوپىزملىق ئىدىيىۋى خاھىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالالمىغانلىقى ھەرگىز شائىرنىڭ گۇناھى ئەمەس. بىز كلاسسىك ئەسەرلەرنى باھالاش مىزانى بويىچە «شاكىلىنى ئېلىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىشىمىز لازىم. ئابدۇلئەزىز مەخسۇم ئۆز دەۋرىدە ھەق ـ ئادالەت مەيدانىدا تۇرۇپ، ناچار ئىجتىمائىي قىلمىشلارغا ئوت ئېچىپ، خەلققە پايدىلىق پىكىر يۈرگۈزگەن مۇنەۋۋەر شائىر. خەلق بىلەن كېچىكىپ يۈز كۆرۈشكەن بۇ ئەسەر ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى خەزىنىسىگە قوشۇلغان قىممەتلىك دۇررۇمارجاندۇر.

[1] كۆپ سىند ـــ تەمەننا.

ـقان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق ئىلىم ئوچاقلىرىغا بېرىپ ئوقۇغان. ئەمەت داموللام قەشقەر شەھىرىدە ئۇلتۇرۇشلۇق ھامۇت داموللام، ئوسمان داموللاھاجىم قاتارلىق 14 كىشى بىلەن بۇخارادىكى ھەرقايسى مەدرىسەلەردە 1920- يىلىغىچە 10 يىل ئوقۇغان. ئۇ 1920 — 1956- يىللىرىغىچە «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسەسى»نىڭ مۇدەررىسى بولغان، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان جامەسىنىڭ خاتىپلىق ۋەزىپىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، 1961- يىل 5- ئاينىڭ 15- كۈنى 83 يېشىدا ئالتىن ئاتۇش ناھىيە بازىرىدىكى مەسچىت ھۇجرىسىدا ۋاپات بولغان. مەرھۇمنىڭ جەسىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىستانلىقىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالار ياتقان ئورۇنغا دەپنە قىلىنغان.

ئەمەت داموللام كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ سەھىپىسىدە تېگىشلىك ئورۇنغا قويۇپ تونۇشتۇرۇلمىغان تارىخىي شەخس. مەن يېقىندا مەرھۇم ئەمەت خېتىپ ھاجىمنىڭ ئوغلى مۇھەممەت ئابدۇللا بىلەن سۆھبەتتە بولدۇم. ئۇ كىشى «يۇسۇپ - ئەھمەد داستانى»نىڭ قولىيازما نۇسخىسىنى ماڭا تەقدىم قىلىپ: «بۇ ئەسەرنى ئەمەت داموللام بۇخارادا يېزىپ نەشر قىلدۇرغان ئىكەن، كېيىن دادام مەرھۇمغا تەقدىم قىلغان» دېدى. باش - ئاخىرىدىن بىرقانچە ۋاراق يوق بۇ قولىيازمىنى ئەمەت داموللام خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن توپلىغانمۇ ياكى باشقىلار يېزىپ ئەمەت داموللامغا تەقدىم قىلغانمۇ، بۇنىسى نامەلۇم.

مەن ئۇزاقتىن بېرى ئاتۇش، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى رايونى ۋە چەت ئەلدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرى ئارىسىغا تارقالغان ئەمەت داموللامنىڭ قىزىقارلىق گەپ - سۆز، ئىش - ئىزلىرىنى توپلىغان. تۆۋەندە ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تونۇشتۇرىمەن.

ئايالى توختىخان بوۋۇم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسەسى»گە ئوقۇشقا بەرگەن. مۇدەررىس ھابىل ھاجىم دەرس بېرىش جەريانىدا، ئەمەت داموللامنىڭ يۈكسەك قابىلىيىتى ۋە زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىنى بايقىغان. ئەمەت داموللامنىڭ يېشى 20 دىن ئاشقاندا، مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سىڭلىسى ئايىم خېنىمغا ئۆيلىنىپ، ئابلەق ئىسىملىك بىر پەرزەنت كۆرگەن (ئۇنىڭ ئوغلى، يەنى ئەمەت داموللامنىڭ نەۋرىسى ئابلەي قارىي ھازىر ھايات).

ئەمەت داموللام ھابىل ھاجىمدا 10 يىل ئوقۇپ، 1902- يىلى بۇ مەدرىسەدىكى ئوقۇشنى ئەلا دەرىجىدە تۈگەتكەن. ھابىل ھاجىم ئۇنىڭ يېتىشكەن ناتىق، زېرەك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزى تۇرغان مەدرىسەگە مۇدەررىس بولۇشقا تەكلىپ قىلغان. ئەمەت داموللام بۇ تەكلىپكە ئۆزرە ئېيتىپ، داۋاملىق ئوقۇش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇستازى ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرىپ «ئەمەت ئاخۇن، سىلى مەندە 10 يىل ئوقۇپ، مەن بىلىدىغان ئىلىمنى ئۆگىنىپ بولدىلا، مەن سىلىدىن تولىمۇ رازى. شۇڭا، سىلىنىڭ تەلەپلىرىگە قوشۇلدۇم، ئەمدى قەشقەر «خانلىق مەدرىسەسى»گە كىرىپ ئوقۇسىلا» دەپ دۇئا قىلغان.

ئەمەت داموللام 1902- يىلى قەشقەر «خانلىق مەدرىسەسى»گە كىرىپ «سەرىپ نەھۋى»، «جالالى»، «مۇشكات»، «تەپسىر ھۇسەينى» قاتارلىق نوپۇزلۇق كىتابلارنى ئوقۇپ، 1910- يىلى ئوقۇشنى تاماملىغان. ئۆز دەۋرىدە قەشقەر «خانلىق مەدرىسەسى»نى تاماملىغان بەزى ئىلىم ئەھلىلىرى تېخىمۇ چوڭقۇر ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بۇخاراغا، ھىندىستاندىكى مەشھۇر قەدىمىي دىۋەبەن مەدرىسەسىگە، مىسىرنىڭ قاھىرەگە ئۇرۇنلاش-

شىرى غەرران[1] بۇ يەردە تۇرغان ئۈچۈن،
تىلى، ئاغزى سۆخەنگە كىرمەيدۇ.

تىللاخان ھاجىم دەرھال تۆۋەندىكى نەزمنى ئوقۇپتۇ:

قورقمىسۇن ئۇستازىم ئۇرارمىكىن دەپ،
ئۇستازىمىز ھەم بۇ يەردە ئۇرمايدۇ.

ئەمەت داموللام نەزم بىلەن مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:

موللا ئەمەت تەۋبە قىلدى بۈگۈن،
تەۋبىدىن سوڭ گەپ ئۇرسا بولمايدۇ.

تىللاخان ھاجىم نەزم شەكلىدىكى مۇنازىرىنى توختاتماي:

نەپسىم ئۇرۇر پىلدەك،
شىرنىڭ ھۆكمى بۇ يەردە يۈرمەيدۇ.

دەپتۇ. ئەمەت داموللام تۆۋەندىكى نەزم بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

تۆركۈلى، توقاي ئىچى، كاللا كۆتتاك غىمىدە[2]،
بولدىغۇ سۆزمۇ تامام تىللاخانغا دەمىدە.

[1] شىرى غەرران — ئۇستازىنى دېمەكچى.
[2] كاللا كۆتتاك غىمىدە — تۆركۈللۈك كىشىلەرنىڭ «كاللىچى» دېگەن لەقىمى بار. چۈنكى، ئۇلار ھەر دۈشەنبە كۈنى مەشھەد بازىرىدىن كاللا ئېلىپ قايتىپ، كەچتە كاللا چۆپ قىلىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

## دەرسخانىدىكى مۇنازىرە

ئەمەت داموللام «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسەسى»دە دەرس ئېلىۋاتقان مەزگىلدە، ئۇستازى ھابىل ھاجىم ئالدىدا بىر مەسىلىنى مۇنازىرە قىلىپ ئۇنى رەنجىتىپ قويۇپتۇ. ئۇستازى ئەمەت داموللامنى دەرسخانىدىن ھەيدەپ چىقىرىپتۇ. ئەمەت داموللام چىقىپ كېتىۋېتىپ تۆۋەندىكى ئىككى مىسرا نەزمنى ئوقۇپتۇ:

موللا ئەمەت يىگىرمە ئۈچتە بولدى ئاق[1]،
ئەمدى بېرىپ بەشكېرەمدە يەيدۇ قاق.

ئەمەت داموللام بەشكېرەمدە بىر ھەپتە تۇرۇپ، «ئۇستازىمنىڭ ئاچچىقى يانغاندۇ» دەپ، مەدرىسەگە قايتىپ كەپتۇ. ھاشىم خەلپەت، موللا ھوشۇر، تۆركۈللۈك تىللاخان ھاجىم... قاتارلىق ساۋاقداشلىرى: «موللا ئەمەت، سىلى ئۇستازىمىزغا يەنە گەپ قىلالامسىلەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ: «ھەئە، مەن گەپ قىلالايمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھابىل ھاجىم دەرسخانىغا كىرگەندە، شاگىرتلار ئورنىدىن تۇرۇپ سالام بىلدۈرگەندىن كېيىن ئولتۇرۇپتۇ. موللا ھاشىم خەلپەت تۆۋەندىكى نەزمنى ئوقۇپتۇ:

موللا ئەمەت نېچۈك گەپ ئۇرمايدۇ،
ياكى قىلغان ۋەدىسىدە تۇرمايدۇ؟

ئەمەت داموللام تۆۋەندىكى نەزم بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

---

[1] ئاق — مەندە گۇناھ يوق دېمەكچى.

— كېلىتىنى بېرىڭ،— دەپتۇ.

— كېلىتىنى بەرمەيمەن. مەن بۇ پۇلنى ۋەز (نۇتۇق) سۆزلەپ تاپقان،— دەپتۇ ئەمەت داموللام.

— ئەنەققە بولسە، سىز ۋەز سۆزلەپ بېرىڭ،— دەپتۇ ئوغرى.

— بولىدۇ،— دەپ ئەمەت داموللام قولىقىنى تۇتۇپ، ئۆزبېك ھاپىزلىرىنىڭ ئاھاڭىدا،— غەۋسلئەزەم[1] ۋاقتىدا ئوغرى كىرسە مەنەققە توۋلاپ ۋەز ئوقۇيتتى، ۋاي... ۋاي!... ئوغرى، ۋاي!... ئوغرى كىردى،— دەپ توۋلاپتۇ. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان تالىپلار يۈگۈرۈپ چىقىپ ئوغرىنى تۇتۇۋاپتۇ.

## قاراقچىدىن قۇتۇلۇش

ئەمەت داموللام بۇخارادا ئوقۇۋاتقان تومۇز كۈنلىرى دەرىس توختاپ، تالىپلار ئارام ئېلىشقا قويۇپ بېرىلىپتۇ. بىر كۈنى ئەمەت داموللام «باھائىددىن نەخشىبەندى[2]»گە كېتىۋاتسا، يولدا قاراقچىلار ئۇچراپتۇ. ئەمەت داموللامنىڭ بەلۋېغىدا بىر دانە زاغرا نان باركەن. قاراقچىلارنىڭ كۆزى بەلۋاغدىكى نانغا چۈشۈپ، «ئالتۇن بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپتۇ. قاراقچىلارنىڭ باشلىقى: «قانداق قىلساق، ئۇ پۇلنى ئېلىۋالىمىز، ئاۋۋال بۇ كىشىنى گەپكە سېلىپ باقايلى» دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئەمەت داموللامدىن:

— سىز قايەرلىك كىشى بولىسىز؟— دەپ سوراپتۇ.

— مەن قەشقەرلىك كىشى بولىمەن،— دەپتۇ ئەمەت داموللام.

---

[1] غەۋسلئەزەم— ئىشان بولۇپ، سۈرىيىنىڭ گىلان دېگەن جايىدىن.

[2] خوجا باھائىددىن نەخشبەندى ئىشان بولۇپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان، مىلادىيە 1300-، 1301- يىللىرى خۇپىيە مەزھىبى (نەخشىۋەندى مەزھىبى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نى تارقاتقۇچى كىشى.

## مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈش

بۇخارالىق بىر باي دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ، سۇدىن چىقال-ماي ئۆلۈپتۇ. باينىڭ رەقىبلىرى: «سۇغا سەكرەپ ئۆلۈۋاپتۇ، ئۇنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ» دەپ گەپ - سۆز تارقىتىپتۇ.

باينىڭ بالا - چاقىلىرى مېيىتنى يۇيۇپ - تاراپ جامە ئالدىغا جىنازا بىلەن ئېلىپ كەپتۇ. نامازدىن يانغان جامائەت مەسچىت ئالدىغا توپلىشىپتۇ. مەسچىت ئىمامى ئۆزبېك داموللا مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈشكە ئۇنىماپتۇ. بۇ سورۇندا ئەمەت داموللام ۋە بىرقانچە ساۋاقداشلىرى باركەن. ئۇ يېنىدىكى بىر ساۋاقدىشىغا «سالاتى مەيىت» دەپ، جامائەتكە: «كاتتا داموللايۇ بۇ مېيىت نەمازىنى چۈشۈرمىسەيۇ، كىچىك داموللايۇ چۈشۈرىدۇيۇ، ئالللاھۇ ئەكبەر» دەپ قولاق قېقىپ، جامائەت بىلەن مېيىت نامىزىنى چۈشۈرۈپتۇ. مېيىت ئىگىسى ئەمەت داموللامغا ئىككى دانە يامبۇ بېرىپتۇ. شۇ چاغدا بىر كىشى: «ئى داموللەكە، بۇ مېيىت نەما-زىنى چۈشۈرۈشكە پەتىۋايىڭىز قەنەققۇيۇ؟» دەپ سوراپتىكەن، ئەمەت داموللام: «مېنىڭ پەتىۋايىم — بۇخارادا ئوقۇۋاتقان قەشقەرلىك 14 مۇساپىر تالىپنىڭ ئوقۇش راسخوتى تۆگىدىيۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### ئوغرىنى پەم بىلەن تۇتۇش

ئەمەت داموللام بۇخارادا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇستازى باشقا جايغا سەپەرگە تەييارلىنىپ، ئۆز پۇلىنى ئەمەت داموللامغا ئامانەت قويۇپتۇ. بىر كۈنى كېچىدە ھۇجرىغا ئوغرى كىرىپ:

ئىكەن. ئۇ ئالتىن ئانۇشنىڭ شورۇق كەنتىگە چايغا كېتىپ بارسا، يولدا شورۇقلۇق موللاخۇن ھاجى بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ. موللاخۇن ھاجى ئەمەت داموللامغا سالام قىلغاندىن كېيىن:

— تەقسىر، نەگە كېتىپ بارىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— چايغا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەمەت داموللام.

— باغاقلىرىنى كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ موللاخۇن ھاجى.

— ئەتىگىچە كۆرۈپ قالىدىلا، — دەپ ئەمەت داموللام يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئەمەت داموللام چايدىن يېنىپ كېلىپ «موللاخۇن ھاجىنىڭكىگە بەئداز بامدات چايغا داخىل بولۇرلەر» دەپ نۇرغۇن باغاق يېزىپ، شاگىرتلىرى ئارقىلىق ئالتىن ئانۇشتىكى ئالىملار، ئەمەلدارلار، بايلارغا تارقىتىپتۇ. ئەتىسى كىشىلەر كەينى-كەينىدىن موللاخۇن ھاجىنىڭكىگە كەپتۇ. موللاخۇن ھاجى بۇ ئىشتىن ھەيران بولۇپ، مېھمانلارنى ئۆيىگە باشلاپتۇ. ئۆيدە مېھمانلارغا يەتكۈدەك نان يوقكەن، مەھەللە-كويدىن نان يىغىپ كىرىپ پەتنۇستا قويۇپتۇ، سېمىز ئۈچ قوينىڭ بېشىنى كېسىپ، شورپا، پولۇ تەييارلاپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئەمەت داموللام شاگىرتلىرى بىلەن كىرىپ كەپتۇ-دە، موللاخۇن ھاجىغا سالام قىلغاندىن كېيىن، مېھمانلار قاتارىدىن ئورۇن ئاپتۇ. زىياپەت ئاخىرىدا، موللاخۇن ھاجى ئۆيدىكى ئەمەلدار، باي، ئالىملار قاتارىدا ئەمەت داموللامغىمۇ پۇل قويۇپتۇ. دۇئادىن كېيىن، مېھمانلار ئۇزاشقا باشلاپتۇ. ئەمەت داموللام:

— سىلى كۆرمەكچى بولغان باغاق مۇشۇمىتى؟ — دەپ، باغاقنى موللاخۇن ھاجىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئېتىغا مىنىپ كېتىپتۇ. موللاخۇن ھاجى بۇ ئىشنى ئەمەت داموللامنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپ، لېۋىنى چىشلەپ، ئىچىگە تىنىپ قاپتۇ.

— سىز ئاخۇنمۇ؟
— ھە، ئاخۇن.
— سىز قەنەققە تىللارنى چۈشەنىسىز؟
— مەن ئۇيغۇرچە سۆزدىن باشقىسىنى چۈشەنمەيمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەمەت داموللام.
قاراقچىلار تاجىك تىلى بىلەن ئۆزئارا سۆزلىشىپ، «بۇ ئاخۇندىن قەشقەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ كۆرەيلى» دېيىشىپتۇ. ئەمەت داموللام ئۇلارنىڭ دېيىشكەن گەپلىرىنى چۈشىنىپتۇ. قاراقچى باشلىقى ئەمەت داموللامدىن:
— ھە، ئاخۇن[1] سىلىنىڭ شەھەرلىرىڭلاردا قەنەققە ئىشلار بار؟— دەپ سوراپتۇ.
— بىزنىڭ شەھەرلەردە ۋاللەي- ۋاللەي[2] دەيدىغان بىر ئىش بار،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەمەت داموللام.
— ئۇ قەنەققە ئىش؟
— بۇ بىر ئويۇننىڭ تۈرى.
— سىز شۇ ئويۇننى بىلەسىزمۇ؟
— بىلىمەن.
— سىز بۇ ئويۇننى بىزگە كۆرسىتىڭ،— دەپتىكەن، ئەمەت داموللام ئۆزىنى ئۇكشۇۋېلىپ: «ۋاللەي- ۋاللەي- ۋاللەي» دەپ تېز يۈگۈرۈپ، بىر كوچىنىڭ ئىچىگە كىرىپ غايىب بوپتۇ.

## باينىڭ ئەدىپىنى بېرىش

ئەمەت داموللام ئاتۇشتا مۇدەررىسلىك قىلىۋاتقان كۈنلەر

[1] ئۆزبېكلەر ئۇيغۇرلارنى ئاخۇن دەپ ئاتايدۇ.
[2] ۋاللەي - ۋاللەي — ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ «بالا ياغاچ ئويۇنى»دا يۈگۈرۈپ تۇۋلىنىدىغان سۆز.

كېلىپ، نۇتۇق سۆزلەپ ھاكىمنى سۆكۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ھاكىم ئەمەت داموللامنى چاقىرتىپ، ئالدىغا پۇل قويۇپ ناماقۇل بولۇپتۇ.

ھاكىم ئالتىن ئاتۇشتىكى ئەمەلدارلارنى چاقىرتىپ، مەسلىھەت قىلىشىپ: «ئەمەت داموللامنى قەشقەرگە كەلتۈرمەسلىك ئۈچۈن پۈتكۈل چىقىمنى ئۈستۈمگە ئالىمەن» دەپتۇ. بۇ گەپنى ئالتىن ئاتۇشلۇق غوجىياجى دېگەن كىشى ئەمەت داموللامغا خەۋەر قىلىپ قويۇپتۇ. ھاكىمنىڭ مەقسىتىنى بىلگەن ئەمەت داموللام ھېلىقى چىقىمنى ۋاكالىتەن بېرىدىغان ئالتىن ئاتۇشتىكى مۇئاۋىن ھاكىم ئەمەت قۇلاجىنىڭ[1] ئۆيىگە بېرىپتۇ.

— تەقسىر، كېلىپ قاپتىلىغۇ؟— دەپ سوراپتۇ ئەمەت قۇلاجى سالامدىن كېيىن.

— مەن قەشقەرگە بېرىپ كېلەي،— دەپتۇ ئەمەت داموللام.

— نېمە ئىش بىلەن بارىدىلا؟

— شاگىرتلىرىمغا كىتاب سېتىۋېلىش ئۈچۈن بارىمەن.

— تەقسىر، سىلى بارمىسىلا، باشقا كىشى بېرىپ سېتىۋالسۇن،— دەپ، ئەمەت داموللامغا 20 سەر كۈمۈش تەڭگە بېرىپتۇ ئەمەت قۇلاجى.

ئەمەت داموللام يەنە 10 كۈننى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ:

— سىلى بەرگەن ھېلىقى پۇلغا مەن دېگەن كىتابلارنى تاپالماي، باشقا كىتاب ئېلىپ كەپتۇ. شۇڭا، قەشقەرگە ئۆزۈم بېرىپ كېلەي،— دەپتۇ.

ئەمەت قۇلاجى ئۇنىڭغا 30 سەر كۈمۈش تەڭگە بېرىپ:

— سىلى شۇ كىتابلارنىڭ نامىنى يېزىپ بەرسىلە، مەن بىر ئادەمنى بەلگىلەي، شۇ كىشى تېپىپ ئەكەلسۇن،— دەپتۇ.

[1] ئەمەت قۇلاجى — ئازادلىقتىن ئىلگىرى سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېتىپ شۇ جايدا ۋاپات بولغان.

## ھاكىمنىڭ ئەدىپىنى بېرىش

گومىنداڭ دەۋرىدە كونىشەھەر (ھازىرقى قەشقەر شەھىرى) نىڭ ھاكىمى ئاتۇشتىكى ئۆلۈم نامىزىغا چىقىپتۇ. ئەمەت داموللام ھازا بولۇۋاتقان ئۆينىڭ ھويلىسىغا كىرىپتىكەن، كىشىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشۈپتۇ، ئەمما ھاكىم ئورنىدىن تۇرماپتۇ. ئەمەت داموللام ھاكىمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— قوپسىلا ھاكىم، قوڭلىرى توپا بولۇپ كەتمىسۇن، — دەپ، قوينىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ ھاكىم ئولتۇرغان ئورۇنغا سېلىپ قويماقچى بوپتۇ.

ھاكىم ئەمەت داموللامنى «ساراڭ» دېگىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەسلىدە ئالتىن ئاتۇش مەشھەدلىككەن. ئەمەت داموللام جامائەتكە قاراپ تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

تۆت كوچا مەشھەد ئىچىدە
غەسال جاھاننىڭ ئۆرىقى[1].
يۇرىكىمنى چىشلىۋالدى
ئىتتىپاقنىڭ[2] قانجۇقى.

## شاگىرتلارنىڭ ئوقۇش خىراجىتى ئۈچۈن...

ئەمەت داموللام بىر جۈمە كۈنى قەشقەر ھېيتگاھ جامەسىگە

---

[1] ئۆرىقى — بۆۋىنىڭ ئايال مېيىتنى يۇيۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. (ھاكىمنىڭ ئانىسى بۆۋى ئىدى.)

[2] «ئىتتىپاق» — ئۆز دەۋرىدە قەشقەردە قۇرۇلغان شىركەت بولۇپ، كونىشەھەرنىڭ ھاكىمى بۇ ئىتتىپاقنىڭ ئەزاسى ئىدى.

— بولدى قىلسىلا بەگ، سىلى ئېتىپ بولدىلا،— دەپتۇ مىرەھمەت شەيخ.

نەتىجىدە بۇ زىياپەت كۆڭۈلسىز ئاخىرلىشىپتۇ.

## مەن ئابدال ئەمەس

شېكى شىسەينىڭ ئادەم تۇتۇپ قاماش، ئۆلتۈرۈش سىياسىتى راسا ئەۋجىگە چىققان مەزگىلدە، ئەمەت داموللامغا كۆڭلى يېقىن بىر كىشى: «تەقسىر، ئالتىن ئاتۇشتا ئادەم تۇتۇپ سولاۋاتىدۇ. ئۆزلىرىنى بىر مەزگىل چەتكە ئالسىلا» دەپتۇ. ئەمەت داموللام ئۇنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ، پەيزاۋاتنىڭ گۈللۈك يېزىسىدا كېتىۋاتسا، قوي بېقىۋاتقان باللاردىن بىرى: «ھوي ئاداشلار، ئاۋۇ ئاتلىق كېلىۋاتقان كىشى ئابدال ئوخشىمامدۇ؟ ئۇ خەتنە قىلىدىغان كىشى ئوخشايدۇ، سوراپ كۆرەيلى» دەپتۇ ئەمەت داموللامنى كۆرسىتىپ. باللار ئەمەت داموللامنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ:

— ھوي تاغا، سىز خەتنە قىلىدىغان ئابدالمۇ؟— دەپ سوراپتىكەن، ئەمەت داموللام كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ۋاي باللىرىم، مەن ئابدال ئەمەس. شېكى شىسەي دېگەن مەلئۇن مېنىڭ خەتنەمنى قىلىۋەتمىسۇن دەپ قېچىپ كېلىۋاتىمەن،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## مۇزات داۋىنىدىن قايتىش

ئەمەت داموللام بورتالادىكى ئاكىسى يۇنۇس ئاخۇن بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇنىڭ مىنگەن ئېتى

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش بىرقانچە نۆۋەت تەكرارلىنىپ، ئەمەت قولاچىدىن ئالغان بىرمۇنچە پۇل بىلەن ئەمەت داموللامىنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ كىتاب ۋە تۇرمۇش راسخوتى ھەل بولۇپتۇ.

## بەگنىڭ زىياپىتىنى باھالاش

گومىنداڭ دەۋرىدە ئالتىن ئاتۇشتىكى مەلۇم بىر بەگ ئاتۇشتىكى ئەمەلدار، باي، موللىلارنى چاقىرىپ زىياپەت بېرىپتۇ. بۇ زىياپەتكە قاتناشقان خەلق شائىرى ئەمەت غوجام:

— ھۆرمەتلىك زىياپەت ئەھلى، بۇ داستىخاندىكى زىياپەتنى قانداق باھالىشىدىلا؟— دەپ سوراپتۇ.

— بۇ داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەر «ھالالى تەيىب»[1]،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ زىياپەتتىكى موللىلار بىردەك. ئەمەت غوجام:

— تەقسىر، جانابلىرىچە بۇ جاۋاب توغرىمۇ - قانداق؟— دەپ سوراپتۇ ئەمەت داموللامدىن.

— بۇ داستىخاندىكى نازۇنېمەتلەر «ھارامى خەپسى»[2]. چۈنكى، بۇ تاماق ئاتۇش خەلقىنىڭ قېنى بىلەن يۇغۇرۇلغان،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەمەت داموللام.

— سەن ساراڭنى ئېتىۋېتىمەن!— دەپ، ئۆي ئىگىسى بەگ يېنىدىن تاپانچىنى چىقىرىپ ئەمەت داموللامغا توغرىلاپ تەپكىنى باساي دېگەندە، مىرەھمەت شەيخ دېگەن كىشى ئۇنىڭ قورال تەڭلىگەن قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېتىپتىكەن، «پاڭ» قىلغان ئاۋاز بىلەن ئوق يۇقىرىغا ئېتىلىپ كېتىپتۇ.

---

[1] ھالالى تەيىب — پاك تاماق.
[2] ھارامى خەپسى — نىجىس تاماق.

ئوخشىمامدۇ ؟— دەپتۇ.

— يوقسۇ جامائەت، بۇ ساگزا - قۇيماقلار قوينىنىڭ يېغىدا پىشۇرۇلغان،— دەپتۇ ئەمەت داموللام. مەشرەپ ئەھلى قايىل بولماپتۇ،— ئانداق بولسا، مەن كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۈچ خالىس كىشىنى چاقىرىپ كىرىپ يېگۈزەي، شۇلاردىن سوراپ كۆرۈشسىلە،— دەپ، دەرھال ھېلىقى ئۈچ كىشىنى چاقىرىپ، بۇ ساگزا - قۇيماقلارنى يېگۈزۈپتۇ.

— ساگزا - قۇيماق نېمىنىڭ يېغىدا پىشۇرۇلغانكەن؟— دەپ سوراپتۇ مەشرەپ ئەھلى ئۇلاردىن.

— قوينىڭ يېغىدا پىشۇرۇلغانكەن،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئۈچ كىشى.

مەشرەپ ئەھلى گەپ قىلالماي قاپتۇ.

## زىناخور

ئەمەت داموللام «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسەسى» دە ئوقۇۋاتقان مەزگىلكەن. مۇدەررىسىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ بالا ئوقۇتۇۋاتقان بىرەيلەن دەرسنى تۈگىتىپ كوچىدا كېتىۋاتسا، تونۇش بىر ئايال ئۇچراپتۇ، سالاملاشقاندىن كېيىن: «ھە، قاياققا ماگدىلا» دەپ سوراپتۇ. ئايال: «ۋاي تەقسىر، خېنىمنىڭ تاۋى يوق، داخان ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ھېلىقى موللا: «سىلى خېنىمغا ئېيتسىلا، مەن ئوقۇپ قوياي» دەپتۇ. ئايال كەينىگە يېنىپ ئەھۋالنى خېنىمغا دېگەنكەن، ئۇنى دەرھال باشلاپ كېلىشنى ئېيتىپتۇ. ئۇ ئۆيگە كىرىپ خېنىمغا ئوقۇپ قويۇپتۇ. قايتىدىغان ۋاقتىدا، خېنىم ناز- كەرەشمە بىلەن: «يەنە كەلسىلە» دەپ ئۇزىتىپ قويۇپتۇ. بۇ كىشى بىرقانچە

ئاقسۇ بىلەن غۇلجا ئارىلىقىدىكى مۇزداۋانغا بارغۇچە ئورۇقلاپ كېتىپتۇ. ئەتىسى سەپەرداشلىرى: «تەقسىر، جابدۇنسىلا، داۋانغا قاراپ ماڭىمىز» دەپتىكەن، ئەمەت داموللام: «بۇ ئات بىلەن داۋاندىن ئاشالمايدىكەنمەن. مەن يۇرتقا قايتىپ كېتىپ، ئاكام بىلەن كېيىنچە كۆرۈشەي» دەپ، تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

ئىلىخونىڭ يوللىرى ياخشى ئاتقا مۇۋاپىق،
تەڭ يولدا يېتىۋاپتۇ مۇزات دېگەن مۇناپىق.

مەشرەپ داستىخىنى

مەشرەپ نۆۋىتى كەلگەن ئەمەت داموللام «مەشرەپكە كېلىدىغانلار ئېسىل تائاملارنى يەپ كۆنگەن، كەمبەغەللەرنىڭ مۇشۇ كۈندە نېمە يەۋاتقانلىقىدىن تازا خەۋىرى يوق. ئۇلارمۇ كەمبەغەللەرنىڭ تامىقىنى تېتىپ باقسۇن» دەپ ئويلاپ، مەشھەد بازىرىدىن ئۈچ ئىشلەمچىنى چاقىرىپ:

— سىلەر بۈگۈن بىزنىڭ ئۆيگە زىياپەتكە بارسىلەر، لېكىن كىشىلەرگە كۆرۈنمەي بىر جايغا مۆكۈنۈپ تۇرۇڭلار. مەن چاقىرغان ۋاقىتتا داستىخاندىكى ساڭزا- قۇيماقلارنى راسا يەڭلار. مەشرەپ ئەھلى سىلەردىن: «بۇ ساڭزا- قۇيماقلار نېمىنىڭ يېغىدا پىشۇرۇلغانكەن؟» دەپ سورىسا، سىلەر: «قوينىڭ يېغىدا پىشۇرۇلۇپتۇ» دەپ جاۋاب بېرىڭلار،— دەپ تاپىلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن كالا يېغىدا پىشۇرۇلغان ساڭزا- قۇيماقلارنى داستىخانغا تىزىپتۇ. مەشرەپ ئەھلىگە چاي قۇيۇلۇپ، نازۇنېمەتلەر يېيىلىپتۇ. مەشرەپ ئەھلى ئەمەت داموللامغا قاراپ:

— بۇ ساڭزا- قۇيماقلار كالىنىڭ يېغىدا پىشۇرۇلغان

كەلگەن ئاتقا مىنىپتۇ. ئەمەت داموللام ھېلىقى سالدۇرۇۋالغان چاپاننى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىپ:
— بۇ، مېنىڭ سالىمىگە سوۋغىتىم بولسۇن. خەير، ماڭسىلا،— دەپ يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.
بۇ ئىشتىن تەسىرلەنگەن ئات باقار كىشى: «خۇدايا تووۋا، بۇنداق كىشىنى ئۆمرۈمدە كۆرمىگەنتىم. ئەمەت داموللام ھەقىقەتەن ئەۋلىيا سۈپەت كىشىكەن. مېنىڭ يوقسۇزلۇق ھالىمغا يەتتى» دەپ خۇشال بوپتۇ.

## قورال ئاختۇرۇش

گومىنداڭ ساقچى ئىدارىسى «سىلىدە قورال بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات چۈشتى» دەپ، ئەمەت داموللامنى ئاختۇرۇپتۇ. ئەمەت داموللام:
— بالام، كىنىدىكىمنىڭ تېگىنىرەك ئاختۇر، قورال شۇ جايدا،— دەپتىكەن، چېرىك دەرھال ئاختۇرۇشتىن توختاپتۇ.

## مەن يۈگلۈق كادىر

ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، ئەمەت داموللام كاتتا يايلاقنىڭ «شاخ يادى» دېگەن يېرىدە كېتىۋاتسا، بىر توپ ئاياللار:
— داموللام، سۈگلۈق[1] كادىرلار كېلىۋاتىدۇ. سىلى قېچىپ كەتسىلە،— دەپتۇ.
— نېمىشقا قاچىدىكەنمەن،— دەپتۇ ئەمەت داموللام،— ئۇلار سۈگلۈق كادىر بولسا، مەن يۈگلۈق كادىر.

---

[1] سۈڭ — خەنزۇچە سۇن (كەنت) دېگەن سۆزنىڭ ناتوغرا تەلەپپۇزى.

نۆۋەت خېنىمغا ئۇقۇپ، ئاخىر بىر يەردە بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئەمەت داموللام نامازشامدىن يېنىپ، خېنىمنىڭ مەھەللىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، پەرىجىلىك بىر ئايال ئۇنىڭ ئالدىدىن هودۇققان قىياپەتتە ئۆتۈپتۇ. ئەمەت داموللام گۇمان قىلىپ:

— خېنىم توختىسىلا، نەگە بارىدىلا؟ ئەرلىرىنىڭكىدىن يامانلاپ چىققانمىكىن دېسەم، قولتۇقلىرىدا بوغچا يوق. دادىلىرىنىڭكىگە كېتىۋاتامدىكىن دېسەم، قوللىرىدا چۆپ ئۇسۇلغان تاۋاق يوق،— دەپ، ئۇنىڭ پەرەنجىسىنى قايرىغانكەن، مۇدەررىس ياردەمچىسىنىڭ تونۇش سىيماسى ئايان بولۇپتۇ.

ئەتىسى ئەمەت داموللام مەدرىسەدە مۇدەررىس ياردەمچىسىنىڭ ئەپت - بەشىرىسىنى پاش قىپتۇ. بۇ زىناخور رەسۋا بولۇپ، مەدرىسەگە قايتا قەدەم باسالماپتۇ.

## ئات ۋەقەسى

ئەمەت داموللام كاتتا يايلاق رايونىدىكى كەمبەغەل بىر كىشىگە ئېتىنى باققىلى بېرىپتۇ. بۇ كىشىنىڭ قولى قىسقا بولغاچقا، ئاتنى سېتىپ خىراجەت قىلىۋاپتۇ. ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتكەندە، ئۇ بىر ئات ئېلىپ ئەمەت داموللامنىڭ ئۆيىگە كېلىپ: «تەقسىر، ئاتلىرىنى ئېلىپ كەلدىم» دەپتۇ. ئەمەت داموللام بۇ كىشىنى ئۆيىگە باشلاپ داستىخان سېلىپ، قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن:

— سىلى ماڭا ئېلىپ كەلگەن ئاتنى سىلىنىڭ چاپانغا تېگىشىمەن،— دەپ چاپانىنى سالدۇرۇپتۇ، ئاندىن،— ئاتنى ئېلىپ كەتسىلە،— دەپتۇ.

ئات باققۇچى بىر ئىشىنىپ - بىر ئىشەنمەي، ئۆزى ئېلىپ

كۆرۈشتىلە؟— دەپ سوراپتۇ ئەمەت داموللام.
— ۋاي تەقسىر، «جاي پەچچىم»دە ئاجايىپ بىر ئىشنى كۆردۇق،—دەپتۇ سوپىلار،— ئىگىز تاغنىڭ يېنىدىكى ئىككى تاشنىڭ ئارىسىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىدىكەن.
— ماڭا قاراپ تۇرۇشسىلا،— ئەمەت داموللام ئارقىسىنى قىلىپ بىر ئازگالغا سىيىپتۇ-دە، ئىشتىنىنى ئېتىۋېتىپ،— مېنىڭ ئىككى تېشىمنىڭ ئارىسىدىن كورۇلداپ چۈشكەن سۇنى كۆرۈشتىلىمۇ. مەنمۇ ھەرقايسىلىرى ئۈچۈن، تىرىك ماشايىخ،— دەپتۇ.

## خېلى يېقىن كەلدىلە

ئەمەت داموللام قازى بولغان بىر يىلى ئالتىن ئاتۇش ئۈستەڭ بويىلىق بىر كىشى مەھكىمە شەرئىگە كىرىپ، سالام بېرىپ ئولتۇرۇپتۇ. ئەمەت داموللام ئۇ كىشىگە قاراپ:
— خوش، نېمە ئەرزلىرى باركىن، ئېيتسىلا،— دەپتۇ.
— تەقسىر، مېنىڭ ئوغلۇم خوتۇنىنى تالاققا يېقىن بىر سۆز بىلەن تىللاپ دادىسىنىڭكىگە كەتكۈزۈۋېتىپتۇ. بۇ ھەقتە شەرىئەتتە قانداق پەتىۋا باردۇر، دەپ كىردىم،— دەپتۇ ئۇ كىشى.
— غوجام،— دەپتۇ ئەمەت داموللام ئۇ كىشىگە قاراپ،— باللىرى تالاققا يېقىن گەپ قىلغان بولسا، ئەھۋال ئانچە ئېغىر ئەمەسكەن. ئۆزلىرى تۇرغان مەسچىتنىڭ ئىمامى ئەھۋالنى ئېنىقلاپ نەسىھەت قىلىپ خوتۇنىنى ئەكېلىپ قويسۇن.
ئۇ كىشى ئەمەت داموللامغا رەھمەت دەپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ مېڭىشىغا، ئەمەت داموللام:
— غوجام مۇشۇ سۆزلىرى راستمۇ؟— دەپ سوراپتۇ.
— تەقسىر،— دەپتۇ ئۇ كىشى،— بىز ئەلھەمدۇلىللا ئىمام

## پىتنىخورنىڭ ئەدىپىنى بېرىش

ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتى يولغا قويۇلۇۋاتقاندا، شورۇقلۇق موللاكەنجى قارى: «مەمتىلى ئەپەندى ‹قىزىل پاچاق›، ‹دەھرى›، ‹باللارنى دىندىن چىقىرىدىغان جەدىد››» دەپ، پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇپتۇ. شۇنداق يىغىنلارنىڭ بىرىدە ئەمەت داموللام: «جانابىي رەسۇلۇللا ‹ بىلىم ھەتتا ئەڭ يىراقتىكى چىندا بولسا، ئۆگىنىڭلار› دېگەن. موللا كەنجى قارىئاخۇنۇم تەپ تارتماي يۇرتىمىزدىكى يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە قارشى چىقىۋاتىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ ئاماللىنىڭ يوقلۇقىنى بىلدۈرىدۇ» دەپتۇ. موللا كەنجى قارى ئۇنىڭ زىتىغا تېگىدىغان سۆز قىلغاندا، ئەمەت داموللام تۆۋەندىكى نەزمىنى ئوقۇپتۇ:

چاپادۇر ياناتاقنى دېھقان پەنجى - پەنجى،
موللىلارنىڭ پىتنىخورى موللا كەنجى.

## تىرىك ماشايخ

قەشقەردىن بىر بۆلۈك سوپى - ئىشانلار «ئاتۇش سەيلىسى»گە چىقىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغاندىن كېيىن، شۇيەردە تۈنەپتۇ. ئەتىسى ئارغۇ كەنتىنىڭ شىمالىدىكى قارا تاغ ئىچىگە جايلاشقان «جاي پەچچىم»نى زىيارەت قىلىپ،جەرە سالغاندىن كېيىن، قايتاشىدا ئەمەت داموللام بىلەن كۆرۈشۈپتۇ.

— ھە سوپىلىرىم، ئۇ جايدا قانداق سىرلىق ئەھۋاللارنى

قولىدىن يىپىلەپ خالىي جايغا باشلاپ بېرىپ، باي كىيدۈرۈپ قويغان ھېلىقى كىيىم ـ كېچەكنى سېلىپ، توختىغا كىيدۈرۈپ، ئۆزى يەكتەككە يۆگىنىپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن جامائەت:
— تەقسىر، بۇ قانداق ئىش؟— دەپ سورىغان ئىكەن، ئەمەت داموللام:
— بۇنىڭدىن بۇرۇن توختىغا يوق، ئەمەتكە بار ئىدى. ھازىر ئەمەتكە يوق، توختىغا بار بولدى،— دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

## ئەما خوتۇننى ئەمرىگە ئېلىش

ئەمەت داموللام پەيزاۋاتنىڭ گۈللۈك يېزىسىدا كېتىۋاتسا، يول بويىدا ئولتۇرغان بىر توپ ئادەم ئۇنىڭ قىياپىتىگە قاراپ سالام قىلماي، ئەتراپتا تۇرغان كىچىك باللارغا:
— ئاۋۇ كىشى ئابدال ئوخشايدۇ. كەينىدىن بېرىپ سوراپ كۆرۈڭلار،— دەپتۇ.
كىچىك باللار ئەمەت داموللامنىڭ كەينىدىن بېرىپ:
— ھوي دادا، خەتنە قىلامدىلا؟— دەپ سوراپتۇ.
— سىلەرنى ئەۋەتكەن ئاشۇ كىشى خەتنە قىلىدۇ،— دەپ، ئەمەت داموللام ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ.
بۇ كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن بىرەيلەن: «بىز خاتا قىپتۇق. بۇ كىشى ئالىم ھەم ئەۋلىيا سۈپەت ئەمەت داموللام ئەمەسمۇ؟ بىز داموللامدىن كەچۈرۈم سورايلى» دەپتۇ. ئەمەت داموللام چۈشكەن ئۆي جاڭگالنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر باينىڭ ئۆيى بولۇپ، ئەتىسى جامائەت قوي، كالا، ئاشلىق ئەكېلىپ، ئەمەت داموللامدىن كەچۈرۈم سوراپ قايتىپتۇ. ئەمەت داموللام ئۆي ئىگىسىگە قاراپ: «مۇشۇ ئەتراپتا ئەما ئايال بولسا خوتۇنلۇققا

ئەزەمنىڭ بەندىسى، يالغان سۆزلەشكە هەددىم ئەمەس.

— غوجام، خېلى يېقىن كەلدىلە، ئۆستەڭ بويىلىق كېرىمبەگنىڭ بەندىسى بىز دېسىلە نېمە دېيەلەيتتۇق،— دەپتۇ ئەمەت داموللام.

## بەرگەنگە تۇشلۇق...

كاتتا يايلاقتىكى مەلۇم پېخسىق باينىڭ ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ، قۇرئان ئوقۇتقىلى ئەمەت داموللامنى شاگىرتلىرى بىلەن ئۆيىگە چاقىرتىپتۇ. ئۇ قۇرئاندىن يېرىم پارە ئوقۇپ توختاپ، باينى چاقىرتىپ كىرىپتۇ. ئەمەت داموللام ئورنىدىن تۇرۇپ:

— باي غوجام، بىزگە ئىجازەت قىلسىلا، ناهايىتى زۆرۈر بىر ئىشقا ۋەدە بېرىپ قويغانىكەنمىز، بىز قايتساق،— دەپتۇ.

— ئەمىسە بوپتۇ، سىلىنى تۇتۇپ قالالمايدىغان ئوخشايمەن،— دەپتۇ باي.

— باي غوجام، ئوقۇغانغا لايىق هەق ئېلىپ قايتساقمىكىن،— دەپتىكەن، باي ئەمەت داموللامنىڭ ئۆزىنى ئوسال قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ پۇل بېرىپتۇ.

## توختىغا يوق، ئەمەتكە بار

ئەمەت داموللام پەيزاۋاتنىڭ گۈللۈك يېزىسىدىكى قاسىم باينىڭ ئۆيىگە چۈشۈپتۇ، باي كىيىم - كېچەك تىكتۈرۈپ ئۇنىڭغا كىيدۈرۈپتۇ. ئەمەت داموللام ئەتىسى بامدات نامازدىن كېيىن مەسچىتتىن چىقىپتۇ، توختى ئىسىملىك كەمبەغەلنىڭ ئۇستۇپىشىنىڭ يىرتىق، جەرىدە هالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ

يۈكلەپ كەلدىم» دېگەن مەنىدىكى سۆز ئىدى.

ئابدۇغوپۇر داموللام ئىلىدىن قايتىپ كېلىپ، يەنە «خانلىق مەدرىسە»دە مۇدەررىس، قوشۇمچە قايراق مەدرىسىنىڭ خاتىپى بولغان. ئۇ 1928- يىللىرى يەكەنلىك ئابدۇللا خەلپىتىم ئىسىملىك بىر ئالىم كىشىنى «توقاشلا» (تاۋغاچلا) جامەسىدىكى مەكتەپكە تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزگەن. ئابدۇللا خەلپىتىم ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلىشتىن سىرت، تىل، ماتېماتىكا، لوگىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، تەبىئەت... قاتارلىق پەنلەرگە مۇكەممەل كىشى ئىدى. 1934- يىلى مەمتىلى ئەپەندى ئاتۇشتا يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قوزغىغاندا، ئابدۇغوپۇر داموللام «توقاشلا»دىكى بۇ مەكتەپنى دەرھال پەننىي مەكتەپ قىلىپ ئۆزگەرتىپ، يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىنى قىزغىن قوللاپ - قۇۋۋەتلەش بىلەن باشقا ئوقۇتقۇچىلار قاتارىدا ئابدۇللا خەلپىتىمنى داۋاملىق ئىشلەتكەن.

1929- يىلى ئۈستۈن ئاتۇش بىلەن بەشكېرەم ئوتتۇرىسىدا سۇ ماجىراسى يۈز بەرگەن. يۇرت خەلقى موللا ئەيسا خەلپىتىم بىلەن ئابدۇغوپۇر داموللامنى ۋەكىل قىلغان. قەشقەر ئامباللىرى دەۋانى ئادىل سورىمىغانلىقتىن، ئابدۇغوپۇر داموللام ئۇلار بىلەن بولغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە: «مەن ھەممىدىن كەچسەم كېچىمەن، ھەتتا ھاياتىمدىنمۇ كېچىشكە رازى. لېكىن، يۇرتتىكى كەمبەغەل - نامراتلارنىڭ، ئىگە - چاقىسىز تۇل خوتۇن، سەخىرلەرنىڭ مەنپەئىتىدىن كەچمەيمەن» دەپ، ناھەق مۇرەسسەگە كېلىشمىگە قول قويغىلى ئۇنىمىغان. شۇنىڭدىن كېيىن، خەلقنىڭ ئابدۇغوپۇر داموللامغا بولغان ھۆرمىتى ئېشىپ، خەلق قەلبىدىكى ئوبرازى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن. سۇ دەۋاسى بولۇپ بەش ئايدىن كېيىن، ئابدۇغوپۇر داموللام قەشقەر

ئالاتتىم» دەپتۇ. باي «ئەمەت داموللامنىڭ بىرەر مەقسىتى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، 40 ياشلىق بىر ئەما تۇل ئايالنى تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇ خوتۇن ئۆز رازىلىقى بىلەن ئەمەت داموللامغا تېگىپتۇ. بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن، ئەمەت داموللام: «مەن بىر ئايدىن كېيىن كېلىمەن. مەن كەلگۈچە مۇشۇ قوي، كالىلارغا قاراپ تۇر» دەپتۇ. ئەمەت داموللام بىر مەزگىلدىن كېيىن كېلىپ، نۇرغۇن ئىقتىسادنى بېرىپ: «ئەمدى مۇشۇنىڭ بىلەن جېنىڭنى جان ئەت» دەپ ئۇ خوتۇننى قويۇپ بېرىپتۇ.

## 13. ئابدۇغوپۇر داموللام

ئابدۇغوپۇر داموللام 1879 - يىلى ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسىنىڭ قايراق كەنتىدە ئۇلتۇرۇشلۇق سەيدىن ئاخۇن خەلپىتىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئابدۇغوپۇر داموللام بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە زات ئىدى. ئۇنىڭ دىنىي بىلىمى چوڭقۇر بولۇپ، ئۆسمۈرلۈك ۋاقتىدا قايراق مەدرىسەسىدە، كېيىن قەشقەر «خانلىق مەدرىسەسى»دە ئوقۇغان. ئابدۇقادىر داموللام ئۇنىڭ ئىلىم - مەرىپەت تارقىتىشتىكى ئۇستازى ۋە يول باشچىسى ئىدى. ئابدۇغوپۇر داموللام 1916 - يىلى «خانلىق مەدرىسە»دىكى ئوقۇشنى ئەلا نەتىجە بىلەن تۈگىتىپ، ھۆكۈمەتنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىلىغا بېرىپ، ئۇ يەردە تۆت يىلغا يېقىن قازى بولغان. ئۇ ئىلىدىن قايتقاندا، باشقا ھېچقانداق نەرسە ئالماي، تۆت ئاتقا كىتاب ئارتىپ كەلگەن. باشقىچە كۆزقاراشتا بولغان كىشىلەرگە ئۇ: «مەن غۇلجىنىڭ يېرىمىنى يۆكلەپ كەلدىم» دېگەن. بۇ، باشقىلارنىڭ «داموللام باي بولماي كەپتۇ» دېگەن سۆزىگە رەددىيە ئاساسىدىكى «ئىلىم

كونىشەھەرنى ئېلىپ بولۇپ،
يېڭىشەھەر بىلەن تۇتۇشتۇق.
مىلتىق - ياراغلىق بولۇپ،
ئىككى ئايدەك ئېتىشتۇق.

ھەل بولمىدى يېڭىشەھەر،
بەكمۇ غىلاڭ يەر ئىكەن.
بىز تۇرغان يەر ئەڭ خەتەر،
سېپىل ئېگىز شەھەر ئىكەن.

ئابدۇغوپۇر داموللامنىڭ قوشۇنى خوتەنگە يۈرۈش قىلىپ گومىغا بارغاندا، يۈسۈپ تۆەنجاڭ، كىچىك ئاخۇن تۆەنجاڭلار قىسىم تۇرغان يەرگە كېلىپ: «تۆمۈر سىجاڭنى قىرغىز ئوسمان ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن (ئەمەلىيەتتە تۆمۈر سىجاڭ تۇڭگانلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن). بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئابدۇغوپۇر داموللامنىڭ قوشۇنى كەينىگە قايتىپ قەشقەرگە كەلگەن ۋە قەشقەردىكىلەر بىلەن بىرلىشىپ يېڭىشەھەرگە ھۇجۇم قىلغان.

قەشقەرنىڭ كېيىنكى ۋەزىيىتىگە ئاساسەن، ئابدۇغوپۇر داموللام ئۈستۈن ئاتۇشقا چېكىنگەن ۋە ئۈستۈن ئاتۇش خەلقىنى تاغ ئارىسىغا چىقىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان. بۇ جەرياندا بىر قانچە قېتىم ئۇرۇش بولغان، ئۇلار يول - يولغا پىستىرمە قويغان. قوغلاپ كەلگەن تۇڭگانلار تاغقا چىقماي، يۇرت ئىچىدە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، قەشقەرگە قايتقان. 1933-، 1934- يىللىرى باۋۇدۇنباي، ھۈسەنبايلار چەت ئەلدىن يانغاندا، ئابدۇغوپۇر داموللامنىڭ قوشۇنى بىلەن خەلق قارشى ئالغىلى ئالدىغا چىققان. باۋۇدۇنباي: «داموللام، بۇ ئىش (ئەسكەر باشلاپ يۈرگەنلىكى) سىلىنىڭ خاراكتېرلىرىگە ماس كەلمەيدۇ. قوللىرىنى بۇ ئىشتىن يۇيۇۋەت-

ئامباللىرى تەرىپىدىن ئاقسۇغا پالانغان. ئارىدىن بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتكەندە، ئابدۇغوپۇر داموللامنىڭ ئىنىسى ئەبەيدۇللا قارىھاجى تۇرمە دائىرىلىرىگە پارا بېرىپ، ئاكىسىنى قۇتقۇزۇپ چىققان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇغوپۇر داموللام ئۇچتۇرپان ئارقىلىق يۇرتقا قايتىپ كەلگەن. ئۇ كەلگەن كۈنى 4000 — 5000 دەك ئادەم يىغىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قوراللىق قارشى تۇرۇش ھەققىدە نۇتۇق سۆزلەپ، غوجى نىيازھاجى، تۆمۈر سىجاڭلارنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىنى خەلققە تونۇشتۇرۇپ، خەلقنى ئىلھاملاندۇرغان. نەق مەيداندىلا پۇلى بارلار پۇل، مېلى بارلار مال، ئات ـ ئۇلىغى بارلار ئات، ھېچ نەرسىسى يوقلار بالىلىرىنى ۋە ئۆزىنى تىزىملىتىپ، بىردەمدىلا 600 كىشىلىك قوشۇن قۇرۇلغان.

ئابدۇغوپۇر داموللام قوشۇننى رەتكە سېلىپ، ئۆزىگە سىيىتئاخۇن، ئوسمان يۇسۇپى دېگەن ئىككى ياشنى كاتىۋاي قىلىپ، ئەترەت باشلىقلىرىغا مىلتىق، ئات، قالغانلىرىغا نەيزە، كالتەك ـ توقماق تارقىتىپ بەرگەن. شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ، ئوسمان قىرغىزنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلۇپ، قەشقەر شەھرى ۋە يېڭىشەھەردىكى ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قەشقەرنى ئىشغال قىلغان. بۇ چاغدا ئابدۇغوپۇر داموللامنىڭ قوشۇنىغا ئىسلام ئەپەندى (سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان) بىلەن سوپى ئەپەندى دېگەن كىشىلەر سىياسىي يېتەكچى بولغان. شۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇش ۋەزىيىتى توغرىسىدا ئابدۇغوپۇر داموللامنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىغا قاتناشقان مۇھەممەت ناپىر (كېيىنكى چاغلاردىكى مەشھۇر خەلق قوشاقچىسى) ئىسىملىك جەڭچى تۆۋەندىكى قوشاقنى توقۇغان:

ئىچىدە بەلگىلىك ئىناۋەتكە ئىگە ئىدى. ئۇ مەمتىلى ئەپەندىدىن كېيىن، بىر مەزگىل ئاتۇش ناھىيىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا رەئىس، ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى تېجەن مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقان. ئۇ كىشى دۇتار، تەمبۇر چېلىشقا ئۇستا بولۇپ، خەلق ناخشىلىرىنى ئوقۇشتىن باشقا، ئۆزى يازغان نەزمىلىرىنىمۇ ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇغان. ئۇنىڭ يازغان تولۇق مەزمۇنلارغا ئائىت نەزمىلىرى كۆپ بولۇپ، تاپالمىدىم. تۆۋەندە، ئۆزۈم ئېرىشكەن نەزمىلىرى مىسال كۆرسىتىلدى.

مۇزلىدى

ساستىكى بۇلاق سۈيىدە
نەچچە غازلار مۇزلىدى.
ئۆمۈرى ئىچىدە ئاڭلىغانمۇ
بور قايلا[1] مۇزلىدى.

تەشلىكى مېھمانخانىدە[2]
ئەھمەت قولى ھەم مۇزلىدى.
يەر ئاستىدا ھەم ساقلىغان
قوغۇن - پىيازلار مۇزلىدى.

[1] بورقاي (توگمەن) بۇلاق سۈيىدە قىش پەسلىدىمۇ توڭلىماي چۆرگىلەيدىغان توگمەن كۆزدە تۇتۇلغان.
[2] تەشلىكى مېھمانخانا (تاشقارقى مېھمانخانا).

-سىلە» دېگەن. ئابدۇغوپۇر داموللام شۇنىڭدىن كېيىن، قەشقەر «خانلىق مەدرىسەسى»نىڭ مۇدەررىسلىكىنى، قايراق جامەسىنىڭ خاتىپلىقىنى ئۆتىگەن. ئۇ 1935- يىلى شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە بىرىنچى نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى چاقىرغاندا، ۋەكىل بولۇپ يىغىنغا قاتنىشىپ، قەشقەرلىك ئابدۇغوپۇر شاپتۇل داموللىنىڭ قۇرۇلتايدىكى سۆزىدىن ناھايىتى نارازى بولغان.

1949- يىلى شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، ئابدۇغوپۇر داموللام ئۇستۇن ئاتۇشتا ئېلىپ بېرىلغان يەر ئىسلاھاتى خىزمىتىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان. ئۇ 1956- يىلى ئۈرۈمچىدە چاقىرىلغان ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ بىرىنچى نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا قاتناشقان. شۇ مەزگىلدە ئابدۇغوپۇر داموللام قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئابدۇغوپۇر داموللام 1957- يىلى ئالەمدىن ئۆتۈپ، ئۆز يېزىسىغا دەپنە قىلىنغان.

## 14. خەلق شائىرى ئەمەت غوجا



ئەمەت غوجا 1890- يىلى ئالتىن ئاتۇش مەشھەد كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق مەھمۇد ھېكىمبەگنىڭ بالىسى مىرغوجا ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ، 1974- يىلى 83 يېشىدا ۋاپات بولغان.

ئەمەت غوجا ئوچۇق - يورۇق، كەڭ قورساق، بىلىملىك، خەلقپەر-ۋەر، دېموكراتىك زات بولۇپ، خەلق

ئەمەت غوجا ياش ۋاقىتلىرىدا مەشھەدتىكى دوستلىرى بىلەن مەشرەپ ئوينىغان. بۇ مەشرەپكە ساز چالىــــدىغان، چاقچاق قىلىشىدىغان، مەشرەپنىڭ كەيپىياتىنىـــــى قەستەن بۇزىدىغان كىشىلەر يىغىلىدىكەن. ئەمەت غوجا مەشرەپتىكى كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە لەقىمىنى قوشۇپ، تۆۋەندىكىچە نەزم يازغان:

بۇ بەزمىدە مەخسۇم نازۇك[①]،
ئاخىر بىر كۈن بالاسى بار،
ئاغزى بۇزۇق ئالدىراڭغۇ،
مەمتىلى ئاخۇن كالاسى بار.

تۇزاقچىسى قادىر مۇشۇك[②]،
چاتاقچىسى ھوشۇر ئېشەك.
ھىچ يەردە يوق بۇ خىل بەزمە،
تۆۋەن ئارا ھاۋاز ئەزمە.

توختامى مەشرەپ ئاپتۇ،
جاھاننىڭ ئامانلىقىدا.
مەشرەپ ئەھلى يېتىپ كەلسە،
يېتىۋاپتۇ سامانلىقىدا.

① مەخسۇم نازۇك— ئابلا مەخسۇم 1947 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان. ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن ئۈرۈمچىدە بانكا باشلىقى بولۇپ، ئاپتوموبىل ھادىسىسىگە يولۇققان.
② تۇزاقچىسى قادىر مۇشۇك - قادىر ھاجىم پاكار دېگەن كىشىگە قويۇلغان لەقەم.

بۇ يىل ئىككى پۇتۇمدا،
ئىككى چوقايلار مۇزلىدى.
مەشلىك ئۆينىڭ دۆلتىدە،
«يەتتە تۇڭ ماي مۇزلىدى».

لاپ ئۇرۇپ ئاغزىمنى ئاچسام،
ئاغزىممۇ ھەم مۇزلىدى.
ساستىكى بۇلاق سۈيىدە
نەچچە ئۆردەك مۇزلىدى.

يۇقىرىقى تۆت كۇپلېت نەزم ئاتۇشتا بىر يىلى بولغان ناھايىتى قاتتىق سوغۇق ھەققىدە يېزىلغان. ئەمەت غوجا «تۆت كىشلىك گورۇھ»نىڭ قاتتىق زەربىسىگە ئۇچراپ، ئۆز ئەھۋالى توغرىسىدا مۇنداق نەزم يازغان:

دەرد ـ ئەلەملىك مەن بولگۈن،
دەردكە داۋا بارمۇ بولگۈن.
ئاتۇشى مەشھەد ئىچىدە،
تۇرمۇشۇم دۆگباغ[1] بولگۈن.

يېشىم يەتكەن قىرى لاۋخەن،
تىرىق تالقانىمۇ يەيمەن.
يېتىشىم ياماق يوتقان،
تاۋار يوتقانغا بەرمەيمەن.

[1] دۆگباغ — مەشھەدنىڭ ئايغىدىكى تۆپىلىك بولۇپ، ئەمەت غوجا مەشھەدتىكى ئۆيىدىن ئائىلىسى بىلەن مۇشۇ جايغا ئاپىرىپ قويۇلغان.

ئاتۇش قاتارلىق جايلاردا ياشاۋاتقان ئەۋلادلىرىنىڭ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

## 15. ئەبۇ بەكرى زەلىلى

30 يىل ئىلگىرى مەن خۇسۇسىي ئىش بىلەن قەشقەردىن ئالتىن ئاتۇشقا بارغان ئىدىم. ئاتۇشتىكى زىيالىيلاردىن رىشادخان ۋە ئابلەت ھاجىم بىلەن ئۇچرىشىپ، ھەمسۆھبەت بولدۇم. رىشادخان ئاكا ئالتىن ئاتۇش ئازغان يېزىسىدا ئۆتكەن ئالىم، شائىر ۋە مەتبۇئاتچى ئەبۇ بەكرى زەلىلى توغرىسىدا سۆزلەپ كېلىپ، غوجا نىيازھاجى قوماندانلىقىدىكى قوزغىلىڭغا رەھبەرلىك قىلىپ، 1934- يىلى قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى ۋە بۇ قوزغىلاڭنى قىزغىن مەدھىيىلەپ، ئەبۇ بەكرى زەلىلى يازغان نەزمنى ئوقۇپ بەردى. مەن شۇ سورۇندا بۇ نەزمنىڭ بىر قىسمىنى يېزىۋالدىم. يېقىنقى يىللاردا ئەبۇ بەكرى زەلىلىنىڭ بالا - چاقىلىرى ۋە تۇغقانلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، بەزى مەلۇماتقا ئىگە بولدۇم.

ئەبۇ بەكرى زەلىلى 1898- يىلى ئالتىن ئاتۇش رايونىنىڭ ئازغان كەنتىدىكى دىنىي زات بۇرھانىددىن ئىمام ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ تەخەللۇسى زەلىلى. ئەبۇ بەكرى زەلىلى ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ساۋاتىنى چىقارغان، 1912- يىلى 14 ياش ۋاقتىدا خەتمىدىن ئۆتكەن. بۇرھانىددىن ئىمام ئۆز پەرزەنتىنىڭ قۇرئان خەتمىسىدىن «لوقما يېمەي» ئۆتكەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولغان ۋە ئۇنىڭ ئالىم بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلىپ، ئايالى ئايلاخېنىم بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسەسى»گە ئوقۇشقا بەرگەن. ئەبۇ بەكرى زەلىلى بۇ مەدرىسەگە كىرگەندىن

قىزىتقۇسى[1] دوستۇم تۇردى،
سوۋۇتقۇسى مەممەت پوق.
بۇ بەزمىدە كۆپچىلىكنىڭ
ھاياسى تۆگۈل، ئۇياتى يوق.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان جامەسىنىڭ خاتىپى خەتىۋاجىم 1980- يىللار ئىچىدە قازا قىلغان بولۇپ، ئەمەت غوجا مەرھۇم خەتىۋاجىمنىڭ مېيىت نامىزىغا قاتناشقاندىن كېيىن، تۆۋەندىكىچە نەزم يازغان.

بۈگۈن ئاتۇش ئىچىدىن
گەۋھەرى قىممەت باھا كەتتى.
رەسۇلى مۇستاپا ئېيتقان،
يېنىپ تۇرغان چىراغ كەتتى.
تېۋىپ ئېيتتى ئەي نادان،
بۈگۈن نۆۋبەت ساڭا يەتتى.

مەرھۇم ئەمەت غوجا يۇرت تارىخى ھەققىدە بەزى ئەسەرلەرنى، مەسىلەن «خانئۆي» تەزكىرىسىدىن ئىبارەت يىگانە تارىخىي قولىيازمىنى ساقلىغان. بۇ تارىخىي شەخسنىڭ تۇغقانلىرى، باللىرى، مەشھەد ۋە باشقا جايلاردىكى مەرھۇمغا زامانداش كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش جەريانىدا، ئۇزاقتىن بېرى توپلىغان ئاز - تولا مەلۇماتنى ئۆز چۈشەنچەم بويىچە رەتلەپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇم. مەرھۇمنىڭ ئۇرۇمچى، قەشقەر،

---
[1] قىزىتقۇسى — دۇتارچى.

نەۋائى ئەسەرلىرىنى زور ئىشتىياق بىلەن ئۆگىنىپ، ئۇستازلىرىنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى تارتقان. نەزم يېزىشتا ئۇ ساۋاقداشلىرى ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، كەلگۈسى شېئىرىيەت تەپەككۇرىغا ياخشى ئاساس سالغان. ئەبۇ بەكرى زەلىلى 1912 — 1923- يىلىغىچە بولغان 11 يىللىق مەدرىسە ھاياتىدا نوپۇزلۇق دىنىي كىتابلاردىن «سەرپ نەھۋى»، «جەلالى»، «مىشكات»، «تەپسىرى ھۈسەينى»نى تۈگىتىپ، ئىمتىھاندىن ياخشى باھا بىلەن ئۆتۈپ ئوقۇش تاماملىغان. ئۇ مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان ئاخىرقى مەزگىللەردە ئۆز يۇرتىدىكى ھەمراخان ئىسىملىك قىزغا ئۆيلەنگەن بولۇپ، تۇرسۇنخان، مۇھەممەد ئىسىملىك ئىككى پەرزەنت كۆرگەن، بۇلار ھازىر ھايات. ئەبۇ بەكرى زەلىلىنىڭ ئالىم ۋە خەلقپەرۋەر زات ئىكەنلىكى توغرىسىدا تۆۋەندىكى ئىككى ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن.

1) ئەبۇ بەكرى زەلىلى مەدرىسەدە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدە رامىزان ئېيى كىرىش بىلەن «قۇرئان خەتمىسى» باشلىنىپتۇ. ئۇستاز ھابىل ھاجىم خەتمىگە تۇرۇپ، سۈرە ئوقۇپ كېلىۋېتىپ بىر يەرگە كەلگەندە، خاتا ئوقۇپتۇ. ئەبۇ بەكرى زەلىلى دەرھال «لوقما تاشلاپتۇ»، ئۇستازى سۈرىنى تۈزىتىپ قايتا ئوقۇپتۇ. ئەتىسى دەرسخانىغا كەلگەن ئەبۇ بەكرى زەلىلىنى ئۇستازى ھابىل ھاجىم دەرسخانىدىن چىقىرىۋېتىپتۇ. بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن؛ ھابىل ھاجىم ئەبۇ بەكرى زەلىلىنى چاقىرتىپ كېلىپ: «ئەبۇ بەكرى ئاخۇن سىلى توغرا قىلدىلا، قۇرئان سۈرىلىرىنى خاتا ئوقۇش زور گۇناھ، مېنى كەچۈرسىلە...» دەپ ئەپۇ سورىغان.

2) ئەبۇ بەكرى، زەلىلى ئۆزى ياشىغان دەۋردىكى ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك ۋە كەمبەغەللەرنىڭ قىيىن ئەھۋالى ھەققىدە كۆپ باش قاتۇرىدىكەن. ئۇ بىر دۈشەنبە كۈنى مەشھەد بازىرىغا بېرىپ

كېيىن، ھابىل ھاجىم قاتارلىق مۇدەررىسلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇتۇشىغا مۇيەسسەر بولۇپ، تىرىشىپ ئوقۇغان. مەدرىسەدە ئاۋۋال ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىش شەرت ئىدى. ئەبۇ بەكرى زەلىلى بىرقانچە يىل ئەرەب - پارس تىللىرىنى ئۆگىنىپ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتكەن.

«سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسەسى»دە ئاساسىي دەرسلەردىن سىرت، ئاسترونومىيە، تارىخ، تەبىئەت، جەرراھلىق (تېبابەت) قاتارلىق ئىلىملەرنى ئۆگەنگەندىن باشقا، نەۋائى قاتارلىق كلاسسىك شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆگىنىش شەرت قىلىناتتى. مەسىلەن، ھىجرىيىنىڭ 1275- يىلى (1858-، 1859- يىللىرى) كاتىپ موللا ئابدۇرېھىم بىننى موللاھەسەن مەشھەدى (ئالتىن ئاتۇش مەشھەدلىك) ئابدۇرېھىم نىزارى تەييارلىغان نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ، كۆپەيتىپ، «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسەسى»دىكى ئوقوغۇچىلار ئۈچۈن دەرسلىك قىلىپ تەييارلىغان (بۇ نۇسخا ھازىر قولۇمدا بار). بۇنىڭدىن باشقا، ھىجرىيىنىڭ 1282- يىلى (1855-، 1856- يىللىرى) ئۇلۇغبەگنىڭ ئاسترونومىيە ھەققىدىكى كىتابىغا قوشۇپ تۈپلەنگەن دۇنيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخى، قەدىمكى مەشھۇر شەھەرلەر، قەبىلىلەر، تاغ - دەريالار، ھايۋانات، ئۇچار قۇشلار، ئادەمدە كۆرۈلىدىغان كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ داۋاسى قاتارلىق مەلۇماتلار يېزىلغان 256 ۋاراقلىق كىتاب ئالتىن ئاتۇش مەشھەد كەنتىدە نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلىپ، مەدرىسە ئوقۇغۇچىلىرىغا تارقىتىپ بېرىلگەن (ئۇنىڭ بىر نۇسخىسى مەندە ساقلىنىۋاتىدۇ).

ئەبۇ بەكرى زەلىلى «سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مەدرىسەسى»دە تۆرلۈك ساھەدىكى بىلىملەرنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن، بولۇپمۇ

ئابدۇدىن مەۋلەۋى داموللاھاجىم بىلەن «دىۋەبەن مەدرىسە»سىدە بىر مەزگىل بىللە تۇرغان. ئەبۇ بەكرى زەلىلى باشقا ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا «دىۋەبەن مەدرىسەسى»نىڭ نوپۇزلۇق مۇدەررىسلىرىدىن شىببى رەھمەت ئوسمانى، بەدرۇل ئالىم، زەكەرىيا قۇددۇس قاتارلىق ئالىملارنىڭ نوپۇزلۇق تەپسىرلىرىنى ئاڭلاپ، نەزەر-دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيگەن. ئۇ قەشقەردىكى مەشھۇر شائىر، مەتبۇئاتچى قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەتبەئە كەسپىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، بىر بۆلۈك مەتبەئە قوراللىرى ۋە مەتبەئەدە ئۇيغۇرچە خەت بېسىش لازىمەتلىكلىرىنى ھازىرلىغان. ئەبۇ بەكرى زەلىلى بۇ مەتبەئەدىن پايدىلىنىپ، ئۆز يۇرتىدىكى خەلق چۈشىنىدىغان تىل بىلەن «شەرھى ۋەقايى»، «ھەپتىيەك»، ئابدۇقادىر داموللام ئەسەرلىرىدىن «ئەقائىد زەرۇرىيە»، «نەسىھەتى ئامما»، «ئىبادەت ئىسلامىيە»، «جاۋاھىرۇل ئىقان»... قاتارلىق كىتاب ھەمدە «قۇرئان كەرىم»نى بېسىپ، سودىگەرلەر ئارقىلىق يۇرتىغا ئەۋەتكەن.

ئەبۇ بەكرى زەلىلى ھىندىستاندا ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئانىسى ئايلا خېنىم ۋاپات بولغان. ئۇ ئانىسىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ، بىر پارچە نەزم يېزىپ ئەۋەتكەن. ئۇنىڭ يۇرتتىكى تۇغقانلىرى ئوقۇغان بۇ نەزمدىن بىر كۇپلېت ھازىرغىچە ئېيتىلىپ كەلمەكتە:

ئاللاھ - ئاللاھ دەپ يېتىپ،
تۈنلەر بۆشۈكنى تەۋرىتىپ،
ھېچ ۋاپا كۆرمەي ئۆلۈپسىز،
جەبرىمىزگە سەبرە ئېتىپ.
...

ئەبۇ بەكرى زەلىلى ھىندىستاندا ئوقۇۋاتقان مەزگىللەردە،

بىر جىڭ گۆش ئېلىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. مەھەللىسىگە كەلگەندە ئىككى نەپەر تۇل ئايالنىڭ ئىشىك ئالدىدا مۆكۈنۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىچى سىيرىلىپ: «سىلەرگە دۈشەنبىلىك گۆش ئالغاچ كەلدىم» دەپ گۆشنى ئىككىگە بۆلۈپ، ئىككى ئايالنىڭ قولىغا بېرىپتۇ. بۇ ئىككى تۇل ئايال ھاياجىنىنى باسالماي، كۆزىگە ياش ئېلىپ رەھمەت ئېيتىپتۇ. ئەبۇ بەكرى زەلىلىنىڭ قورۇق قول ئۆيىگە كىرگەنلىكىنى كۆرگەن ئايالى ھەمراخان: «داموللام، گۆش قېنى؟ بۈگۈن دۈشەنبە، مەن ئارتۇچ چۆپىگە خېمىر يۇغۇرۇپ قويغان» دەپتۇ. ئەبۇ بەكرى زەلىلى: «بۈگۈن گۆشسىز پېتىر چۆپ قىلسىلا» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئەتىسى گۆشنىڭ خەۋىرىنى بىلگەن ھەمراخان ئۆز ئېرىنىڭ كەمبەغەلپەرۋەرلىكىنى بىلىپ، تەسىرلىنىپتۇ.

ئەبۇ بەكرى زەلىلى تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، ئاتا - ئانىسىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىپ، 1923— 1930- يىللىرىغىچە بۇخارادىكى مەدرىسەلەردە يەتتە يىل ئوقۇغان. ئەبۇ بەكرى زەلىلى 1930- يىلى بۇخارادىن قايتىپ كېلىپ، ھەر جۇمە نامىزىغا توپلانغان خەلققە رۇسىيىدىكى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى، رۇسىيە ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ ئازاد بولغانلىقىنى كەڭ تەشۋىق قىلغان. بۇ تەشۋىقات شىنجاڭ ھۆكۈمرانى جىن شۇرېننىڭ يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىنىڭ دىققىتىنى تارتقان. ئەبۇ بەكرى زەلىلىگە خەۋپ يېقىنلاپ كەلگەندە، يۇرتتىكى نوپۇزلۇق كىشىلەر ئۇنى «ئوقۇش» نامى بىلەن ھىندىستانغا يولغا سالغان.

ئەبۇ بەكرى زەلىلى 1930- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ھىندىستانغا بېرىپ ئوردۇ تىلىنى ئۆگىنىپ، ھىندىستاندىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «دىۋبەن مەدرىسەسى»دە ئوقۇغان، يۇرتدىشى زەينىل

ئەمدى نەۋبەت كەلدى بىزگە ئەي مەزلۇم قېرىنداشلار،
باتۇرلۇقنىڭ پەسلىدۇر بۇ، كۆزۈڭ ئاچ ئەي قېرى ــ ياشلار،
نەلەر قىلدى بۇ زالىملار، ئويلىغىل ئەي قېرىنداشلار،
ياغار ئېردى زۇلۇملەردىن بېشىمىزغا دائىم تاشلار،
كۆزلىرىڭدىن قان ئاقاتتى ئاشۇ كۈنلەر قېرىنداشلار.

ئەبۇ بەكرى زەلىلىدۇر دوستلارنىڭ خادىمى،
بۇرھان ئوغلى، كاشغەر كەنتى ئاتۇش ئادىمى،
ئاگلاپ يۇرت ئازادىنى، كەتتى ئانىڭ مىڭ غەمى،
مەستانەۋش ئەپسانىلەر يازدى ئولكى كۆپ كەمى،
ئەفۋ ئەيلەڭلار، ئەيىب ئەتمەڭلار مېنى ئەي قېرىنداشلار.

ئەبۇ بەكرى زەلىلى 1934- يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ، مەتبەئە قوراللىرىنى ئۈچ ئاتقا ئارتىپ، لاداق يولى بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كېلىپ، بىر مەزگىل ئائىلىسىدە تۇرغان. قۇتلۇق ھاجى شەۋقى ئەبۇ بەكرى زەلىلىنى قەشقەر شەھىرىگە قايتۇرۇپ كېلىپ، مەتبەئە سايمانلىرىنى قۇراشتۇرۇپ، بىرلىكتە كىتاب بېسىشقا كىرىشكەن. قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئەبۇ بەكرى زەلىلى قەشقەر ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن ھېيتگاھ جامەسىنىڭ مۇدەررىسلىكىگە تەكلىپ قىلىنغان. ئۇ 1935-، 1936- يىلىغىچە قەشقەردە قۇتلۇق ھاجى شەۋقىگە ياردەملىشىپ، مەتبەئەچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشتىن سىرت، ھېيتگاھ جامەسىدە مۇدەررىسلىك قىلغان. شېڭ شىسەيىنىڭ نوپۇزلۇق كىشىلەرنى تۇتۇش دولقۇنى باشلانغاندا، ئەبۇ بەكرى زەلىلى كىشىلەرنىڭ تەۋسىيىسى بىلەن مەتبەئە سايمانلىرىنى ئاتۇشقا يۆتكەپ كەتكەن.

سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئاتۇش شور

شىنجاڭدا جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتى ۋە قۇمۇل ۋاڭغا قارشى خوجا نىيازھاجى رەھبەرلىكىدىكى قۇمۇل دېھقانلار ئىنقىلابى پارتلىغان. بۇ ئىنقىلابنىڭ تەسىرى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىغا كېڭىيىپ، قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى قەشقەرگە يېتىپ كەلگەن. جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ جايلاردىكى يەرلىك ئورۇنلىرى ئارقا-ئارقىدىن ئاغدۇرۇلغان. بۇ خەۋەر تېزلىكتە ھەرقايسى ئەل گېزىت-ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان. ھىندىستان گېزىت - ژۇرناللىرىدىن بۇ خەۋەرنى ئوقۇپ بىلگەن ئەبۇ بەكرى زەلىلى ئۇيغۇرچە 74 مىسرا، ئەرەبچە 20 مىسرا، جەمئىي 94 مىسرا نەزم يېزىپ، ئۆز مەتبۇئاتىدا 400 نۇسخا بېسىپ تەييارلاپ، 1934- يىلى يۇرتقا ئەۋەتكەن. بۇ نەزمنىڭ مەرھۇم رېشادخان ئاكىدا ساقلانغىنى تۆۋەندىكىچە:

مۇبارەك ساڭا يۇرتۇم، زېمىستانىڭ باھار بولدى،
يانا بارانى نۇسرەتتىن جاھانىڭ سەبزىزار بولدى،
تەمەئ بار ئەردى ھەر دىلدا چەمەنلەر گۈلشەن ئولغاي دەپ،
بىھەمدۇللاھكى ئەبرى شەرقىدىن لالىزار بولدى،
قارا يانتاق ئىچىدە يەسمەنگۈل تاجدار بولدى.

باھار بولسۇن ھەمىشە، كەلمەسۇن بادى خەزان يارەب،
تولۇپ بوستان بولبۇللارغا، گۈللەر سولمىسۇن يارەب،
خۇش ئاۋاز تۇتىلەر توزدەك نەۋادىن قالمىسۇن يارەب،
بۇ جارى سەلسەبىل كاشغەر توختالمىسۇن يارەب،
قۇمۇل ئاھۇسىدىن ئەنبەر خوتەنگە ئىنتىشار بولدى.

## 16. مۇھەممەت يۈسۈپ تۈركىي (مۇھەممەت خەلپىتىم) ۋە ئۇنىڭ نورۇز نەزمىلىرى



مۇھەممەت يۈسۈپ تۈركىي 1901- يىلى ئالتىن ئاتۇش مەشھەد كەنتىنىڭ قۇمباغ مەھەللىسىدىكى ئىجارىكەش دېھقان يۈسۈپ ئاخۇن ئاكا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، 1986- يىلى 85 يېشىدا ۋاپات بولۇپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

مۇھەممەت يۈسۈپ تۈركىي ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدا بىر تەرەپتىن ساۋاتىنى چىقىرىپ، بىر تەرەپتىن بايلارنىڭ يېرىنى ئىجارە ئالغان دادىسىغا ياردەم بېرىش بىلەن جاپالىق ئەمگەك شارائىتىدا، پۈتى زەخىملىنىپ، ئۆمۈر بويى ئاقساپ ماڭىدىغان بولۇپ قالغان. شۇڭا، كىشىلەر بۇ مەرھۇم زاتنى «مۇھەممەت توكۇر خەلپىتىم»، «توكۇر خەلپىتىم» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭ ئىلىمگە بولغان ئىشتىياقى بەك يۇقىرى بولۇپ، تىرىشىپ ئۆگەنگەچكە، ساۋاقداشلىرى ئىچىدە ئالاھىدە ھۆرمەتكە ئىگە بولغان. مەسىلەن، مەشھۇر مۇدەررىس ھابىل ھاجىمدا ئوقۇش جەريانىدا ھابىل ھاجىم، مەھەممەت يۈسۈپ تۈركىينى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز ئورنىدا دەرس بېرىشكە بۇيرۇپ، ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىچىك ئۇستازى بولۇپ قالغان. ئۆمۈر بويى خوتۇن ئالماي ئالەمدىن ئۆتكەن بۇ زات ئۆزىگە «تۈركىي» نامىنى

ئېرىقلىق ئىشان قارىيهاجىمنىڭ گوۋاھلىق بېرىشىچە، ئەبۇ بەكرى زەلىلى مەتبەئە سايمانلىرىنى ئاتۇشتا قويۇپ، ئۆزى دۆربىلجىنگە كەتكەن، ئىشان قارىيهاجىم سەئۇدى ئەرەبىستانغا چىقىپ كەتكەن. دۆربىلجىندە بىرمەھەل تۇرغان ئەبۇ بەكرى زەلىلىنى بۇ يەردىكى ئالىملار دۆربىلجىن شەرئى مەھكىمىنىڭ قازىلىقىغا تەكلىپ قىلغان. ئەبۇ بەكرى زەلىلى شەرئى مەھكىمىدە دەۋا ئىشلىرىنى ئادىللىق بىلەن سوراپ، ناچار ئىشلارنى قاتتىق چەكلەپ، خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. شېڭ شىسەينىڭ قارا تىزىملىكىگە چۈشكەن ئەبۇ بەكرى زەلىلىنى دۆربىلجىن يەرلىك ھۆكۈمىتى «زىياپەت بېرىش ھىيلىسى» بىلەن ئۆلتۈرۈشنى پىلانلىغان. 1939- يىلى، شۇ رايوندىكى نوپۇزلۇق كىشىلەر ۋە ئالىملارنى چاقىرىپ «ھۆكۈمەت زىياپىتى» بەرگەندە، ئەبۇ بەكرى زەلىلىمۇ چاقىرتىلغان. ئۇنىڭ ئالدىغا زەھەر ئارىلاشتۇرۇلغان تاماق كەلتۈرۈلگەندە، ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق ئەبۇ بەكرى زەلىلى بۇ «ئۆلۈم تامىقى»نى يەپ، ئۆز ھالىنىڭ خارابلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۆيىگە قايتىش ئۈچۈن تەمشەلگەن، ئەمما شۇ يەردىلا يىقىلغان. ئۇ ھەمراھلىرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ئۆيىگە كېلىپ، «ئەتە ئەبۇ بەكرى زەلىلىنىڭ نامىزىغا» دېگەن ئۆلۈم باغىقىنى يازدۇرۇپ، تارقىتىپلا ۋاپات بولغان. زەھەر بېرىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتىدا، ئۇ 41 ياشلاردا ئىدى.

ئەبۇ بەكرى زەلىلىنىڭ مەتبەئە سايمانلىرى ۋە مەتبەئەدە بېسىلغان تۈرلۈك كىتابلار، ئۇ يازغان ئەسەرلەر تاكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەزگىلىگە قەدەر ئاتۇشتىكى ئۆيىدە ساقلانغان. «تۆت كونىنى بۇزۇش» بورىنىدا، ئەبۇ بەكرى زەلىلىنىڭ ئۆيى ئاختۇرۇلۇپ، قىممەتلىك تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە ئۇ زاتنىڭ قولىيازمىلىرى بىلەن مەتبەئە سايمانلىرى كۆيدۈرۈپ تاشلانغان.

ھەر بىرى ئىخلاس بىلەن كەلتۈرسە پەرزەنت ئىلمى ئۈچۈن،
رەھمەتىپ ئەپۋەيلىگەي، شول بەندىنى پەرۋەردىگار.

كېلىپ نەۋرۇز باھار پەسلى
ئادالەت نۇرىنى ساچتى.
جىمىئى كۆللى مەۋجۇدات
مۇشەققەتتىن خالاس بولدى.

كەلدى نەۋرۇز يىل بېشى، كەتتى زىمىستاندىن جۇدا،
جىملى ئالەم خەلقىگە رەھمەتنى ياغدۇرغىل خۇدا.
ھەر كىشى پەرزەنتىنى مەكتەپكە داخىل ئەيلىسە،
ئول كىشىنى جەننەتۇل مەئۋادا قىلغايسەن خۇدا.

كېلىپ نەۋرۇز جىملى يەر يۈزىنى ئەيلىدى خىزرا،
خۇداغا ھەمدۇ ئەيتۇر ئاسمان بىلەن يەتتە قات غەبرا.
كىشى پەرزەنتىنى كەلتۈرسە بۇ مەكتەپ سەرىھەرگە،
ئاڭا مۇشتاق ئېرۇر جەننەتتە ھۆرلەر بارچىسى ئەزرا.

كېلىپ نەۋرۇز باھار پەسلى، بۇ ئالەم مىشكى باھار ئولدى،
كۆرۈڭ كىم تاغۇدەشتلەر، بۇلبۇلۇم گۈلشەن پىغان ئەتتى.
كىشى پەرزەنت تىپىپ، بەرسە بۇ مەكتەپ پىسەبىللللا،
قىيامەت كۈنى شول ئادەم بېشىغا تاجدار بولدى.

كېلىپ پەسلى باھار، پەزلى ئىلاھىدىن باھار ئولغاي،
جىمىئى ئەھلى ئالەمنىڭ دىلى كۆپ شادىمان ئولغاي.

تەخەللۇس قىلىپ قوللانغان. مەسىلەن، ئۇ «ئاللاغا مۇناجات» ناملىق نەزمىدە مۇنداق يازغان:

مۇھەممەت يۇسۇپ تۇركىي ماڭا نام،
قىلۇر تۇركنى دانا خاس ئىلە ئام.
ئوقۇسا يا ئىشتسە ھەر قەيۇ جان،
ئەمەل قىلسا ئاتا قىل نۇرى ئىمان.

مۇھەممەت يۇسۇپ تۇركىي ھابىل ھاجىمدا ئوقۇۋېتىپ، كىچىك مۇدەررىس بولغان ۋاقتىدىن تارتىپ بىر ئۆمۈر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساۋاتىنى چىقىرىش بىلەن بىللە قۇرئاننى ئوقۇش ۋە يادلاشقا بولغان ئارىلىقتا ئوقوغۇچىلارغا ئۇستاز بولغان. مەنمۇ (ئاپتور) ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمدا بۇ زاتتا ساۋاتىمنى چىقارغان. ئۇنىڭ دەرس بېرىدىغان ئورنى ئۆزىنىڭ قەدىمكى جايىنىڭ ھويلىسى ۋە ئۆيىدە ئىدى. مەن ھەر قېتىم مۇھەممەت يۇسۇپ تۇركىينىڭ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتكەندە، بۇ ئۇستازنىڭ ئۇنتۇلماس سىيماسى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدۇ.

مۇھەممەت يۇسۇپ تۇركىي ھەر يىلى باھار مەۋسۇمىدا ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا نورۇزلۇق ئالا بالداق تاياق راسلىتىپ، ئۆزى يازغان نورۇز نەزمىلىرىنى ھەربىر ئوقوغۇچىغا بىردىن تارقىتىپ بېرىپ، نورۇزلۇق ئالا بالداق تاياقنىڭ ئۇچىنى يېرىپ قىستۇرۇپ قوياتتى. تۆۋەندە، مۇھەممەت يۇسۇپ تۇركىي بۇنىڭدىن 50 يىل ئىلگىرى ئوقوغۇچىلارغا يېزىپ بەرگەن نورۇز نەزمىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى كۆرۈپ باقايلى.

خۇش ئاجايىپ ۋاخ ئىكەن، ئالەم ئارا پەسلى باھار،
بارچە مۆمىن بىر بولۇپ، شۇكۇر ئەيلۇر لەيلۇناھار.

يېزىلغىنىغا 60 يىل بولغان بۇ نەزمىنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدا 1944- يىل 6- ئايدا ئالتىن ئاتۇشقا كەلگەن زور كەلكۈننىڭ ۋەيرانچىلىقى ئىپادىلەنگەن. ئاپتور «دىيانەتسىز ھاكىمىيەت كەمبەغەللەرنى قاقشاتقانلىقتىن، ئاللا كەلكۈن ئارقىلىق قەھر-غەزىپىنى ئىپادىلىدى» دېگەن قارىشىنى بايان قىلغان.

ھەر يىلى نورۇز كۈنى مۇھەممەت يۈسۈپ تۈركىي ئېشەككە مىنىپ، ئوقوغۇچىلارنى رەتلىك تىزىپ ئارقىسىغا ئەگەشتۈرۈپ، تەختىيۇن كەنتىدىكى جەمەتلا غوجام، يەنى «جاۋانى مەرد» مازىرىغا ئېلىپ چىقاتتى. مۇھەممەت يۈسۈپ تۈركىينىڭ باشلامچىلىقىدا ئوقوغۇچىلار نورۇز نەزمىلىرىنى تەكشى ئوقۇپ ماڭاتتى. ئاتا - ئانىلار يولنىڭ ئىككى ياقىسىدا تۇرۇپ، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، باللىرىنىڭ ياخشى ئوقۇپ يېتىلىشىنى تىلەپ ئۇزىتىپ قوياتتى.

مەن قاتناشقان نورۇز بايراملىرىدا، بىز «جەمەتلا غوجام»نىڭ ئۈستىدىكى تاغقا يامىشاتتۇق، ئەڭ ئېگىز چوققىغا چىقىشتا بەسلىشەتتۇق. بۇ پائالىيەت تۈگىگەندىن كېيىن، تاغدىن جىلغىغا ئىنچىكە چۈشۈپ، «تونۇر» دېگەن ئورۇننى زىيارەت قىلاتتۇق. «تونۇر»نىڭ يولى تار بولۇپ، بىردىن - ئىككىدىن كىرىپ كۆرەتتۇق. ئېسىمدە قېلىشىچە، «تونۇر» خۇددى ياساپ قويغان تونۇر شەكلىدە بولۇپ، ئاستى كەڭ، ئۈستى تار، ئاستىدىن قارىغاندا ئاسماننى كۆرگىلى بولاتتى. قىياسىمچە، «تونۇر»نىڭ ئاستى بىلەن ئۈستىنىڭ تىك ئارىلىقى 15 مېتىر كېلىدۇ. بۇ «تونۇر» — كراتىر (ئۆچكەن ۋولقاننىڭ ئاغزى) بولۇپ، ناھايىتى ئۇزاق يەر تارىخىي دەۋرىگە ئائىت تەبىئەت ھادىسىسى بولۇشى مۇمكىن. كىشىلەر ھازىر بۇ يانار تاغ ئاغزىنىڭ ئورنىنى ئۇنتۇپ كەتتى.

كىشى پەرزەنتىنى بەرسە ئىككى ئالەم دەپ بۇ مەكتەپكە،
قىيامەت دەھشىتىدە جەھەننەم ئوتىدىن خالاس ئولغاي.

باھار پەسلىدە زېمىن بەلكى تاغلەر سەبزىزار ئولغاي،
بىمەزكۇر سەبزىزارۇن كۆللى جان بەھرىدار ئولغاي.
كەلدى نەۋرۇز، باھاردا ئاچىلۇر باغلاردا گۈل،
بۇ گۈلۈڭنىڭ ئىشقىدا سادا ئەيلەپ تۇرۇر بۇلبۇل.

كېلىپ نەۋرۇز باھار پەسلى زېمىننى ئەيلىدى ئاباد،
جىمىئى كۆللى مەۋجۇدات، خۇدا ۋەندانى ئەيلەر ياد،
كىشى پەرزەنتىنى ئىلىم ئۈچۈن مەكتەپكە كەلتۈرسە،
قىلۇر ئاللاھ، ئۇشول كىشىنى جەھەننەم ئوتىدىن ئازاد.

كەلدى نەۋرۇز نۇرلىرى، بولدى مۇنەۋۋەر بۇ جاھان،
ئىلىم ئۈچۈن ۋىجدانىمىز قايناپ تۇرار لەيلۇناھار.
ھەر كىشى مەبلەغ تېپىپ مەكتەپ سېلىپ قويسا مەگەر،
مەكتەپ سالغان بەدىنى دەۋزەختىن ئال پەرۋەردىگار.

يۇقىرىدىكى نورۇز نەزمىلىرىدە باھار پەسلىنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن تەبىئەت مەنزىرىسىنىڭ گۈزەللىشىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. مۇھەممەت يۈسۈپ تۈركىي ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپتە ئوقۇپ بىلىم ئېلىشىنى، ئۆز پەرزەنتلىرىنى مەكتەپكە بەرگەن ئاتا ـ ئانىلارنىڭ گۇناھىنى خۇدانىڭ كەچۈرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەن، پۇلى بارلارنى مەكتەپ سېلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن.

كەلدى نەۋرۇز بۇ جاھان مۈلكىنى گۈلزار ئەيلىدى،
دىن ـ دىيانەت كەم بولۇپ، قەھرىنى ئىزھار ئەيلىدى.

بىرنەچچە يىل ئىلگىرى ئالتىن ئاتۇش خەزىنىچى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئىمام مۇھەممەت (يېقىندا ۋاپات بولدى) ئابدۇلبارى توغرىسىدا ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەرگەن: «... ئۇستازىمىز ناھايىتى رەتلىك، پاكىز كىيىنىدىغان ۋە بىرگىمۇ پاكىز، رەتلىك كىيىنىشنى تەۋسىيە قىلىدىغان پېداگوگ ئىدى. ئۆزى بەك چاققان بولۇپ، ئېگىزگە سەكرەش، يىراققا سەكرەشتە ئاجايىپ ماھارەت كۆرسەتتى. ئۇستازىمىز ھەر يىلى قەشقەر قىزىل دەرياسى بويىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقىلەردە، ئېگىزگە سەكرەش ۋە يىراققا سەكرەشتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەتىجە يارىتىپ، بەتىنكە، رەخت، سائەت قاتارلىق ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلىناتتى. ئۇستازىمىز يەنە مۇزىكا ۋە چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساشتىن سىرت، راۋاب، چاڭ قاتارلىق سازلارنى چېلىشقا ماھىر ئىدى. ئۇ دائىم دەرستىن چۈشكەندە چاڭ، راۋاب، ئىسكىرىپكا قاتارلىق سازلارنى چېلىپ بېرىپ، بىزنى ئۆگىنىشكە يېتەكلىگەن. ئۆزى چالغۇ ئەسۋابلىرىنى ياساشقا ماھىر ئىدى. ئۆزى ياسىغان راۋاب، چاڭ، دۇتارنى بىزگە كۆرسىتىپ ۋە چېلىپ بېرىپ، قانداق ياساش ئۇسۇلىنى دەپ بەرگەن. راۋابنى خەلق ئاھاڭىغا سېلىپ چالسا، ئەتراپىغا نۇرغۇن كىشىلەر توپلىشىپ ئاڭلاپ، ‹ئابدۇلبارىنىڭ قولى گۈل، ئۇنى بۇلبۇل› دەپ ماختايتتى. ئۇستازىمىزنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ يېنىك ئاتلېتىكىدا ماھىرلىقىنى ماختاپ ‹ئايروپىلان› دەپ تەخەللۇس قويغاندا، ئۇستازىمىز تۆۋەندىكى نەزمىنى تۈزگەن:

ماڭا لەقەم قويدى ‹ئايروپىلان› دەپ ئەرقى ئاداشلارىم،
خۇدا نېسىپ قىلسا ئۇچارمەن ھاۋادا دائىم.
خۇراپات، نادانلىقتا ئۆتەرمۇ مىللەت، خۇداغا يەتسە ئاھىم،
لەيلۇناھاردا قازانەدەك قايىندى شۇڭا بۇ ۋىجدانىم».

## 17. يېڭى ئاتلېتىكا ماھىرى ۋە سازچى ئابدۇلبارى



ئاتۇش ئېكىساق باشلانغۇچ مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى خاتىرىلەشكە تەييارلىق كۆرۈش ئىشخانىسى 1985- يىلى تۈزگەن «مەشئەل» ژۇرنىلىغا مەرھۇم سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئاتۇشتا ئىككىنچى قېتىم مائارىپچىلىق ھەرىكىتى» ناملىق ماقالىسى بېسىلغان. بۇ ماقالىدە مەرھۇم سەيپىدىن ئەزىزى «مەن تېجەن مەكتىپىگە مۇدىر ھەم مۇئەللىم بولۇپ تەيىنلەندىم. يەنە تۆركۆللۈك ئابدۇلبارى ۋە ئابدۇرېشىت دېگەن ئىككى ئوقۇتقۇچى بار ئىدى» دېگەن.

ئابدۇلبارى 1908- يىلى ئاتۇش تۆركۆل كەنتى ئازنا مەسچىت ئالدىدىكى مەھەللىدە ئولتۇرۇشلۇق غوجى ئاخۇن قارىم ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرىدە ئۆز يۇرتىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇغان، مەتبىلى ئەپەندىنىڭ ئاتۇشتا ئېلىپ بارغان ئىككىنچى قېتىملىق يېڭى مائارىپ ھەرىكىتىگە قاتناشقان. ئابدۇلبارى ئوڭئېرىقتىكى مۇئەللىملەر يېتىشتۈرۈش كۇرسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تېجەندە ئېچىلغان مەمەتھاجىم نامىدىكى مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولغان. ئۇ تۈرلۈك تەرەپلەردە يېتىلىپ، كۆزگە كۆرۈنگەن بولۇپ، كېيىنكى مەزگىللەردە تۆركۆل، سۇنتاغدىكى مەكتەپلەردىمۇ دەرس ئۆتۈپ، مەتبىلى ئەپەندىنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى، تەرەققىيات، ئازادلىق، ئويغىنىش ھەققىدىكى ئەقىدىلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا سىڭدۈرگەن.

خەتمىدىن ئۆتكەن.

يۈسۈپ ھاجىم ئۆز ئوغلىنىڭ خەتمىدىن ئۆتكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ، ئالىي زىۋىدىخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇنى 1918- يىلى ھىندىستاننىڭ ئۆز دەۋرىدىكى بىلىم مەركىزى دېھلى شەھرىگە ئوقۇشقا يولغا سالغان. ئابدۇرەھمان يۈسۈپ دېھلىگە بارغاندىن كېيىن، تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈپ، مەدرىسە ئىمتىھانىغا قاتناشقان. ئۇ مەدرىسە ئىمتىھانىدىن ياخشى باھا بىلەن ئۆتۈپ، دېھلىدىكى «دىئوبەن» مەدرىسەسىدە بەش يىل ئوقۇغان؛ داۋاملىق يۇقىرى بىلىم ئېلىش مەقسىتىدە، 1923- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ ئۆز دەۋرىدە مەشھۇر «ئۇممۇ قۇرئا مەدرىسەسى»دە سەككىز يىل بىلىم ئاشۇرغان. بۇ جەرياندا، ئابدۇرەھمان يۈسۈپ ئەرەب، پارس، ئوردو تىللىرىنى ناھايىتى ياخشى ئۆزلەشتۈرگەن، سەئۇدى ئەرەبىستان ئالىملىرىنىڭ نوپۇزلۇق تەپسىرلىرىنى ئاڭلاپ، بىلىم سەۋىيىسىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئابدۇرەھمان يۈسۈپ 1931- يىلى مىسىرنىڭ ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئىككى يىل بىلىم ئاشۇرۇپ، 1933- يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانغا قايتىپ كېلىپ، ھەج پائالىيىتىگە تەييارلىق قىلغان. بۇ ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىنىسى ئابدۇكېرىم قارىي ھەج قىلىش ئۈچۈن سەئۇدىغا بېرىپ، ئاكىسى بىلەن كۆرۈشكەن، ئارقىدىنلا ئانىسى زىۋىدىخاننىڭ ئالتىن ئاتۇشتا قازا قىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، كۆپ ھەسرەت چەككەن ۋە ئانىسىغا ئاتاپ ئىنىسى بىلەن ھەج قىلغان.

ئابدۇرەھمان يۈسۈپ 1934- يىلى غوجى نىيازھاجى رەھبەرلىكىدىكى قومۇل دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، قوزغىلاڭنى مەدھىيىلەپ سەئۇدى ئەرەبىستاندا، ھىندىستاندا تۇرۇپ، نۇرغۇن نەزمىلەرنى

1938- يىلى شىڭ شىسەي شىنجاڭ دائىرىسىدە ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەرنى تۇتقۇن قىلغاندا، ئاتۇش باغئېرىقلىق نىيازچوڭ ئىسىملىك ھۆكۈمەت ئادىمى ئابدۇلبارىنى تۇتۇش ئۈچۈن بىر قانچە چېرىكنى باشلاپ، ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى قاققان. ناھايىتى سەزگۈر ئابدۇلبارى ئۆز بېغىنىڭ يەتتە پاخسە ئەنجان تېمىدىن راۋابىنى چىشلەپ، تېز سەكرەپ چىقىپ كەتكەن. ئۆيدىكىلەر دەرۋازىنى ئېچىپ بەرگەندە، نىيازچوڭ ئۆينى ئاختۇرۇپ تاپالمىغان. ئابدۇلبارى شۇ قاچقانچە مارالبېشىغا بېرىپ تۇغقانلىرىنىڭكىدە بىر يىل يوشۇرۇنۇپ ياتقان. ئابابەكرى ئاخۇن دېگەن تۇغقىنى ئۇنى مۇزداۋان يولى بىلەن غۇلجىغا ئېلىپ كەتكەن. ئۇ قەشقەرلىك مۇھەممەت ھاجىمدىن ئەينەكچىلىك ھۈنىرىنى ئۆگىنىپ، ئەينەكچىلىك بىلەن جان باققان. ئابدۇلبارى 1948- يىلى غۇلجىدا 40 ياش ۋاقتىدا قازا قىلغان.

## 18. جامائەت ئەربابى، شائىر ئابدۇرەھمان يۈسۈپ



ئابدۇرەھمان يۈسۈپ 1900- يىلى ئالتىن ئاتۇشنىڭ سۇنتاغ كەنتى تېرەك ئالدى مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق تىجارەتچى يۈسۈپ ھاجىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئۆز مەھەللىسىدىكى مەكتەپلەردە ئوقۇش بىلەن ئۆسمۈرلۈك ھاياتىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم»نى يادلاپ، 17 ياشقا كىرگەن 1917- يىلى

يۇرەكنى چاكۇچاك قىلغان مازارىمىزغا يىغلايىنىڭ.
...................... پىراقىدە،
...................... دەركايىمىزغا يىغلايىنىڭ.
زېمىن - ئاسمان كېچە......... مۇسىبىتىدە،
ئۇقۇرلەر يادە پەرىزگاھىمىزغا يىغلايىنىڭ.
ھەممە ئالەم ۋە تەلەپلەر مازارىدە دۇئا قىلغان،
يەنە ئېيتقاي بۇ مېھماندارخانىمىزغا يىغلايىنىڭ.
بۇ ئەخلاقى مۇكەررەمنىڭ ئادابى ۋە ئەقلىنىڭ،
ھەممە ئەركانلىرى ئەيتۇر، بۇ بانىمىزغا يىغلايىنىڭ.
سىرىت[1] باغىدا بۇلبۇللەر ۋە گۇللەر زار - زار يىغلاپ،
تۇرۇرلەر ئاھلاپ ئول باغبانىمىزغا يىغلايىنىڭ.
ۋاق - ۋاق[2] ئۈستىگى بويىدا، بوستان - گۇلىستانلەر،
زىمىستاندەك تۇرۇپ ئەيتار بۇ ساقىمىزغا يىغلايىنىڭ.
ئارتۇچ كەنتىدە كۆپ ھۇشمەدانلەر ھۇزۇرىدا،
بولارغە مەشرۇتتە پادىشاھىمىزغا يىغلايىنىڭ،
خۇسۇسا ئەقرىبالەر دەردىغە يۈزمىڭ دۇرجانىم،
...
...
يەنە ھەققە...................... يىغلايىنىڭ.
قىرىق توققۇز يىلىدە بىرمىڭ ئۈچ يۈزدىن كېيىن،
شىبى قەدرىدە كەتكەن جان ئانىمىزغا يىغلايىنىڭ.
يەنە شۇل يىل مۇرەكلىك رەجەب ئايىدە ۋاپات قىلغان،
قېرىنداشىم زەلىمىخان ئاچىمىزغا يىغلايىنىڭ.
بۇ دۇنيادىن شەھىد ئۇتى شەھىدلەر جايىغا يەتتى،

---

[1] سىرىت — ئالتىن ئاتۇش سۇنتاغ كەنتىنىڭ غەربىدىكى ئورۇن.
[2] ۋاق - ۋاق — ئالتىن ئاتۇشتىكى يېزا.

يازغان. ئۇ بارلىق نەزمىلىرىنى توپلاپ تۈزگەن «كۆز يېشىم رىسالىسى» ناملىق ئەسەر 20 بەت، 100 كۇپلېت (400 مىسرا)نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئاخىرقى قىسمىدىكى مەرسىيە ئانىسىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتالغان. خۇراپاتلىق ۋە ئىتتىپاقسىز-لىقنى تۈگىتىش، ۋەتەنپەرۋەرلىك، قوزغىلاڭ مېۋىلىرىنى قوغداش قاتارلىق مەزمۇندىكى نەزمىلەر يېزىلغان بۇ ئەسەر 1934-، 1935- يىللىرى ھىندىستاننىڭ دېھلى شەھىرىدىكى خوجا پىرىس مەتبەئەسىدە نەشر قىلدۇرۇلۇپ تارقىتىلغان. قولۇمدا ساقلاقلىق بىر پارچە «كۆز يېشىم رىسالىسى» ناملىق ئەسەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىنىڭ بىرىنچى باش ۋارىقىغا «ئابدۇرەھمان بىننى ھاجى يۈسۈپ، مەرھۇم كاشغەرى، ئارتۇچى، ئەپى ئاللاھ ئەنھا ئەلبارى» دەپ يېزىلغان. بۇ ئەسەر كلاسسىك ئۇسلۇبتا يېزىلغان بولۇپ، ئاۋۋال ئاللاغا ھەمدۇسانا، ئارقىدىن رەسۇلۇللاغا مەدھىيە، تۆت چاھارىيارغا مەدھىيە ئوقۇلغان. ئەسەر ئىچىدىكى تېكىست ئاخىرىدا: «بۇ قەسىدە مەرسىيەمنى جانىم ئانام مېھرىبانىمنىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كېلىپ، ئاھ ـ پىغاندا ھەرەم شېرىپتە يازدىم، ئابدۇرەھمان» دېيىلگەن. شائىر ئابدۇرەھمان ئانىسىنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يازغان مەرسىيە مەزكۇر ئەسەرنىڭ ئىچىدە ئىككى ئورۇندا كۆرۈلىدۇ. تۆۋەندە، بۇ ئىككى پارچە مەرسىيىنىڭ كېيىنكىسىنى مىسال كەلتۈرىمەن.

تۇرۇڭ بىز ياد ئېتىپ، مەشۇق خانىمىزغا يىغلايىنىڭ،
تولا پەرياد قىلىپ، مەھبۇبە جانىمىزغا يىغلايىنىڭ.
بۇ دۇنيادىن يىراق كەتكەن، غېرىبلەردىن يىراق ئەتكەن،
باقا جايىغا يەتكەن قىبلىگاھىمىزغا يىغلايىنىڭ.
دىلىم نازۇكقا ئوت ياققان، ياشىمنى قاندەك ئاقتۇرغان،

رەھمان يۇسۇپ 1950- يىلى لەنجۇدا ئېچىلغان غەربىي شىمال بىيۇرو كادىرلار مەكتەپتە بىر يىل ئوقۇغان. ئۇ 1951- يىلدىن 1955- يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە چۆچەك ۋىلايەتلىك خەلق ئىشلار ئىدارىسىدە ئىشلىگەن، 1956- يىلى قەشقەر ۋالىي مەھكىمىسى سودا - سانائەت باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى، 1956- يىلدىن 1958- يىلىغىچە قىزىلسۇ ئوبلاستلىق قول سانائەت ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. شائىر ئابدۇرەھمان يۇسۇپ 1958- يىلى قارىلىنىپ، ئوپالدا بىر يىل رىجىمدا ئەمگەك قىلغان، 1959- يىلى قىزىلسۇ ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسىنىڭ دەرۋازا قاراۋۇلى قىلىپ قويۇلغان. ئۇ 1961- يىلى ئايالىنىڭ يۇرتى بوگۇر ناھىيىسىگە كېتىپ، بوگۇر ناھىيىسىنىڭ قارىتاغ يېزىسىغا قاراشلىق قارا دۆڭ دېگەن ئورۇندا 1964- يىلىغىچە دېھقان بولۇپ ئىشلىگەن، 1964- يىلى ئايالى بىلەن ئۈرۈمچىگە چىقىپ كەتكەن. ئۇ 1980- يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاقلىنىپ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى بولغان، 1986- يىل 8- ئاينىڭ 27- كۈنى 83 ياشتا ئالەمدىن ئۆتكەن.

شائىر ئابدۇرەھمان يۇسۇپ كۆپلىگەن ئەسەر يازغان بولۇپ، نەزمىلىرىدىن «ئەسلەيمەن»، «ئاگلاش كېرەك» (1948- يىلى «غۇلجا گېزىتى»دە بېسىلغان)، «كەرەملىك باغلىرىمنى ئەسلەيمەن»، «ئەسكەردۇر» (1948- يىلى «غۇلجا گېزىتى»دە بېسىلغان)، «ئويلا»، «ئالغا»، «دىلدار ئىكەن چۆچەك» (1949- يىلى «چۆچەك گېزىتى»دە بېسىلغان)، «ئۈچ مۇھىم خىسلەت» (1949- يىلى «چۆچەك گېزىتى»دە بېسىلغان)، «شىخەنزىنى كۆرگەندە» (شېئىرىي داستان) بار؛ ئاتۇش ھاياتىدىن ئېلىنغان (نامى يوق) ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئۈچ باب يېزىلغان. تۆۋەندە، «دىلدار ئىكەن چۆچەك» ناملىق نەزمنى كۆرەيلى.

جۇۋان ھالىتىدە كەنتى، شول جۇۋانىمىزغا يىغلايتىڭ.
ئەلھى قول بۇ جانلارنى رەسۇللەرنىڭ مېھرابىدە،
بېھىش پىردەۋستە شول ئىككى خانىمىزغا يىغلايىنىڭ.

ئابدۇرەھمان يۈسۈپ 1934 ـ يىل ئاخىرى 34 ياش ۋاقتىدا ئاتۇشقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەمتىلى ئەپەندىنىڭ يېڭى مائارىپ ئىدىيىسىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن. ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەر... ئىلغار ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان ۋە ئۇنىڭغا كۈچلۈك ياردەمچىلىك رول ئوينىغان. ئابدۇرەھمان يۈسۈپ كېيىنكى كۈنلەردە شېڭ سىسەينىڭ تۈرمىسىدە بەش يىل يېتىپ چىققان، 1944 ـ يىلى قوزغالغان ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنى قىزغىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىگەن. گومىنداڭنىڭ ئاتۇشتىكى ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئابدۇرەھمان يۈسۈپنى تۇتۇش ئۈچۈن كۆپ ھەرىكەت قىلغان. ئۇ قەشقەر شەھىرىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن. گومىنداڭ بىلەن ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى تۈزگەن بىتىمگە ئاساسەن شائىر ئابدۇرەھمان يۈسۈپ يوپۇرغا ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم قىلىپ تەيىنلىنىپ، گومىنداڭنىڭ قاتتىق نازارىتى ئاستىدا بىر مەزگىل ئىشلىگەن. «11 ماددىلىق بىتىم» نىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قەشقەر ۋىلايىتىگە كەلگەندە، ئەخمەتجان قاسىمى شائىر ئابدۇرەھمان يۈسۈپكە گومىنداڭدىن خەۋپ كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ قەشقەردە داۋاملىق خىزمەت ئۆتۈشكە بولمايدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ كېتىپ، غۇلجىدا نەشر قىلىنىدىغان «ئىتتىپاق ژۇرنىلى» غا خىزمەتكە قويغان.

شىنجاڭ تىنچلىق بىلەن ئازاد بولغاندىن كېيىن، ئابدۇ

شائىر ئابدۇرەھمان يۈسۈپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىيات سەھنىسىدە تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلى تېگىشلىك ئورۇنغا قويۇپ تونۇشتۇرۇلمىغان تارىخىي شەخس. مەن ئۇنىڭ قىسقىچە ھايات خاتىرىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇم.

## 19. دېموكراتىك زات ئابدۇكېرىم ھاجى مەخسۇدى



دېموكراتىك زات ئابدۇكېرىم ھاجى مەخسۇدى 1915- يىلى ئاتۇشنىڭ بويامەت كەنتىدىكى مەخسۇت ئاخۇن خەلپىتىم ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، 2000- يىل 6- ئاينىڭ 30- كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۇ يەتتە ياشقا كىرگۈچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغاندىن كېيىن، «خانلىق مەدرىسە»نىڭ مۇدەررىسى بولغان دادىسى مەخسۇت ئاخۇن خەلپىتىم ئۇنى قەشقەرگە ئېلىپ كېتىپ، ئۆز يېنىدا تۇتۇپ، شۇ جايدا ئوقۇتقان. ئۇ ئوقۇش جەريانىدا ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى يۇقىرى سەۋىيە بىلەن ئۆزلەشتۈرۈپ، ساۋاقداشلىرى ئىچىدە ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن. 1935- يىلى «خانلىق مەدرىسە»دىن قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش زۆرۈرىيىتى تۈپەيلى «خانلىق مەدرىسە»دە ئوقۇۋاتقان 400 نەپەر ئوقۇغۇچىلىرى ئىمتىھانغا قاتناشتۇرۇلغاندا، ئۈستۈن ئاتۇشلۇق مەرھۇم سەلەي داموللا ھاجىم بىلەن ئابدۇكېرىم ھاجى مەخسۇدى ئىمتىھاندىن

ۋەتەندە ئەڭ كىلىشكەن باغ ئىكەن، گۈلزار ئىكەن چۆچەك،
بۈيۈك، مەشھۇر چىمەنلىك تاغى، بۇلبۇلزار ئىكەن چۆچەك.
شىمالدا ئۇ، غۇلاچ ئارتىپ جەنۇبىدا كەڭ ئىمىل،
گۈزەل، خۇشبۇي ھاۋاسى بىرلە ئەلگە يار ئىكەن چۆچەك.
ئۈنىڭ كەڭ سەھنىسىدە يەلپۈنۈش بىللە ئۇسسۇل ئويناپ،
يېتىشكەن بويى نازۇك چۆپلىگە خۇشتار ئىكەن چۆچەك.
ياز بۇ سەبزىرارلىق سەھنىسىگە بىر نەرەر سالساڭ،
نە يەڭلىغ قوزا- تايلار سەكرىشىپ ئوينار ئىكەن چۆچەك.
بۇ يايلاۋ قىزلىرى قۇيسا ئەگەر قىمىز شارابىدىن،
ئىچىپ مەستانە بول، مەستانىگە دىلدار ئىكەن چۆچەك.
تىزىلغان ئۈنچىلەردەك، نازىنىنلەر كۆپ ئەدەپ بىرلەن،
ئۆتۈپ تۇرسا كۆزۈڭدە بىلكى شەھرىيار ئىكەن چۆچەك.
كىلەيلى قەھرىمان ئەجدادلىنىڭ ئىزلىرىنى باسقان،
باھادۇر خەلقى بىرلىك بابىدا ھەمكار ئىكەن چۆچەك.
رەھىمسىز مۇستەبىتلەرنىڭ ئالەملىك دەردلىرىنى ئەسلا،
ئۇنتۇماستىن ئۇلارنىڭ زەربىگە تەييار ئىكەن چۆچەك.
مائارىپ باغچىسىنىڭ گۈللىرى (ئەۋلادلىرى) بىرلەن،
ئىلىم بابىدا غەپلەت ئۇيقۇسىدىن بىدار ئىكەن چۆچەك.
ھەقىقىي خەلقچىللىق يولىدا پولات بولسۇن بۇ ئەۋلادلار،
ئۇلۇغ، ياخشى ئۇستازلار بىلەن غەمخار ئىكەن چۆچەك.
بۇ ئۇستاز ئەرۇخانىم قەھرىمانىملەرگە بۇ جانىم
پىدا بولسۇن، بۇلار ئەۋلادلىگە ھوشيار ئىكەن، چۆچەك.
جەنۇبتىن بۇ شىمالغا ھالە ئېيتىپ يۇسۇپى كەلدىڭ،
جەنۇبىنىڭ ھالىغا سەن ئېيتمىساڭمۇ زار ئىكەن چۆچەك.
جەنۇب دەپ يىغلىساڭ ئۇيلاپ، ياشىڭ دەريا كەبى ئاققاي،
نىتەيكىم، سەبرە قىلماق بارچىگە دەركار ئىكەن چۆچەك.

يېزىلغانلىرىدىن «ئابدۇقادىر داموللا شەھىدۇل مەرھۇم» ناملىق ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ھاياتى ۋە ئالىملىقى، ئۇنىڭ شېھىت بولغانلىقىغا ئېچىنىپ 1934-، 1935- يىللىرى يازغان نەسرىي بايانى بار. يەنە «ئۇششاقباش نېفىتلىكى ھەققىدە»، «قار ھەققىدە»، «يەركەنت ھەققىدە»، «قىزىل بويى ۋە ئوپالدىكى يەر تەۋرەش ھەققىدە»، «بېلىق ھەققىدە»، «بويامەت يۇرتى ھەققىدە»، «ئىلىم - ئىرپان، ھۆسنخەت ھەققىدە»، «ھەج سەپىرى زىيارىتى ھەققىدە»، «بورتالا ۋە ئۈرۈمچى سەپىرى ھەققىدە»، «يۇرت ھەققىدە»، «بويامەت مەسچىتىنىڭ سېلىنىش جەريانى ھەققىدە»، «بۇ دۇنيادا ياخشىلىق قىلىش ھەققىدە»، «قۇرئان سۈرىلىرىنىڭ تەپسىرى توغرىسىدا»، «بالىسى ئاتىكەمگە نەزم شەكلىدە ئەۋەتىلگەن خەت» قاتارلىق نەزمىلىرى بار. بۇ نەزمىلەردىن بىر قىسمىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنۇشنى لايىق كۆردۈم.

### بويامەت يۇرتى ھەققىدە

بۇ بويامەت كەنتى بولسا ياخشى يۇرتتۇر،
بۇ يۇرت خەلقىنىڭ ئەخلاقى تۈزدۇر.
بۇ يۇرتنىڭ كوچا - يوللىرى بەك چىرايلىق،
بۇنى كۆرگەن كىشى ھەيران قالارلىق.
بويامەت كەنتى ئۇزۇن سوزۇلغان،
بۇ كەنت ئەسلىي يار بويىغا قورۇلغان.
بۇ كەنت نامى «يار بويى» دەپ ئاتالغان،
شۇڭا بۇ كەنت بويامەت دەپ ئاتالغان.
بويامەت زېمىنى كۆپ ياخشى مۇنبەت،
بۇ يۇرت ئەتراپلىرى ھەر خىل زىرائەت.

ئۆتكەن بولۇپ، ئۈچ يىل قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىدە ئوقۇغان.

ئابدۇكېرىم ھاجى مەخسۇدىنىڭ ھىجرىيە 1356- يىلى (1937-، 1938- يىللىرى) يازغان ھەرقايسى پەنلەرگە ئائىت كونسپېكت دەپتەرلىرى بولۇپ، مەن ئۇ دەپتەرلەرنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمدە، شۇ دەۋرلەردە قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىدە ئۆتۈلىدىغان پەننىي دەرسلەردىن ھېساب، گېئومېترىيە، جۇغرا- پىيە، فىزىكا، خەنزۇ تىلى قاتارلىق دەرسلەرنىڭ كونسپېكلىرى ئىكەن. ئابدۇكېرىم ھاجى مەخسۇدى بۇ كونسپېكت خاتىرىلىرىنى «ھىجرىيە 1356- يىلى زۇلقەدىنىڭ 5- كۈنى يازدىم» دەپ مەلۇمات قالدۇرغان. 1937- يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ مۇدىرى ئابدۇقادىر سىدىق بولۇپ، شۇ دەۋردە قەشقەر دارىلمۇ- ئەللىمىنىنىڭ ئوقۇتۇش سەۋىيىسى يۇقىرىلىقى، ئوقوغۇچىلارغا ئۆتۈلىدىغان ھەرقايسى پەنلەر مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر ۋە تەپسىلىي ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئابدۇكېرىم ھاجى مەخسۇدىنىڭ ماتېرىيال- لىرى ئىچىدە خەنزۇچە يېزىقتىكى «قۇرئان كەرىم» كىتابى بولۇپ، بېسىلغان يىلى نامەلۇم. ئۇنىڭ خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى بارلىقى مەلۇم. ئابدۇكېرىم ھاجى مەخسۇدى نەۋائى، ئابدۇرەھمان جامى، شەيخ سەئدى ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆگەنگەن. دېمەك، بۇ زاتنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئابدۇكېرىم ھاجى مەخسۇدى ھەم دىنىي، ھەم پەننىي مەلۇماتى يۇقىرى، شائىرلىقتىن خەۋىرى بار، يېتىشكەن ئالىم. ئۇ مەرھۇم زەينىل ئابىدىن مەۋلەۋى داموللاھاجىمنىڭ سىرداش دوستى ۋە سۆھبەتدىشى ئىدى. ئابدۇكېرىم ھاجى مەخسۇدىنىڭ يازغان خاتىرىسىدىكى مەزمۇنلارنىڭ بىر بۆلىكى نەزم شەكلىدە بولۇپ، پارس ۋە ئەرەب تىللىرىدا يېزىلغان. ئۇيغۇر تىلىدا

## هۆسنخەت ھەققىدە

ھۆسنخەت شۇنچە چىرايلىق نازىنىن گۈلزارىدۇر،
ئايغا ئوخشاش يورۇتار بۇ كېچەنى ئەنۋارىدۇر.
گۈل ئېچىلغانى ھامان پۇتكۈسىدۇر ۋەختى غازاڭ،
بۇ گۈلىستان زادىلا ئۆزگەرمىدى گۈلزارىدۇر.
ھۆسنخەت دائىم چىرايلىق گۈل ئېچىلغان ۋاقتىدەك،
سەن كۆرۈپ بىلگىل بۇ گۈلنى، بۇ گۈلىستان زارىدۇر.
ھۆسنخەت نەپس ئىلىمدۇر ئەي بۇرادەر سەن ئۆگەن،
بۇ ئىلىم بولسا زۆرۈردۇر سەن بىلىپ قوي ئىلىمدۇر.
بۇ ئىلىمنىڭ قەدرىنى بىلمەس نادان، ئاخماق، ساراڭ،
ئىلمى خەت سابىت قىلۇر دىن ئىلمىنى ئىرپاندۇر.
ئىلمى خەت ئىجاد قىلىنغان نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرى،
ئەسلىي خەت مىراس قالغان ئەنبىيا ئىلياس ئەلەيھىسسالامدۇر.
سەن تونۇپ قويغىل بۇرادەر بۇ ئىلىمنىڭ ئەسلىنى،
بۇ ئىلىم بولسا پەزىلەت خىسلىتى گۈلزارىدۇر.
ئەي خالايىق تەرغىب ئەيلە ئەھلى ئەۋلادلارنى ھەم،
سەن ئوقۇتۇپ قويغىل ئەمدى بالا ـ چاقانى ئىلىمدۇر.
ئىلىم ـ ئىرپانگە مەنسىدۇر ئەي بۇرادەر ئىلمى خەت،
سەن ئۆگەنگىل ئۈشبۇ خەتنى بۇ پەزىلەت ئىلىمدۇر.
ئىلىم ئوقۇتۇش ھەركىمگە پەرزدۇر ئەر ـ ئاياللار جۈملىگە،
سەن بىلىپ قوي ئۈشبۇ پەرزنى ئەي بۇرادەر ئىلىمدۇر.
ئەمرى قىلدى ئىلمى ئوقۇشقا ئالمى ئالەم غەيىپ،
سەن ئادا قىلغىل بۇ پەرزنى ئەي خالايىق ئىلىمدۇر.
ئىلىم دۇنيادە ئەزىزدۇر ئاخىرەتتە ھەم شەرەپ،

بويامەت كەنتىنىڭ نوپۇسى كۆپتۇر،
جەمئىي نوپۇس سانى ئۈچ مىڭدۇر.

تۇغۇلدۇممەن، بويامەت بۇ ۋەتەن ئەسلىدە،
مىڭدە ئۈچيۈز ئوتتۇز تۆت تارىخى ھىجرىيىدە[1].
بۇ بويامەت كەنتىدە ئۈستۈم ئەجەب ياخشى مەنزىل،
بۇ مۇزى خەلقلىرى تولا لەتىپ ئېتىقاد دىنىدە.
بويامەت كەنتىدە بولۇپ، يېشىم يەتتى يىگىرمە ئۈچكە،
ۋاپات تاپتى دادام مەرھۇم بۇ دەۋرانىدە ھالەتتە.
يېتىم قالدىم بۇ يۇرتتە ئەي خالايىق ئۈستۈم يېتىملىكتە،
ئانام مەرھۇمە قىلدى تەربىيەتنى ماڭا ئۇشبۇ يۇرتتە.
دادام مەرھۇم ۋاپات بولدى ياشى سەكسەن ئالتىدە،
خۇدا رەھىم قىلغاي ئاتامغە ھەم گۇناھى مەغپىرەت ئاستىدە.
بۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە يىل ئۆمۈر كۆردى ئانام مەرھۇمە.
ۋاپات بولدى ئانام مەرھۇم سەكسەن يەتتە ياشىدە.
خۇداۋەندا كىرەملىك پادىشاھسەن ھەم رەھىمداردۇرسەن،
ئاتامغە ھەم ئانامغە رەھمە قىلغىل ئەي خۇدا غاپپار ھەققىدە.
بۇ مەرسىيەنى مەن ئەيتقان دادام مەرھۇم ۋاپاتىدە،
بۇ ئەيتقان مەرسىيە قالسۇن ئاخىرلەر يادىگارىدە.
بۇڭا ئايغاچ قىلدى، مەن تارىخنى سەن بىلىپ قويغىل،
بۇنى بىلگىل بۇرادەر ئۈچيۈز ئەللىك يەتتە ھەم مىڭدە[2].
بۇنى يېزىپ قويغان يىگىرمە ئالتە ياشىمدە،
بۇنى بىلگىل بۇرادەر ۋاقىپلانغىن مەرسىيەمگە كىچىكلىكتە.

---

[1] مىلادىيە 1915-، 1916- يىللىرى.
[2] مىلادىيە 1938-، 1939- يىللىرى.

ئابدۇكېرىم ھاجى مەخسۇدنى بايقاشتا كېچىككەن بولساقمۇ، نەسرىي ۋە نەزمىي شەكىلدىكى تۈرلۈك مەلۇماتلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ يېتىشكەن تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

## 20. مەشھۇر چېلىشچى ئابلىز قاسىم (ئابلىز كاللىچى)



ئابلىز قاسىم 1918- يىلى ئاتۇش تۈركۈل سارايى بويىدا قاسىم ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ھازىر قورغاس ناھىيىسى روشەنباغ كوچىسىدا ئولتۇرۇشلۇق. ئابلىز قاسىم ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق چاغلىرىنى ئۆز يۇرتىدا دېھقانچىلىق قىلىش، ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن. مەن 2002- يىلى ئابلىز قاسىم بىلەن ئۇنىڭ قورغاستىكى ئۆيىدە كۆرۈشكەندە، ئۇ ھايات خاتىرىسىنى تۆۋەندىكىچە ئەسلىدى:

مەن ھازىر 84 ياشلىق بوۋايغا ئايلىنىپ قالدىم. ھايات دېگەن شۇكەن، ئۆمۈر توختاۋسىز سۇدەك ئاقىدىكەن. ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىسەم، ئۇ ئىشلار تېخى تۈنۈگۈن بولغاندەك تۇيۇلىدۇ. مەن موللا مەستان خەلپىتىمدە ئىككى يىل ئوقۇپ ساۋاتىمنى چىقارغان، مۇھەممەت رىزاھ (ئوگۈزېرىقلىق كىشى) دا بەش يىل ئوقۇغان. دىنىي ۋە پەننىي مەكتەپتە يەتتە يىل ئوقۇدۇم. مېنىڭ چېلىشچى ئىكەنلىكىم راست. ھاياتىمدا يېنىم

سەن بىلۇرسەن ئاخىرەت دۇنيادا بولغان ئەمردىن.
ئىلىم ئۆگەنگىل ئەي بۇرادەر، ئىلىم دۇنيادە ئەزىز،
ئىلىمنى بىلگەن ئۇ قوۋم، قۇت شەۋكەت ئەھلىدىن.
جۇملىدۇر ئەي خالايىق نۇر زىيائىدۇر ئىلىم،
بۇ زىيانى تەرك ئېتىش ياخشى ئىمەس ئىنساندىن.
ئىلىم ئوقۇشگە ئەمرى قىلدى ئول رەسۇلۇللا ئۇممەتنى،
ھەم خۇدانىڭ ئەمرىگە توغرا پەيغەمبەر ئەمرىدىن.
ئىلىمنى بىلگەن كىشى دۇنيا ۋە ئاقىبەتتە ھايات،
ئەي خالايىق سۇستە بولما ئىلىم ئوقۇشگە ئىلىمدىن.
مەن يېزىپ قويدۇم بۇ ئەدەبىيات ئىلىم ۋە خەت ئىرپانىدىن،
سەن ئوقۇپ بىلگىل بۇرادەر بۇ پەزىلەت شانىدىن.
سەن تەلەپ قىل بۇ پەزىلنى خالىسەن لىللا ئۈچۈن،
بۇ زىياگە كۆپ دەلىل بار سۈننەتى قۇرئاندىن.
سەن تەپەككۇر ئەيلەگىل ئىلىم ئوقۇش كۆپ نەپدۇر،
ئەي خالايىق سۇستە بولماڭ سىز ئوقۇشقا ئىلىمدىن.
ئەي خۇدا قىلغىل ھىدايەت ئىلىم تەھسىل ئۈچۈن،
سەن ھىدايەت قىلمىساڭ ھاسىل بولالماس ئىلىمدىن.
سەن ئۆزۈڭ قادىر بولۇرسەن ھەممە مەۋجۇدات ھەم،
سەندىن ئۆزگە ھېچ كىشى قادىر ئەمەس ئەتاسىدىن.
ئەي خۇدا ئەجرى ئىلىم بەرگىل بۇ مۆمىن بەندىگە،
سەن كېرەملىك پادىشاھ قىلغىل دوخۇل جىناتىيەن.
ئەي پەرۋەردىگار بۇ جاھانغا سەن ئىگە،
رەھىم قىلغىل ھەممە مەۋجۇداتكە سەن كۆپ نەرسىدىن.
مەن تامام قىلدىم سۆزۈمنى ئىلمى خەت مەدھىيىسىدىن،
مىڭ دە تۆت يۈز ئىككى ئالتە ھىجرىيە تارىخىدىن.
جۇملە ئىشنى بىلۇر بولساڭ يېتىشكەيسەن كامالەتكە،
ئەگەر بىلسەڭ ئۇ ياخشى ئىشنى بىلۇرسەن بۇ پەزىلەتتىن.

چېلىشىپ يېڭىلىم يەرگە تەگمىگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىكەن. بۇ يۇرتتا ئۇ داڭدار چېلىشچى بولغاچقا، مېنى كۆزگە ئىلماي، بازاردىكى دۇكان ئالدىدا چېلىشىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. بازاردا ئادەم كۆپ بولغاچقا، دۇكاندارلار پاشا بەگھاجىغا نەسىھەت قىلىپ: «باشقا كۈندە چېلىشىش سورۇنى تۈزۈپ بېرەيلى. بۈگۈن سودا قىلىدىغان كۈن» دېيىشمۇ ئۇنىمىدى. ئاخىر تۇتۇشۇپ قالدۇق، راسا سىقىپ كۆتۈرۈپ يەرگە بىر «ھۇ!» بىلەن ئۇرغان ئىدىم، پاتقاقتا بۇلىنىپ كەتتى. باشقىلار پاشا بەگھاجىنى ئېلىپ كەتتى.

مەن ھاياتىمدا يىقىلمىغان دېيىشىمدە، يۇقىرىدىكى مەشھۇر چېلىشىش سورۇنلىرىدا يېڭىلىم يەرگە تەگمىگەن. بۇنىڭدىن باشقا، ئۈستۈن ئاتۇشلۇق خەللاق مەشھۇر چېلىشچى بولۇپ، قايسىبىر يىلى ئالتىن ئاتۇشتا بىر چېلىشىش سورۇنى تۈزۈلۈپ، مەنمۇ ئۇ سورۇنغا بارغان. بۇ سورۇندا ئالتىن ئاتۇش تېجەنلىك بىر چېلىشچى خەللاقنى يىقىتقانلىقىنى كۆردۈم...

مەن 2002- يىلى قورغاستىكى ئۆيىدە ئابلىز قاسىم بىلەن كۆرۈشكەندە، سەپسېلىپ قارىسام، ئۇ 85 ياشلىق كىشىدەك ئەمەس، يەنىلا ئۇنىڭ جىسمىدىن باتۇرلۇق روھى ئۇرغۇپ تۇرغان، 50 ياشلاردىكى تەمبەل كىشىنىڭ سىيماسى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. بۇ مەشھۇر چېلىشچى 2004- يىلى قازا قىلدى.

## 21. ئابدۇكېرىم موللا ھەيران ھاجى ۋە «مەھبۇس خاتىرىسى»

ئابدۇكېرىم موللا ھەيران ھاجى 1921- يىلى ئالتىن ئاتۇش مەشھەد بازار ئىچىدە ئۇلتۇرۇشلۇق موللا ھەيران ھاجى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1948- يىل 8- ئاينىڭ 13- كۈنى مەشھەد كەنتىدە ۋاپات بولغان.

يەرگە تەگمىگەن (يىقىلمىغان). ئۈسمۈرلۈك چاغلىرىمدىن تارتىپ قوي، كالا باققۇچە باللار بىلەن چېلىشىپ تۇراتتىم. يۇرت ئىچىدىمۇ تەڭ دېمەتلىكلەر بىلەن چېلىشقان.

تۇنجى قېتىم كاتتا چېلىشىش سورۇنلىرىدىن 1933- يىل ئاتۇشنىڭ باچاق سايىدا چېلىشقان. ئۇ زامانلاردا يۇرتۋازلىق، تەرەپبازلىق ئېغىر بولۇپ، ئاسانلا جېدەل چىقاتتى. باچاق سايىدىكى چېلىشىش سورۇنىدا ئۈستۈن ئاتۇشلۇق بىر چېلىشچى بىلەن چېلىشتىم. ئۇ مەشھەدلىكلەر ئۈچۈن چېلىشىپ بىرنەچچە كېلىشكەن ئىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن خېلى ئۇزاق تۇتۇشۇپ، ئاخىر يانپاشقا ئېلىپ يىقىتتىم. مەشھەدلىك بىر بۆلۈك ئۇرۇشقاق كىشىلەر چىدىماي، ھۆرپىيىپ مېنى ئۇرغىلى كەلدى. بۇ سورۇندا تۇرغان ئاتۇش ھەربىي قىسمىنىڭ باشلىقى ئەسكەرلىرى ئارقىلىق جېدەل چىقارغۇچىلارنى توسۇپ، مېنى يېنىغا چاقىرتىپ، تەڭگە پۇلنى بېرىپ، تىنچ - ئامان قايتۇرۇۋەتتى.

2- قېتىم 1937- يىلى سىڭا قاش دېگەن ئورۇندا تۈزۈلگەن چېلىشىش سورۇنىدا ھاجى دېگەن كىشى بىلەن چېلىشىپ، ئۇنى يىقىتتىم. 3- قېتىم 1945 - يىلى سۇنتاغ يېزىسىنىڭ «بەستەگگەم»دە بولدى، بۇ يەردىكى چېلىشىشتا يۇرت ئىچىدىكى چېلىشچىلار بىلەن چېلىشىپ ئۇتۇپ چىقتىم. 4- قېتىم 1946- يىلى تۆركۆلنىڭ ئايىغىدىكى «سالاتلا»دىكى نورۇز بايرىمىدا، ھەر يۇرتتىن كەلگەن چېلىشچىلار بىلەن تۇتۇشۇپ، ئۇلارنىمۇ يىقىتتىم. جېدەل بولمىدى، مۇكاپات ئالدىم. 5- قېتىم 1947- يىلى تۆركۆللۈك موللا ئىسلام بېدىك دېگەن كىشى بىلەن تۇتۇشتۇم. راستىنى ئېيتسام، ئۇ كىشى بەك چاققان، كۈچتۈڭگۈر ئىدى، ئۇنىمۇ يىقىتتىم. 6- قېتىم سۇيدۇڭدە پاشا بەگھاجى ئىسىملىك بىر كىشى بىلەن چېلىشتىم. ئۇ مېنىڭ ئاتۇشتا

مەن ئۇرۇمچىدە ئوقۇش جەريانىدا ئىلغار ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئالغان تەسىراتىمنى بۇ ناھىيىدىكى كىشىلەر ئارىسىغا تارقىتىش ۋە خەلقنى ئويغىتىش ئىرادىسىگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسام، بۇ ناھىيىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى تولىمۇ ئارقىدا، شۇ ۋاقىتتىكى ئۇرۇمچىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئويغىنىش ۋەزىيىتىدىن قىلچە ئەسەر يوق ئىكەن. ئەمما، مەن روھسىزلانماستىن، سەنئەت شەكلىدىن پايدىلىنىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن سەنئەت گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ناھىيىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئىلغار ئىدىيىنى تەشۋىق قىلدىم. بىر مەزگىل ئۆتكەندە، يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى گۇمانلىنىپ، قەشقەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا مېنى چېقىشتۇردى. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن مەن «خەۋپلىك كىشى» بولدۇم. بۇ جەرياندا ئېغىر ئۆپكە كېسەللىكى بولۇپ قالغان ئىدىم. قەشقەر مائارىپ ئىدارىسى مېنى چاقىرتىپ كېلىپ، تەھدىت خاراكتېرلىك سۆزلەرنى قىلىپ، ئاتۇشقا تەقسىم قىلدى. ئاتۇشتىكى سەنئەتچىلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاتۇش سانائى نەفىسەدە ئىشلىدىم. 1940- يىللاردا ئاتۇش ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا قارايدىغان يەتتە تولۇق ئىپتىدائىي مەكتەپ بار بولۇپ، مەن بۇ مەكتەپلەرگە ھەر 15 كۈندە بىر نۆۋەت كېلىپ، ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلاردىن تەشكىللەنگەن مەكتەپ سەنئەت گۇرۇپپىسىنى قۇرۇپ چىقتىم.

بۇ چاغدا، 1940- يىللاردا چەت ئەلدە ۋە قەشقەردە ئوقۇپ، ئاتۇشتا سەنئەتنى راۋاجلاندۇرۇشقا تۆھپە قوشقان سەنئەتچىلەردىن ئەبەيدۇللا ھاجىيوپ، قۇربان ئىبراھىم، روزى مۇھەممەت، مىرەھمەت سىيىت، ئابلا ئىسمائىل، ياسىن سەيدىن... قاتارلىقلار بار ئىدى. شۇ دەۋردە ئالتىن ئاتۇش ئۇيغۇر ئۇيۇشما زالىدا «ئېغىر



ئابدۇكېرىم موللا ھەيران ھاجى 1940- يىل 12- ئاينىڭ 25- كۈنى شىڭ شىسەينىڭ ئاتۇشتىكى يەرلىك ھاكىمىيەت ئورۇنلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، 1944- يىل 6- ئاينىڭ 9- كۈنى ئېغىر كېسەللىك سەۋەبى بىلەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. ئابدۇكېرىم ئۆزىنىڭ ھايات خاتىرىسى ۋە تۈرمىدە ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنى بايان قىلغان قولۇمدىكى 205 بەت قولىيازما مىنگونىڭ 37- يىلى (1948- يىلى) 5- ئاينىڭ 10- كۈنى يېزىپ تاماملانغان. تۆۋەندە، ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مەخسۇس نام بىلەن تونۇشتۇرۇلدى.

## «مەھبۇس خاتىرىسى»

مەن تۇغۇلۇپ 13 ياشقىچە ئائىلە تەربىيىسى ۋە مەھەللىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇدۇم. 1933- يىلى قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنگە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۈچ يىل ئوقۇدۇم. 1936- يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنگە قوبۇل قىلىنىپ، ئوقۇش جەريانىدا ئىلغار ئىدىيىلىك ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تەربىيىلىشى بىلەن نەزەر دائىرەم كېڭىيىپ، ئىلغار ئىدىيىنى قوبۇل قىلدىم. ئوقۇشنى تاماملاپ قەشقەرگە كەلگەندىن كېيىن، قەشقەر مائارىپ ئىدارىسىنىڭ تەقسىماتى بويىچە مەكىت ناھىيىسىدىكى مەكتەپنىڭ 5- سىنىپىغا سىنىپ مۇدىرلىق خىزمىتىنى قىلدىم.

بولدى.

مەن 1940- يىل 12- ئاينىڭ 25- كۈنى تۇتقۇن قىلىنىپ، قەشقەرنىڭ ياۋاغ دەرۋازىسى تېشىدىكى «ئادەم يەيدىغان قۇشخانا»غا قامىلىپ، 1941- يىل 5- ئايغىچە سوراقسىز ياتتىم. شۇ يىلى 5- ئاينىڭ 21- كۈنى ئەتىگەندە گۇندىپاي مېنى سوراقخانىغا ئېلىپ چىقتى، بىر ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ «ئولتۇر!» دەپ ۋارقىرىدى. مەن ئولتۇرۇپ سوراقچىنىڭ شىرەسى ئاستىغا قارىسام، خامان كەبى دۆۋىلەنگەن 50 — 60 كىشىلىك كىشەن تۇرۇپتۇ. بىرئازدىن كېيىن ئىككى چېرىك سوراقخانىغا كىرىپ، پۇتۇمغا كىشەن سالدى. مەن «بىر يىلدىن بېرى مېنى سوراق قىلماي، ئەمدى كىشەن سېلىپ نەگە ئاپىرىدىغاندۇ؟!» دەپ ئويلىدىم. شۇ ھامان بېشىمغا چاپان يېپىپ، مېنى ئېلىپ ماڭدى- دە، بىر ئۆيگە قامىدى. قارىسام، بۇ ئۆيدە 3 — 4 مەھبۇسنى بىر - بىرىگە كەينىنى قىلدۇرۇپ تام تەرەپكە قارىتىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. مېنى ئېلىپ كىرگەن گۇندىپاي بىر - بىرىمىزگە قاراشقا، سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ چىقىپ كەتتى. بىر سائەتكە قالماي، يەنە 10چە مەھبۇسنى ئېلىپ كىردى. بۇ ئۆي توخۇنىڭ كاتىكىگە ئوخشايتتى. مەن دەرھال تۇرمىنىڭ «ئىنتىزامى»نى بۇزۇپ: «بۇرادەرلەر، بىر - بىرىمىزنىڭ دىدارىنى كۆرۈپ ئولتۇرايلى» دېدىم- دە، ھەممىمىز ئارقىمىزغا ئۆرۈلۈپ بىر - بىرىمىزگە قاراپ ئولتۇردۇق. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان گۇندىپاي تۇرمە باشلىقىنى باشلاپ كىردى. تۇرمە باشلىقى ئەھۋالنى كۆرۈپ، ھېچنېمە دېمەي چىقىپ كەتتى.

كەچقۇرۇن سائەت 6 ئەتراپىدا 21 مەھبۇسنى بىر - بىردىن يېتىلەپ چىقىپ، ئىككى ئاپتوموبىلغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئاپتومو-

كۆنلەردە»، «يېتىمنىڭ يېشى»، «سامساق ئاكام قاينايدۇ»، «غېرىب - سەنەم»، «تاھىر - زۆھرە» ناملىق سەھنە ئەسەرلىرىنى ئورۇندىغان.



بۇ، ئالتىن ئاتۇش ئۇيغۇر ئۇيۇشما سانائى نەفىسە ئارتىستلىرىنىڭ 1940- يىلى چۈشكەن كوللېكتىپ سۈرىتى. ئالدىنقى رەت ئوڭدىن بىرىنچى كىشى قۇربان ئىبراھىم، ئۈچىنچى كىشى مىرەھمەت سىيىت.

شىنجاڭغا ھەربىي ۋە مەمۇرىي جەھەتتىن خوجا بولۇۋالغان جاللات شېڭ شىسەي ۋە ئۇنىڭ قولچوماقلىرى ھەرقايسى مىللەت ئارىسىغا زىددىيەت سېلىپ، ئۇنىڭ سىياسىتىگە ئازغىنە نارازى بولغان كىشىلەرنى تۈرمىگە قاماپ يوق قىلدى؛ بەزى نوپۇزلۇق كىشىلەرنى ناھەق قاماشتىن سىرت، ئەھۋالنى بىلمىگەن خەلققە «بۇلار خائىن، شۇڭا خائىن دەپ تىللاڭلار» دەپ ئىغۋاگەرچىلىك قىلدى. دېھقانلار ئېغىر ئالۋان - ياساق دەستىدىن خانىۋەيران

پايپاق تونۇشنى بىر ئاي ئىچىدە ئۆگىنىۋالدىم...

8- ئاينىڭ 18- كۈنى ئەتىگەندە، تۈرمىگە قارايدىغان بىر چېرىك كىرىپ «ئابدۇكېرىم دېگەن قايسىڭ؟» دېدى. «مەن» دېسەم، بېشىمغا چاپاننى يۆگەپ ئېلىپ ماڭدى. بىرنەچچە ئەگرى-بۈگرى كوچىلاردىن مېڭىپ، بىر ئۆيگە كىردىم. ئىككى نەپەر قازاق سوراقچى دەپتەر - قەلەم تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. مەن ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار قىسقىچە ئەنكېتىمنى ئالدى. ئارقىدىن تۈگىمەس يوق سوئاللارنى سورىدى. بۇ، ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئايلاندۇرىدىغان، كىشىنى كولدۇرلىتىدىغان سوئاللار ئىدى. مەن ئىنكار قىلىش بىلەن جاۋاب بەردىم. سوئال - سوراق ئىككى كۈن داۋام قىلىپ، يەنە كامېرغا قايتۇرۇلدۇم. گۇندىپايلار كامېرنى 15 كۈندە بىر قېتىم ئاختۇراتتى. سوراق، ئاختۇرۇشلاردىن غەزەپلىنىپ يازغان تۆۋەندىكى نەزم ئىچىگە تۈرمىدە ئىشلىتىدىغان بىرنەچچە خەنزۇچە سۆزنى قوشۇپ قويدۇم.

دەردمەنلىكتە تىزىلغان نەزملەر

مەن غېرىب بىچارىنىڭ
ھالىمنى سورىماس ھېچ كىشى.
ئولتۇرۇپ زار يىغلىسام،
زارىمنى ئىشتمەس ھېچ كىشى.

ئاقۇقارا ھەم سىبىقلار،
بىر ئۆيدە ئون ئىككىمىز،
مېھىر- شەپقەت ئاقىۋەت،
بىر- بىرىگە قىلماس ھېچ كىشى.

بىلىنىڭ ئۈستىنى بىرىزىنت بىلەن چۈمكەپ ئېلىپ ماڭدى. ئاپتوموبىلنىڭ ئىچى دىمىق بولۇپ كەتتى، بىرقانچىمىز قەي قىلىپ ياندۇردۇق، ئاخىر بولالماي بىرىزىنتنى ئېلىۋەتتۇق. قارىساق، چۈمبۈستىن ئۆتۈپ، بەشتېرىق تەۋەسىدە كېتىپ بارغانكەنمىز. بىزنى ئېلىپ ماڭغان چېرىكلەر بىزگە كۆيۈنگەن بولۇپ: «ۋاي، بىزمۇ بىرىزىنتنى ئېلىۋەتمەكچى ئىدۇق، تونۇش - بىلىشلەر ئۇچرىسا، سۆزلەشمەي ئولتۇرۇڭلار. ئەمدى ئۈرۈمچىگىچە بارغۇچە بىرىزىنتنى ياپمايمىز» دېدى. ئاپتوموبىل بۇ جايدا بىرئاز توختىدى. ئارقىمىزدىن مەھبۇسلار ئولتۇرغان يەنە بىر ئاپتوموبىل كەلدى. مەن تونۇيدىغان كىشىلەردىن ئالتىن ئاتۇشلۇق ھەسەن مۇپتى ئاخۇنۇم، قەشقەر شەھىرىدىن سوپى بەگھاجى، قەشقەر شەھىرى ئۆستەڭ بويىلىق تېۋىپ يۈسۈپ ھاجى، ئوردا ئالدى ئەلچىخانىدىن ساۋۇت تولكە، ساقچى ئىدارىسىدە ئىشلەيدىغان مەن تونۇيدىغان بىرقانچىسى باركەن...

بىز شۇ ماڭغانچە 6- ئاينىڭ 10- كۈنى ئۈرۈمچىگە يېتىپ بېرىپ، شىڭ شىسەينىڭ قاتمۇقات تۈرمىلىرىگە سولاندۇق. مەن ياتقان كامېردا ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، رۇس، خەنزۇ، ئۆزبېكتىن ئىبارەت ھەرقايسى مىللەت كىشىلىرىدىن 12 مەھبۇس قامالغان ئىدى. بىز شۇ قامالغانچە ئىككى ئاي سوراقسىز ياتتۇق. بۇ كامېردىكى مەھبۇسلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئوخشاش ئەمەس ئىدى. بەزى مەھبۇسلارغا 15 — 20 كۈندە ئۆيلىرىدىن كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك كىرىپ تۇراتتى. بۇ ئۆيدە ياتقان مەندەك 5 — 6 مەھبۇسقا تاشقىرىدىن كىرىدىغان ھېچ نەرسە يوق ئىدى. تاشقىرىدىن كىرىدىغان كىيىم - كېچەك، تاماق قاتارلىق نەرسىلەرنى خەنزۇلار «سۇڭ دۇڭشى»، رۇسلار «پىردا- چى» دەيتتى. مەن كامېردىكى بىر نەپەر خەنزۇ مەھبۇستىن

ئادالەتنىڭ يوقلۇقىغا،
ئاھ، ئۇ دەپ كىچىك تىنىپ،
ئولتۇرغان ئۆز ئورنىدا،
جاندىن كەچكەن كۆپ كىشى.

ئەتىگەندە ئۇخلاپ ياتساق،
«پاڭ پوڭلى»[1] دەپ ھەيدەپ چىقار.
سىيە - سىيمەي ئولتۇرساق،
«كۆەي- كۆەي»[2] دەپ قاۋاپ تۇرار.

ئۆيلىگە قايتىپ كىرىپ
يۈزىمىزنى يۇيىمىز.
كىچىككىنە كاماردىن
نانلار بېرۇر ئالارمىز.

بېرۇر چاينى كۈتۈپ،
ئارىدا كۆپ ۋاخ ئۆتەر.
بارچە مەھبۇس دىققەت بولۇپ،
داستىخاننى يىغىپ ئېتۇر.

تۇيۇقسىزلا بىر كۈنى،
ئېلىپ چىقار كۆپ كىشىنى.
ئىككىدىن چېلەك بېرىپ،
توشۇتار «موپاڭ»[3] نى.

---

[1] پاڭ - پوڭلى — سىرتقا چىقىپ سەگىدەش.
[2] كۆەي - كۆەي — چاپسان بول.
[3] موپاڭ — ھاجەتخانا.

ئايدا- يىلدا ئۆيلىرىدىن كەلسە،
«سۈك دۈگشى» دەپ بىسات،
قولىغا ئالغان ئامان،
كۆزىدىن ئاقار يېشى.

ئۆيلىرىنى ياد قىلىپ،
كۆيگەن جىگەر باغرلىرى،
دەردىنى ئۆزى بىلۇر،
ئىزھار قىلماس ھېچ كىشى.

ساچ - ساقالى ئاقىرىپ،
رەڭگى ساماندەك سارغىيىپ،
تەندە قالماي قۇۋۋىتى،
كۆرمەس بولغان كۆپ كىشى.

ئۇشبۇ كۈنلەردە مەن،
بولسام ئىدى قەشقەر ئارا.
مېنى ھەم يوقلار ئىدى،
مېھرىبانىم جان ئانا.

غەمكىن بولۇپ ئولتۇرسىڭىز،
«گوتاگلى»[1] دەپ ئىلىپ چىقار.
ئۆتمىگەن ئىش ئۇستىدە،
قىلغان سەن دەپ كۆپ سىقار.

---

[1] گوتاك — سوراق.

باغنى «مەھبۇسلار دوختۇرخانىسى» قىلغان ئىكەن. مېنى مۇشۇ دوختۇرخانىغا ئەكېلىپ تاشلاپ قويدى. دوختۇرخانىدا سوۋېتتىن كەلگەن ئىككى دوختۇر، يەرلىكتىن ئىككى دوختۇر، بۇلارغا ياردەمچىلىك قىلىۋاتقان ئۈچ نەپەر شاگىرت دوختۇر باركەن. كېسەلخانىدا 120 نەپەر كېسەل مەھبۇس بولۇپ، ھەر كۈنى 3 — 4 نەپەر كىشىنى ئەكېتىپ، 3 — 4 نەپەر كېسەل مەھبۇسنى ئېلىپ كېلىدىكەن. بۇ يەرگە كېلىپ ئازغىنە ۋاقىتتىن كېيىن، يۈرەك كېسەللىكىم قايتا قوزغىلىپ قالدى. مەن دوختۇرلارغا شاگىرت بولۇپ قالغان ئىدىم، دورا ئىچتىم. تۈرمىدە ئۆگىنىۋالغان پايپاق توقۇش ھۈنىرىم ئەسقاتتى. دوختۇرخانا باشلىقى خەنزۇ كىشىگە ئىككى دانە پوپايكا توقۇپ بەردىم. ئۇ كىشى ماڭا بىر يىلغىچە سۈت بېرىپ داۋالىدى. 1944- يىل 2- ئاينىڭ 18- كۈنى دوختۇرخانىدىكى بازارغا نازارەت ئاستىدا چىقىشقا مۇيەسسەر بولدۇم- دە، دەرھال سۈرەتخانىغا بېرىپ سۈرەتكە چۈشتۈم. 1944- يىل 6- ئاينىڭ 9- كۈنى ئېغىر كېسەل سەۋەبىدىن مېنى مەھبۇسلۇقتىن ئازاد قىلىشتى.

مەن تۈرمىدىن چىقىپ، قۇتۇبى ناھىيىسىدىكى ئاكامنىڭ يېنىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ ئۈرۈمچىگە كەلسەم، تۈرمىدىن چىققانلارنى يىغىپ ئۆز يۇرتىغا يولغا سېلىۋاتقان ئىكەن، مېنىمۇ يولغا سالدى. 1945- يىل 4- ئاينىڭ 20- كۈنى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت قورۇسىغا چۈشتۇق. مېنى قەشقەر دورىخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. دورىخانىدا بىر يىل ئىشلىدىم. تۈرمىدە ئېغىر يۈرەك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولۇپ چىققان بولساممۇ، 1948- يىل 5- ئاينىڭ 10- كۈنى بۇ خاتىرىنى يېزىپ تۈگەتتىم.

بەك ئېغىر ئەمگەك قىلىپ،
ئاغرىپ قالسا بىر كىشى.
سۆزلىرىنى ئاڭلىماي،
سۆرەپ چىقىپ سېلىشلىرى.

بەرگىنى كۆچسىز تاماق،
تەنگە قىلمايدۇ قۇۋۋەت.
ئارام ئېلىش دېگەن يوق،
ئون ئىككى سائەتتۇر خىزمەت.

هېچبىر تۈگىمەس ئىشلىرى،
بېرىپ تۇرغان ئازارلىرى.
بۇ زۇلۇملەر دەردىدە،
ئېزىلگۈچى كۆپلەپ كىشى.

بۇ زالىم زۇلمىنى ئويلاپ،
ئابدۇكېرىم كۆپ يىغلىما.
سەۋر قىلىپ ئولتۇرساڭ،
نىجاتلىق بېرۇر ئاللا.

مانا شۇنداق ئېغىر تۈرمە هاياتىدا پايپاق، پەلەي، پوپايكا، يۇڭ ئىشتانلارنى توقۇشنى ئۆگىنىپ چىقتىم. 1941- يىل 11- ئاينىڭ 21- كۈنى مېنى تۈرمە نازارەتچىسىنىڭ چىرىكى تۈرمىدىن ئېلىپ چىقىپ، تۆت چاقلىق هارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ، ئۈرۈمچى شىخابادىكى روزى هاجىمنىڭ بېغىغا ئېلىپ كەلدى. بۇ

ئۆتكۈزىدىغان كىشىلەر بولغان. ئاتۇشنىڭ ھەرقايسى يېزىلىرىدا ئاياللار كىشىلەرنىڭ كەڭرەك ھويلىسىغا ياكى دەرەخ سايىسىغا يىغىلىپ چاق ئېگىرىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

چاق ئېگىرىدىغان ئايال ۋە چوكانلار قولى ھارغاندا ئىشنى توختىتىپ ئارام ئالغۇچە، ئۆزئارا چاقچاق ئارىلاش گەپ قىلىپ، قوشاق قېتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلىشقان. تۆۋەندە، مەن چاقچى ئايال ۋە چوكانلارنىڭ بىر - بىرىگە قارىتىپ ئوقۇغان بېيىت - قوشاقلىرىدىن بىرقانچە كۆپلېت مىسال كەلتۈرىمەن.

ئېگىز - ئېگىز تاغلاردىن سىيرىلدىم پەسكە،
قىزىلگۈلنىڭ غۇنچىسىدەك ئېگىلدىم سىزگە.
بىلەمسىزكىن - بىلمەمسىزكىن خۇشتارمەن سىزگە،
خۇشتارلىقتا ئۆلۈپ كەتسەم ئۇۋالىم سىزگە.
ئاي ئالدىمدا، كۈن كەينىمدە، ھەسرەت ئىچىمدە،
چىقماس ئوتقا سالدىڭ مېنى، دەردىم ئىچىمدە.
تام توپىسىدە ئولتۇرادۇر قۇرغۇيدەك بىر يىگىت،
سۇ دېسەم شېكەر بەردى شېكىرى تاتلىق يىگىت.
شېكەردە گۈل تەردىم، بىرنى ئۈزمەي ساقلىدىم،
ئەقلى بولسا بىر كېلەدۇر، ئۈمىدىمنى ئۈزمىدىم.
ئۇلۇغ- ئۇلۇغ سۇلار كەلدى كۆۋرۈك سېلىڭلار،
قىزىل- قىزىل ئالما كەلدى تۇتۇۋېلىڭلار.
تىكەندەك بىر جانىمنى پاتقۇزمىدىڭلار،
ئوتتۇراڭلىدىن چىقىپ كېتەي، قاراپ قېلىڭلار.

ئۆستەڭ بويىدا ئەمەن،
يارىمغا نېمە دەمەن.

## 22. ئاتۇشتىكى چاق ئېگىرىدىغان چوكانلارنىڭ بېيىت - قوشاقلىرى

«ئاتۇش سەيلىسى» ناملىق تېلېۋىزىيە فىلىمىدە بىرقانچە ئاتلىق كىشى ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىدىن «دوست خېنىم»نى توۋلاپ كېلىۋاتقان، ئۆستەڭ بويىدا بىرقانچە ئايال ۋە چوكانلارنىڭ چاق ئېگىرىۋاتقان كۆرۈنۈشى سۈرەتكە ئېلىنغان. تۆۋەندە، چاق ئېگىرىدىغان ئايال ۋە چوكانلار ئۈستىدە توختىلىمەن.

ئۆتمۈش جەمئىيەتتە، قەشقەر ۋە ئاتۇشتا سېتىلىدىغان ماللار ئىچىدىكى چەت ئەل گەزماللىرىنى بايلار، ئەمەلدارلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى سېتىۋېلىپ كىيەتتى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ سېتىۋېلىپ كىيىشكە قۇربى يەتمەيتتى. قەشقەر ۋە ئاتۇش رايوندا توقۇمىچىلىق فابرىكىلىرى يوق بولۇپ، يەرلىك مىللىي سانائەتتە قول، پۇت بىلەن ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئاددىي توقۇش ئۈسكۈنىلىرىگە تايىنىپ چەكمەن، ماتا، سەگەز، شاتىۋا، كاتەكچە ۋە ئاق ماتاغا گۈل بېسىپ قىلىنىدىغان تۈرلۈك رەڭدىكى يىپ ماللار بازاردا سېتىلاتتى. بۇلارنىڭ باھاسى ھەر خىل بولغاچقا، ئوتتۇراھال كىشىلەر ۋە يۇرت بەگلىرى چەكمەن رەختنى سېتىۋېلىپ كىيەتتى. كەمبەغەللەر ئەرزانراق خام رەختلەرنى، ئاياللار شاتىۋانى سېتىۋېلىپ كىيىم - كېچەك تىكىپ كىيەتتى. بۇ ھەقتە ئاتۇش ئارغۇ يېزىسىدىكى توقۇش ئۇستىلىرى ئارىسىدا «بەگكە چەكمەن، پۇقراغا خام توقۇيمىز» دېگەن تەمسىل تارقالغان. دېمەك، ھەر خىل رەختلەرنىڭ ئايرىم خېرىدارى بولغان. بۇ خىل رەختلەر يېپتىن توقۇلغاچقا، ئاتۇش رايوندا ھەر يىلى چاق ئېگىرىپ، يىپنى بازارغا ئاپىرىپ ھۈنەرۋەنلەرگە سېتىپ كۈن

ئانار گۈلدەك يارىم،
قىزىلگۈلدەك يارىم.
ئىككىلەڭ قىزىلگۈلدەك،
قايسىڭدىن كېچەي يارىم.

چىقىۋاللا تېرەككە،
ئوتنى ساللا يۈرەككە.
شېرىن جان ئۇنىمايدۇ،
سىزدىن باشقا ـ بۆلەككە.

ئاينى ئەۋەتتىم، كۈننى ئەۋەتتىم،
مېھرىبان يارىم ساڭا.
ئايمۇياندى، كۈنمۇ ياندى،
گەپ ـ سۆزۈڭ يوقمۇ ماڭا.

كاتتا يايلاق يولى چۆللۈك،
ئىچسەم سۇلىرى سۆللۈك.
ئەجەبمۇ ئۆز ياراشىپتۇ،
قايتۇرما سېرىق گۈللۈك.

چاقچى ئايال ۋە چوكانلارنىڭ بېيىت ـ قوشاقلىرىدا قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەن. بىر قوشاقنىڭ «يۈرىكىم جىغىلدايدۇ ئىلىغا كېتەرمىكىن دەپ» دېگەن ئاخىرقى مىسراسىدا، ئاتۇشلۇق ئەرلەر تىجارەت يۈزىسىدىن ئىلىغا كەتسە، ئاياللىرى ئۇلارنى سېغىنىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. ئاتۇشتا ئۆز

ئاغزىڭ نېمە قان دېسە،
بۇرنۇم قانىغان دەمەن.

قوغۇن تېرىسام ئوخشاپتۇ،
چوڭ يولغا پىلەك تاشلاپ.
يۈرىكىمنى يەپ كەتتىڭ،
ئوڭ دولاڭغا كۆز تاشلاپ.

ئارقىدا ئۆيۈڭ بولسا،
موراڭنى تېپىپ ئۆتسەم.
بەش بالاڭنى دېمىسەم،
ئۆيۈڭنى بۇزۇۋەتسەم.

ئېگىز ئاشخاناڭ بولسا،
سارايىڭنىڭ نېمەسى بار.
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۈم،
خەقلەرنىڭ نېمەشى بار.

قاشلىق ئەتمىسەڭ يارىم،
قاشىڭدىكى يەتمەمدۇ.
ئاشنا تۇتمىساڭ يارىم،
ساڭا بىرسى يەتمەمدۇ.

ئالما بەردىم، يارىم ئامراق بولارمىكىن دەپ،
بېھى بەردىم، يارىم بېرى كېلەرمىكىن دەپ.
ئالما سوغۇق، بېھى ئىسسىق مۆتىدىل بولار،
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ ئىلىغا كېتەرمىكىن دەپ.

# ئاخىرقى سۆز

1. «ئاتۇش» ناملىق بۇ ئەسەرنى يېزىشتا، تارىخىي ماتېرىياللارغا تايىنىش بىلەن بىرگە، ئاتۇشتىكى تارىخىي ئىزلار ۋە بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەرنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئەمەلىيەتكە بىرقەدەر ئۇيغۇن مەلۇماتلارنى ئاساس قىلدىم.

2. ئاتۇشتا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەردىن باشقا ئاپتورلار تونۇشتۇرغان، مەسىلەن چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قەشقەردىكى ئامباللىق مەھكىمە شەرئىيدە خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللانغان نەزەر موللا ھاجى ئىبنى توختى ئارتۇچى، موللا سادىر ئىبنى نادىرھاجى ئارتۇچى، جابىر شاھ ئىبنى خەلىلۇللا ئارتۇچى[1]، مەھمۇد ھېكىمبەگ، ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوپلار، ئابدۇقادىر داموللام، مەتپىلى ئەپەندى، زەينىل ئابىددىن مەۋلەۋى... قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنى تەكرار يېزىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق دەپ قارىدىم.

مۇشۇ پەيتتە، ھايات مۇساپەمنى، بولۇپمۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئۆيۈم ئاختۇرۇلۇپ، نۇرغۇن كىتابلىرىمنى ئاچىقىپ كېتىپ، بىھۇدە قارىلانغانلىقىمنى ئەسلەپ، شەيخ سەئىدىنىڭ تۆۋەندىكى نەزمى بىلەن كىتابنى تاماملاشنى لايىق كۆردۈم.

ياخشى ئادەم كۆرسە پەسكەشتىن ئەلەم،
تا[illegible] قىلمىسۇن[illegible] ھەسرىتى،

ۋاقتىدا بىرەر ئەركىشى ئۆي ئىگىسىنى ئىزدەپ بارسا، ئۇ ئائىلىدىكىلەر: «تاغاقىسىغا (تاغ ئارقىسىغا) كەتتى» دەپ جاۋاب بېرەتتى. بۇ، «ئىلىغا كەتتى» ياكى «باشقا يۇرتلارغا كەتتى» دېگەنلىك.



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983- يىل نەشرى.
13. «ھۇدۇدۇل ئالەم» (ئاپتورى نامەلۇم، تۈزگۈچى ئابلەت نۇردۇن قۇربغار)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003- يىل نەشرى.
14. سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (1)، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990- يىل نەشرى.
15. ئىبراھىم ئىمىن: «ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ بۆشۈكى ئۈستۈن ئاتۇش»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003- يىل نەشرى.
16. غولام ئۆمەر: «باياۋاندىكى گۈلخان» 1- قىسىم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003- يىل نەشرى.
17. «ئەختەرى كەبىر»، 1914- يىلى قازاندا نەشر قىلىنغان تۈركچە ۋە ئەرەبچە لۇغەت.
18. قۇربان ئەلى ھاجى خالىد: «تارىخى خەمسە شەرقى» (شەرقنىڭ بەش تارىخى) 1903- يىل قازان نەشرى.
19. ئىيسا غوجا: «ئۆۋەيسىلەر تەزكىرىسى» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى) 1902- يىل تاشكەنت نەشرى.
20. «تەزكىرەئى بۇغراخان» (پارس تىلىدىن موللا قاسىم نەزمىي ۋە نەسرىي شەكىلدە 1829- يىلى يېزىپ چىققان).
21. ئىمىرھۇسەيىن قازىھاجىم: «تارىخى ئەسەر ۋاقىئەئى كاشغەر» (1954- يىلى تاماملىغان قولىيازما).
22. «سىراجىل ئالەم» (ئالەمنىڭ چىرىغى)، ئاپتورى نامەلۇم تەزكىرە.
23. «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى 1993- يىل 3- سان.

# پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار

1. مەھمۇد قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-، 2-، 3-توم. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1984- يىل نەشرى.
2. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984- يىل نەشرى.
3. رىشاد گەنج: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990- يىل نەشرى.
4. لى جىنشىن: «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003- يىل نەشرى.
5. خۇا تاۋ: «VIII—X ئەسىرلەردىكى غەربىي يۇرت تارىخى ھەققىدە تەتقىقات»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2003- يىل نەشرى.
6. ۋېي لياڭتاۋ: «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2000- يىل نەشرى.
7. جامال قارشى: «مەلھەقەتۇ سۇرراھ» (سۇرراھ لۇغىتىگە تولۇقلىما — خۇاتاۋ تەرجىمىسى).
8. «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1991- يىل نەشرى.
9. موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986- يىل نەشرى.
10. موللا مىرسالىھ كاشىغەرى: «چىڭگىزنامە»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1986- يىل نەشرى.
11. موللا ھاجى: «بۇغراخانلار تەزكىرىسى» (ئابدۇرېھىم سابىت نەشرگە تەييارلىغان)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 1988- يىل نەشرى.
12. ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»،

这部书分二部。第一部描述阿图什地区各地名称和在阿图什发生的主要事件；第二部描述生活在喀什和阿图什地区有些著名人士等。

مەسئۇل مۇھەررىرى: غولام ئەبەيدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: بەختىيار جەسۇر

# ئاتۇش
# (1)

ئاپتورى: ئابدۇرېھىم ھاشىم مەشھەدى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ، پوچتا نومۇر:844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
ئۈرۈمچى ئالتۇن يارۇق باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 م م 1/32
باسما تاۋىقى: 8 قىستۇرما ۋارىقى: 4
2005 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى: 5080 — 1

ISBN7—5373—1368—7
باھاسى: 14.00 يۈەن

قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ نەسەبنامىسى (ۋېي لياڭتاۋنىڭ. «قاراخانىيلار تارىخىدىن بايان» غا ئاساسلىنىلدى)




لى جىنشىن: «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003- يىل نەشرى 40- بەت.

## قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ نەسەبنامىسى («قەشقەر ئەدەبىياتى» 2003- يىل 2- ساندا ھاجى مىرزاھىت كېرىمى ئېلان قىلغان)



مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئىلشات تۇرسۇن




2

ISBN 7-5373-1368-7
9 787537 313681 >

ISBN 7—5373—1368—7
(民文) 定价: 14.00元